غەيرەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[illegible]



ISBN 7-228-08166-8
（民文）定价：16.80 元

ISBN 7-228-08166-8
9 787228 081660 >

غەيرەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔文化历史论说/海热提江·乌斯曼著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.7

ISBN 7—228—08166—8

Ⅰ.维… Ⅱ.海… Ⅲ. ①维吾尔族—民族文化—维吾尔语（中国少数民族语言）② 维吾尔族 — 民族历史 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 058148 号

责任编辑:**穆合塔尔·马木提**
责任校对:**阿孜古丽·克里木**

**维 吾 尔 文 化 历 史 论 说**

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编:830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.5 印张
2003 年 7 月第 1 版 2003 年 7 月第 1 次印刷
印数:1 — 2000

ISBN7 — 228 — 08166 — 8
定价：16.80 元

# كىرىش سۆز

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» ناملىق بۇ كىتاب جەمئىي ئۈچ قىسىم بولۇپ، بۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، تارىخىي ناملىرى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئالاھىدىلىكى، نادىر مەدەنىيەت يالداملىرى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىللىرىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر؛ مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان ئاتا ـ بالا ئەدىبلىرى ۋە ئالىملار قوشۇنى، فولكلور مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادى ساھەسىدىكى شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى؛ كەمەك ھەييار ئوبرازى، مەدەنىيەت بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مۇناسىۋىتى، چىمەن دوپپا ھەم بوۋا ـ مومىلار بىلەن نەۋرىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر قاتار تېمىلار بويىچە يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزىلەر، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆزگىچە قاراشلار، ئىنچىكە ئىزدىنىشلەر ئوقۇرمەنلەرگە ئەجدادلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدىكى چىنلىق ئالامەتلىرىنى، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەرنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئىلمىي، پاكىتلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇلارغا قەدىر ـ قىممەت، ئادىمىيلىك تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك توغرىسىدا بېشارەتلەر بېرىدۇ.

**1990 ـ يىلى 9 ـ ئاي، بىرىنچى قېتىم**
**2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتا يېزىلدى**

# تەھرىردىن

غەيرەتجان ئوسمان 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى.

غەيرەتجان 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «دىنشۇناسلىق» (شىنجاڭ دىن تارىخى)، 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، «خەلق مەدەنىيەتشۇناسلىقى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيە تارىخى»، «جۇڭگو مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى.

غەيرەتجاننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابى 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر دەرسلىكى قىلىندى. بۇ كىتاب 1996 - يىلى ئىككى قىسىملىق قىلىپ بېسىلىپ، مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكى قىلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا مەملىكەت دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى تۈزگەن تۇنجى ئاپتور بولۇپ قالدى. 2001 - يىلى قايتا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە يېزىلغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككى توم) 2002 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يەنە «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» ناملىق ئەسىرى 2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

غەيرەتجان بىرلىكتە تۈزگەن «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى)، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» (بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى [شۆيۈەن] نەشرىياتى 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1992 - يىلى ۋە 1995 - يىللىرى نەشرى) ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىلى خەنزۇچە بىر توملۇق نەشرى، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» تۆت توملۇق (لەنجۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى ئۇچۇن قەلەم تەۋرەتتى.

توپلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 - قىسىم) ناملىق كىتابى 1998 - يىلى، ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن «ئۇلۇغ شائىر نەۋائى ھەققىدە» ناملىق كىتاب 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

غەيرەتجان ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى، تارىخى مەدەنىيىتى، قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق ساھەلەردە بەلگىلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان، ئۇ ھازىرغىچە بۇ ھەقتە 150 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ئون پارچىغا يېقىن ماقالىسى خەنزۇچە نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۈچ پارچە ماقالىسى چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ماقالىلىرى جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ساھەدە ئىزدىنىشى ۋە ئىزدىنىشىگە ئىلھام بېغىشلىدى ھەم كەڭ پايدىلىنىش ئۈچۈن ماتېرىياللىق رولىنى ئوينىدى.

غەيرەتجان 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈر قىلىپ تاللىغان ۋە مەبلەغ ئاجراتقان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى»، 1993 - 1995 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ تاللىغان ھەم مەبلەغ ئاجراتقان «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەرنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۈر قىلىپ تاللىغان ۋە مەبلەغ ئاجراتقان «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق تەتقىقات تېمىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 1999 - يىلى تاماملىدى. يەنە بىرقانچە تەتقىقات

تېمىسىنى كوللېكتىپ ئىشلەپ تاماملىدى.

غـەيـرەتـجاننىڭ بەش پارچە ماقالىسى، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، شىنجاڭ ئـۇيـغـۇر ئـاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنـالـلار نـەشرىياتى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن ياخشى ئەسەر بولۇپ باھالاندى.

# مۇندەرىجە


## بىرىنچى قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئىزدىنىشلەر ...... 1

1. مەركىزىي ئاسىيادا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بار، دېگەن قاراشلار ...... 1
2. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... 11
3. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ناملىرى ...... 58

## ئىككىنچى قىسىم قەدىمكى مەدەنىيەتكە ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئىزدىنىشلەر ...... 83

1. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... 83
2. «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» نى تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدە ...... 102
3. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 122
4. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى — شىنجاڭ ...... 149
5. شىنجاڭنىڭ ئالتۇنى ۋە ئالتۇنچىلىقى ...... 166

6. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ........................ 179
7. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئالىملار ۋە ئەدىبلەر ........................................................ 265
8. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرى توغرىسىدا ........................................................................ 289
9. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى .......... 304

## ئۈچىنچى قىسىم فولكلورغا دائىر ئىزدىنىشلەر

........................................................................ 341
1. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى ........................ 341
2. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ................................................ 349
3. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ ـ ئادەت» توغرىسىدا ................................................ 359
4. چىمەنگۇل ۋە چىمەن دوپپا ................................ 369
5. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بوۋا ـ مومىلارنىڭ نەۋرە تەربىيىلەشتىكى رولى ........................................................ 378
پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ........................ 398
قوشۇمچە: ئاپتورنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچى ........................................ 403

# بىرىنچى قىسىم
# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئىزدىنىشلەر

## 1. مەركىزىي ئاسىيادا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بار، دېگەن قاراشلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى

مەركىزىي ئاسىيا — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى.

يېقىنقى زامان ئىلىم - پەن ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، بەزى ئالىملار كۆپ تەرەپلىمە ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە، مەركىزىي ئاسىيا (ياكى كەڭرەك مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا) نى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەلىرىدىن بىرى، دەپ قاراۋاتىدۇ. [1]

ئامېرىكىلىق پالېئونتولوگ رىدىر (Rydir) ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا (ياكى مەركىزىي ئاسىيا) ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر پالېئونتولوگ ماسېۋ (Masev) 1911 - يىلى «ھاۋا كىلىمات ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىش» دېگەن تېمىدىكى بىر قېتىملىق نۇتقىدا خىلمۇخىل ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىزلىكىنىڭ ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى ئىكەنلىكىنى

تەكتلىدى. بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. كېيىن بۇ تەشەببۇسنى قوللىغۇچىلار ئۇزۇلمىدى. مەسىلەن، گرېگورىي (Gregoriy)، بلاك (Blak)، ئوسبورۇن (Osborun) قاتارلىقلار. 1927 - يىلى جۇڭگودا «بېيجىڭ ئادىمى» تېپىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى دېگەن كۆزقاراش بىر مەزگىل تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1930 - يىللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، موڭغۇلىيە چۆللۈكىگە ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ ماددىي ئىسپاتى — ئادەم سۆڭەكلىرىنى تېپىشقا ئەۋەتىلدى.

ف. ئېنگېلس خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانلار پەيدا بولغان جاي دېگەن قاراشقا قوشۇلغان. ئۇ بۇ قارىشىنى ئارىئانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلغان. ئۇ 1884 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، پول لافارگقا يازغان خېتىدە: «مەن بەزىلەرنىڭ ئارىئانلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەس، ياۋروپادا پەيدا بولغان دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلاۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان. چۈنكى، ئۇلار ئارىئان تىلىنى فىنلان تىلىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىرچە بۇ ئىككى تىلنىڭ ھەرقانداق ئوخشاشلىق جايىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىلى بولمايدۇ» [2] دېگەن. ئۇ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە ئارىئانلارنىڭ ئەسلىدە ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ۋە ياكسارت (سىر) دەريالىرى بويلىرىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدىمۇ ئورتاق سادالار ئاڭلىنىدۇ. مەسىلەن، ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ • ئى • ئاۋدىيېۋ (W • I • Avdiyiv) ئۆزىنىڭ «قەدىمكى شەرق تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسان ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئوچاقلىرى بولغانلىقىنى ئىنقىلاپ بەردى» [3] دەپ يازغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئېلىمىز ئالىملىرى ئىچىدە شىنجاڭنىڭ كونا

تاش قورال دەۋرىدە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، فاڭ يىڭجې ( 方英楷 ) ئەپەندى «شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ تارىخى 50 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان»[4] دېسە، فېي ۋېنجۇڭ ( 裴文中 ) ئەپەندى «جۇڭگونىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەزگىلى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدا «ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ھەم شىنجاڭ رايونىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرلىرىگە ئۆتۈش بولغان. تۇچ قوراللار دەۋرىگىچە ئىنسانلار داۋاملىق پائالىيەت قىلىپ تۇرغان» دەيدۇ[5]. جيا لەنپو ( 贾兰坡 ) شىنجاڭ رايونىنىڭ 4 ـ دەۋر گېئولوگىيىسى ۋە مۇزلۇقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «شىنجاڭ رايونىدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلىنىشى ياكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بايقىلىشى مۇمكىنچىلىكى بارمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە بار دەپ قارايمەن. ئۇلار مەيلى شەرق، مەيلى غەربتە بولسۇن ھەممىسىدە بايقىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىزاھلىماقچى بولساق قىيىنچىلىق تارتمايمىز»[6] دەيدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان ۋاڭ بىڭخۇا ( 王炳华 ) ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان دەۋرى، كونا تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بولغان. يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بەزى جايلاردىن كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرىنى بايقىدى.»[7]

يېقىندا نەن شياڭخۇڭ، ليۇ ۋېي قاتارلىقلار «تارىخىمىزنى يوقىتىۋېتەمدۇق» دېگەن ماقالىسىدا «بىر ئىنسانشۇناس ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ شىنجاڭدا — تارىم ئويمانلىقىدا، دەپ ھۆكۈم قىلغان، بەلكى قەدىمكى تارىم دەرياسى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن جاي بولۇشى مۇمكىن»[8] دەپ يازدى. ئۇلارنىڭ «بىر ئىنسانشۇناس» دېگىنى ئامېرىكىلىق ئالىم ل • خ • مورگاندۇر.

غەرب ئالىملىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى دەپ قارىغۇچىلار، ئافرىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇنداق بىرقانچە تەرىپىگە ئەڭ ئەھمىيەت بەردى. بىرىنچى، ئافرىقىدا تاشقى

مۇھىتنىڭ تەسىرى كەمچىل. ئاسىيادا بولسا مۇنداق تەسىرى بار: يەنى ھىمالايا تېغىنىڭ چوقچىيىپ تۇرۇشى تۇپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئېگىزلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ئويمان جايلارنىڭكىگە قارىغاندا قىيىن. ھايۋانلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەسىرگە ئۇچراشتىن ھاسىل بولغان ئەكس تەسىرنىڭ پايدىسى ئەڭ كۆپ. تاشقى مۇھىتنىڭ مۇنداق تەسىرى ئىنسانلارنىڭ تەشكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۆملىگۈچى (سۈت ئەمگۈچى) ھايۋانلارنىڭ يۆتكىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ھەمىشە ئەڭ تەرەققىي قىلالىغان تۈرلەر چەتكە قېقىلىپ، تارقىلىش مەركىزىدىن سىرتقى يىراق جايلارغا چىقىپ كېتىدۇ، ئەڭ كۈچلۈك تۈرلەر بولسا بارلىققا كېلىش مەنبەسى ئەتراپىدا قېلىپ داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆز يۇرتىدىن بىرقەدەر يىراق بولغان رايونلاردىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تېپىلغان بىردىنبىر ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى بۇ پەرەزگە دەل ماس كەلدى.

ئىرقى جۇغراپىيە ئالىملىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مەنبەسى، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەسلىدە ئاسىيا قارمىقىدىكى ئۈچ يېرىم ئارال دەپ قارايدۇ. خەرىتىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىرقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەرقايسى يۆنىلىشكە قاراپ تارقىلىشى ناھايىتى ئوخشۇشلۇق. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ مەركىزى قىلىپ، تۆت ئەتراپقا قاتلاممۇ قاتلام تەدرىجىي كېڭەيگەندە، بۇ بىر نەچچە قىتئەگە تارقىلىپ بارىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى دېگەننى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە كونكرېت ئورۇن مەسىلىسىدە يەنە ھەرقايسى ئالىملارنىڭ دېگىنىدە بەزى پەرقلەر بار. مەسىلەن، ئوسبورون موڭغۇلىيە بىلەن شىزاڭنى ئىنسانلار بارلىققا كېلىشىنىڭ مەنبەسى دەپ ھېسابلىدى. گېرىگورىي موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنى ئىنسانلار بارلىققا كېلىشنىڭ مەنبەسى، دەپ ھېسابلىدى. جۇڭگونىڭ ئانتروپولوگىيە ئالىمى

لىۇ شيەن بولسا شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنى ئىنسانلار بارلىققا كېلىشنىڭ مەنبەسى، دەپ ھېسابلىدى.

يېقىنقى تەشەببۇستىن باشقا بەزىلەر يەنە شىمالىي ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. 1889 - يىلى بەزىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئېسكىموسلار شىمالدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىرق دېگەنگە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ ھەرقايىسى ئىپتىدائىي قەبىلىلىرى شىمالدا بارلىققا كەلگەن، كېيىن شىمالدىكى چوڭ مۇز دەۋرىنىڭ قاتتىق قىسىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن شىمالىي ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرقايىسى تەرەپلەرگە، بولۇپمۇ جەنۇب تەرەپكە كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، بۇ قىياس ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق قۇۋۋەتلەنمىدى. [9]

بۇ قىياسقا تولۇقلىما بولىدىغان مۇنداق بىر پاكىتنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

يېقىندا، رۇسىيىلىك ئارخېئولوگ مۇچانوف (Moqanof) بىلەن ئۇنىڭ ئايالى سۋېتلانا (Sivitlana) «ئوتتۇرا ئاسىيا»غا يېقىن بولغان سىبىرىيىنىڭ ئىركوتىسكىي شەھىرى ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىككى مىليون يىل ئىلگىرىكى تاش قورالنى تاپقان ھەم «بۇ تاش قوراللار ئاز دېگەندىمۇ ئافرىقىدا بايقالغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن قوراللىرى بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە» دەپ يەكۈن چىقارغان. ئامېرىكا ئورگېن شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى لوپ بانچىسىن (Lop Banqisin) «بۇ يېڭىلىقلارنىڭ بايقىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە بىر قىسىم يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. [10]

ئىنسانىيەت پەيدا بولغان مەنبە توغرىسىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ ھەر خىل بولۇشى نورمال ئەھۋال. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بارلىق ئىنسانلار بىر مەنبەدىن (بىر ماكاندىن) كېلىپ چىققان دېيىش ئۇچۇن داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك

پاكىستانلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇ يەنىلا قېتىپ قالغان ئىلىملىك ئەمەس.

ئۇنداق بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايسى رايوندا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى بولغان؟ بىزنىڭچە پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقى، تارىم ۋادىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاپىرىدە بولغان ماكانلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى مىسالنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىرى، ئۆزبېكىستاندىكى سۇرخان دەرياسى بويىدىكى بايسۇن تاغ (گىسسار تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى) غا يېقىن تېشىكتاش (كېسەك تاش) ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى نېئاندېرتال [11] ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى. بۇنى 1938 - يىلى ئا • پ • ئوكلاندىنكوپ (A • P • Oklandinkop) بايقىغان. يەنە بىرى، «ئاتۇش ئادىمى». بۇ 1981 - يىلى ۋە 1983 - يىللىرى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى تۆپىلىكتىن تېپىلغان. بۇ ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان E75°05′، شىمالىي پاراللېل N39°44′ — 45′ غا توغرا كېلىدۇ. [12]شۇ نەرسىنى كىشىلەر ناھايىتى ئېنىق بىلدۈكى، ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتلىرىنىڭ تارىخنى يورۇتۇشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇ كىشىلەرگە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە دائىر ئىزلار، تاش قوراللار، گۈلخان ئىزلىرى، ھايۋان سۆڭەكلىرى ۋە باشقا يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇلارمۇ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىپتىدائىي ئالامەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يازما تارىختىن ئاۋۋالقى كونا تاش قورال دەۋرىدىن بىرونزا دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان خارابىلىرى تېپىلدى.

ئالدى بىلەن بىز شىنجاڭ رايونىدىكى كونا تاش قورال دەۋرى ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ رايوندا ھازىرغىچە بىرقانچە جايدىن كونا تاش قورال ئىزى دەپ قارىلىۋاتقان ئىز بايقالدى. [13]

بىرىنچى، «ئاتۇش ئادىمى» قەدىمكى ئىزى.

ئىككىنچى، تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 34 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىرغال قەدىمكى ئىزى. بۇ يەردىن بىرقانچە تاش قورال تېپىلدى.

ئۈچىنچى، خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قايىنداق دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىدا كېيىنكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ 3 ـ باسقۇچىغا تەئەللۇق يەر يۈزىدىن تېپىلغان ئالتە دانە سۇپىتى ئۆزگەرگەن قۇم تاش ۋە چوقۇپ ياسالغان تاش بازغان، تاش ياپراق ۋە تاش قورال.[14]

تۆتىنچى، لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 3 ـ دەرىجىلىك كەلكۈن لاتقىسىدىن تېپىلغان چوقۇپ ياسالغان بىر دانە قۇم تاش بىلەن بىر دانە ياپراق تاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەكتى قارا قوڭۇر ۋە بوز رەڭ ئاندېزىتتىن ئىبارەت.

بەشىنچى، نىيا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا نىيا دەرياسىنىڭ ئىككى ئاساسىي مەنبەسى قوشۇلغان جاينىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناغراخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇرۇق دەريا بويىدىكى 3 ـ دەرىجىلىك كەلكۈن لاتقىسىدىن تېپىلغان قارا ۋە كۆلرەڭ چېقىر تاشتىن چوقۇپ ياسالغان ياپراق[15]. بۇ ئورۇنلاردىكى نۇقتا كونا تاش قورال دەۋرى بولۇشى ياكى كونا تاش قورال مەدەنىيىتى بولۇشى كېرەك[16]. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئويمانلىقى يارغۇل قەدىمكى شەھەر جىلغىسىنىڭ غەربىدىكى تەكشىلىكتىن كونا تاش قورال ئەۋرىشكىلىرى بايقالدى.[17]

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلىكىگە تەئەللۇق بولغان رايونلاردىمۇ كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بىرقانچە قەدىمكى ئىزلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى 1938 ـ يىلى سۇرخان دەرياسى بويىدىكى بايسۇن دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدىكى كېسەك تاش غارىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېسەك تاش قەدىمكى ئادىمى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي رايونىدىن

تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىنسان تاش قاتمىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت بىردىنبىر خارابە ئىزى ئەمەس. 1938 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە يەنە ۋاھىش (Wahix) دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، كافېرنگان (Kaferngan) دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، كاسپىي دېڭىز بويلىرى، قارا تاغ رايونى، پەرغانە ۋادىسى، نارىن دەرياسى ۋادىسى، زايسان كۆلى بىلەن سېمىپالاتىنسك ئارىلىقىدىكى ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىمۇ كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىزلارنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇ جايلاردىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت پالتىنىڭ دەۋرى كېسىك تاش قەدىمكى ئادىمىنىڭ دەۋرىدىن بۇرۇن، مۇز دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللار سەمەرقەند (ئامىن قوتان غارى)، پەرغانە، تاشكەنت، بۇخارا، ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلى، قارا تاغ، سارىسۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلدى.[18]

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى سىبىرىيىنىڭ ئېركوتسكي شەھىرى ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىككى مىليون يىل ئىلگىرىكى تاش قورال تېپىلغان. يېقىنقى يىللاردا بۇ بايقاشقا ئېرىشكەن رۇسىيىلىك ئارخېئولوگ موچانوف بىلەن ئۇنىڭ ئايالى سىۋتلانا «بۇ تاش قوراللار ئاز دېگەندىمۇ ئافرىقىدا بايقالغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن تاش قوراللىرى بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە» دەپ يەكۈن چىقارغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلارنى زور دەرىجىدە تولۇقلايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي رايونلىرىدىن ئوخشاشلا ئوتتۇرا تاش قورال ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلار ۋە تاش قوراللار تېپىلدى ۋە تېپىلماقتا. بۇ هال بۇ رايوننىڭ تارىخشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلانغانلىقىنىڭ[19] ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، تاش قوراللار ئىنسانلارنىڭ هايۋانلار توپىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىنلا ياساپ ئىشلەتكەن ئەڭ دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ،

ئۇ كۆچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نەق ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرىنچى قول يادىكارلىق. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرونزا قوراللار دەۋرى، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار ۋە كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى. كۆپ جايلاردىن سىدام ۋە رەڭلىك ساپاللار تېپىلدى. بىز بۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا ياسىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇلار تارىخى ۋە ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. بۇلار شىنجاڭنىڭ كېيىنكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان، ئەلۋەتتە.

دېمەك، ئامېرىكىلىق ئى • م • بورنىس قاتارلىقلار «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىدا يازغىنىدەك «بۇ رايوننىڭ ئىقلىم شارائىتى ئىنسانىيەت ئەجدادلىرىنىڭ ھەرخىل تۇردىكىلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ» . [20]

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئالماشتۇرۇش، سودا كەسپلىرى ئىختىرا قىلىنغان رايونلارنىڭ بىرى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيادىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ۋە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ماكانى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. [21]

ف • ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئالغا كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە — ئارىيىسلار (Arriyis) دا، سىمىتلاردا ۋە ئېھتىمال تۇرانلىقلاردىمۇ ئەڭ دەسلەپتە ئاساسلىق ئەمگەك ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن ئىبارەت بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتى باشلانغان» [22]. ئېنگېلسنىڭ بۇ بايانىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تۇرانلىقلار دېگەن ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چارۋىچىلىقنى كەشىپ قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي

مۇلۇك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە يەنە زىرائەتلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ چارۋىنىڭ يېمەكلىكى قىلىنغانلىقى ياكى چارۋىچىلار دېھقانچىلىقنى كەشىپ قىلغانلىقى؛ ئەڭ قەدىمكى ئالماشتۇرۇش، تىجارەت ئىشلىرىنىڭمۇ چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئالاھىدە سۆزلەنگەن. [23] ئۇزۇن مۇساپىلىق قاتناش ـ ئالاقە ئىشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىختىكى رولى چوڭ بولغان. ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى، ئالىم ئىسساك ئاسىموۋ «قاتناش ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «ئات ـ ئۇلاغدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى. . . » [24]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسمەن كۆزقاراشلار مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى، ھېچ بولمىغاندىمۇ يىراق كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا بۇ يەردە ئىنسانلار پائالىيەتلىرىنىڭ داۋام ئېتىپ تۇرغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار مۇشۇ جايدا ياشاش، ئاۋۇپ ـ كۆپىيىش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ھادىسلىرىنى يارىتىپ، ئىلىمىزنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىغا بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشقان.

# 2. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بىرى موڭغۇل يايلاقلىرى، يەنە بىرى بۇگۇنكى شىنجاڭ رايونى».[25] «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسى ئېتنىك مەنبەسى ئىككى. بىرى، جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدىكى خۇيخې - خۇيخۇ (回纥، 回鹘) (يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار)، يەنە بىرى مىلادىيە 840 - يىلى خۇيخۇلار (回鹘 قەدىمكى ئۇيغۇر، غوبى ئۇيغۇرلىرى) غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك مىللەتلەر (土著民族)» دىن ئىبارەت.[26] بۇنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئاساسى مەنبە ياكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەنبە ھېسابلىنىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە يەنە مۇنداق ئىلمىي قاراش بار. «ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى، تارىم بوستانلىقلىرى ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن بۆشۈك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىم ساھىلىدە ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان يەرلىك قوۋملار تارىختىن بۇيان ئىزچىل يوسۇندا بۇ بۆشۈكتىكى ئاساسىي مىللەت بولۇپ كەلگەن.»[27] «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسىنى ئىككى تارماققا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى تارىم بوستانلىقلىرىدىكى يەرلىك قوۋملار (بۇنىڭغا قۇمۇل - تۇرپان ۋادىسى ۋە ئالتاي ۋادىسىدىكى قۇس - ئوغورلارمۇ كىرىدۇ). يەنە بىرى غوبى چۆللىكىدىن غەربكە كۆچۈپ تارىم ئېقىنى ساھىلىغا كىرگەن كۆچمەن قوۋملار». بۇنىڭ ئىچىدە «تارىم ئېقىنى بوستانلىقلىرىدىكى يەرلىك قوۋملەر،[28] قۇمۇل - تۇرپان ۋادىسى ۋە ئالتاي ۋادىسىدىكى قۇس - ئوغورلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي مەنبە ئىكەنلىكى

ئىلمىي ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى ماركسىزملىق قاراشلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇن. ئۇنداق بولسا تارىم بوستانلىقى ھەم ئۇنىڭغا تۇتاش تۇرپان ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسىدا قانداق قوۋملار ياشىغان. ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىش تارىخىدا قانداق ئورۇن تۇتقان؟

## بىرىنچى، شىنجاڭدا ياشىغان قوۋملار

### *1. دىلار، ئوغور ـ ئوغۇز ۋە قۇز ـ قۇسلار*

دىلار. بۇلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «دى ـ 氐» دەپمۇ يېزىلغان، يەنە «دى ـ 翟» دېگەن شەكىلدە يېزىلغان، بۇلار قەدىمكى دىلار «狄» نىڭ ئەۋلادى ياكى «翟» بولسا «狄» نىڭ يەنە بىر شەكىلدە يېزىلىشى.

دىلارنىڭ يادرو قەبىلىلىرى شاڭ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن XVI ئەسىردىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، جۇ سۇلالىسى زامانىسىدا بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالى، غەربى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى قىسمىدا ياشىغان، ئاق تەنلىك ئىرققا تەۋە بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن. غەربتىكى دىلار چياڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن تارىخىي ماتېرىياللاردا «دى چياڭلىرى» (氐羌) دەپمۇ ئاتالغان. چىن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 — 206 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرلىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا دىلار چياڭلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كېلىپ، قۇرۇم (كوئىنلون) ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى باغرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.[29] بەنگۇ يازغان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، پامىر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى يولئېرىق (西夜)، سارىقول (蒲犁)، سىغنان (依耐) قاتارلىق خانلىقلاردىكى قوۋملار «غۇز (胡) لاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايماق ـ قەبىلىلىرى بولسا چياڭدى (羌氐) لاردۇر» دېيىلگەن.

چېن شۇ يازغان «ئۈچ بەگلىك تەزكىرىسى» (三国志) نىڭ 13 - جىلدىدە «ۋېي ئەستىلىكلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» (魏略·西戎传) دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 25 - 220 - يىللار) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاق ئاتلىق دىلار (白马氐) چياڭلار سالاھىيىتى بىلەن غەربكە كۆچكەن ۋە قۇرۇم تاغلىرى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى باغرىدا چارۋىچىلىق قىلغان. ئاق ئاتلىق دىلار چياڭلار دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بىر تارماق قوۋم بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت چىلىيەن تاغلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا چياڭلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، توي قىلىپ، قۇدا - باجىلىق بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئاق ئاتلىق چياڭلار دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان؛ يەنە كىچىك يۈشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر «يۇجى — يۈشىلەرنىڭ قالدۇق جەمەتى» (月氏余部) دەپ ئاتاشقان. يەنە شۇ چېن شۇ يازغان «ئۈچ بەگلىك تەزكىرىسى» (三国志) نىڭ 13 - جىلدىدە «ۋېي ئەستىلىكلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە «يۈشىلەرنىڭ قالدۇق جەمەتى» بولغان ئاق ئاتلىق چياڭلار (دىلار) نويچان (若羌 - چاقىلىق تەۋەسىدە) غا كۆچۈپ كېلىپ، غەربتە پامىرغىچە بولغان يەرلەرگە ماكانلاشقان. بۈگۈنكى قۇرۇم تاغلىرى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى باغرىدا (ئىچى ۋە سىرتىدا) چارۋىچىلىق قىلغان. تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان بۇ دىلار غوبى چۆللىكى ساھىلىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ نامى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «دىڭلىڭلار» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. يەنى مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىن Ⅳ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دىڭلىڭلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ جياۋ مىڭچېڭ «مېتال پۈتۈك خاتىرىلىرى» (20 - جىلد) «جىن بەگلىكىنىڭ چياڭلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سەرۋازى پېڭ شىنىڭ يادنامىسى» (赵明诚编“金石录”卷20“晋护羌校奔放尉彭祈碑”)

نامىلىق كىتابىدا مىلادىيە Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاگنى (كىنگىت، كۇسەن) ئەتراپلىرىدا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قىلىدىغان دىڭلىڭلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغان بولسا، لياڭ شياۋزى (جەنۇبىي سۇلالىلەر زامانىدا ياشىغان) يازغان «جەنۇبىي چى بەگلىكى تارىخى. زورەنلەر تەزكىرىسى» دە مىلادىيە 478 - يىللىرىدىكى ۋەقەلەرنى يازغاندا پىشامشان (چارقىلىق تەۋەسىدە) نى دىڭلىڭلارنىڭ ئىگىلەپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلار ئۆز خانلىرىنى تەڭرىقۇت (پەغپۇر 天子) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. لى يەنشۇ يازغان «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى» (南史) دا بولسا «چالمادان (چورچان، 且末، هازىرقى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) خانلىقىنىڭ شىمالى دىڭلىڭلارغا تەۋە دېيىلگەن» . دېمەك، بۇ دى - دىڭلىڭلارنىڭ بۇ رايوندا ئۇزۇن مۇددەت ياشاپ، شىمالىي يايلاق ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندە ئۇلارنى ئۆزىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەن بولۇشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن.

دىلارنىڭ شاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە يەكەن بوستانلىقىدا پائالىيەت قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇرلارمۇ بار. مەسىلەن، ۋېن يىن (文颖) ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازغان:

«شاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەكەنلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (中原) نىڭ شىمالىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.[30] ئۇلار شىمالىي دى قوۋمىدىن بولۇپ، شاڭ سۇلالىسىغا قارايتتى. ۋاقتى - ۋاقتىدا شاڭ سۇلالىسىغا چارۋا - مال ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئۇلپان قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قاچان ۋە قايسى يول ئارقىلىق غەربكە قاراپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كېلىپ يەكەن خانلىقىنى قۇرغانلىقى نامەلۇم» .[31]

مانا بۇ بايانلاردىن، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەندە ياشىغان يەكەنلىك (莎车) لەرنىڭ شىمالدا ياشىغان دىلار بىلەن بىر خەلق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ شىمالدىن يەكەن بوستانلىقىغا قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ياكى ئۇلار يەكەندىن شىمالغا كۆچكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يەكەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ بىر بوستانلىق. قەدىمدىن هازىرغىچە بۇ بوستانلىقتىكى ئاھالە شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ 3 ـ 4 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەجدادىنىڭ دىلاردىن بولۇشى، بۇگۈنكى يەكەنلىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غوللۇق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىشىنىڭ تارىخىي باغلىنىشىدا مۇقەررەرلىك ئالامىتىنىڭ ئاساسى ئورنىدا تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

قۇس ـ قۇز ـ غۇزلار. بۇلار شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى قوۋملارنىڭ بىرى. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە «قۇس ـ گۇش» ( 姑师 ) شەكلىدە، بەنگۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «چېشى» ( 车师 ) شەكلىدە يازغان (بۇ يەردىكى «چي» قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «جۇ» دەپ ئوقۇلغان. جۇ ـ قۇ ـ گۇ ـ غۇغا تەڭ دېيىلىدۇ) . ئالىملار بۇنىڭ بىر قوۋمنىڭ نامى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى تۈركىي تىللاردىن ئىزدەش توغرا بولىدىغانلىقىنى، خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىپ يېزىلغان بۇ ئىككى ئاتالغۇنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلغاندا قۇز ـ كۇز (قۇس ـ كۇس) غۇز ـ قۇز ـ گۇز بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەدىمكى تۈركىي تىللاردا بوغۇم (سۆز) ئاخىرىدىكى «ز» (s ـ z) ، «ر» (r) تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە ئاساسەن، قور ـ كور، غور ـ قور ـ گور دېگەن شەكلىمۇ ئىستېمالدا بار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.[32] شۇنداق بولغاندا، «غۇز» (ئوغۇز) بىلەن «غور» (ئوغور) بىر سۆز دېگەن خۇلاسىگە كېلىندى.[33] «چېشى» ( 车师 ، بۇ هازىرقى ئوقۇلۇشى) مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى بەزىلەر خەنزۇچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىپ، «هارۋا ئۇستىلىرى» مەنىسىدە «قاڭقىلىقلار» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن هەم بۇ نام كېيىن «گاۋچې» يەنى «ئېگىز هارۋىلىقلار ـ قاڭقىلىقلار» نامىغا ئۆزگەرگەن دېگەن قاراشتا بولغان[34] هەم بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىمۇ خېلى چوڭ. قۇزلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانلىقىنىڭ تارىخى ناهايىتى ئۇزۇن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ـ Ⅱ ئەسىردىن مىلادىيە Ⅳ ئەسىرگىچە

بولغان ئارىلىقتا تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە خانلىق تەشكىل قىلغان. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئالغۇي (ئارا غول) جىلغىسى ۋە ئۈرۈمچى ئۇلانباي ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئادەم باش سۆڭەكلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ قۇزلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئۇلار 85% نىسبەتتە ئاق تەنلىك ( 白种人 )، 15% نىسبەتتە ئاق تەنلىك ئىرق ئارىلاشقان موڭغۇلوئىدلاردىن ئىكەنلىكى دەلىللەندى.[35] مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن I ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قۇزلار جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. جەنۇبىي قىسمى «ئالدى قۇز (قۇس) خانلىقى» ( 车师前王 )، شىمالىي قىسمىدىكىلەر «ئارقا قۇز (قۇس) خانلىقى» ( 车师后王 ) دەپ ئاتالغان. ئەمما، ھەر ئىككى خانلىقنىڭ خانلىرى بىر جەمەتتىن چىققان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى، ھۇن تەڭرىقۇتى مودۇ ئوكتۇغقان باشچىلىقىدا بىر قوشۇننى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا، قۇسلار ھۇنلارغا قارام بىر خانلىق بولۇپ قالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قۇسلار خەن سۇلالىسىغا قارىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن رورەنلەر (ھازىر ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا جوجانلار دېيىلمەكتە)، ئېگىز قاڭقىللىقلار ۋە تۈركلەرگىمۇ قارام بولغان. بەزىدە قوچو خانلىقىمۇ قارام بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قارىغان. مىلادىيە 840 - 850 - يىللاردىن كېيىن قوچو ئۇيغۇر ئېلى بۇ يەردە ھاكىمىيەت سورىغان.

قۇس — غۇزلارنىڭ تىلىنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللىرىغا تەۋە تىل ئىكەنلىكى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. مەسىلەن، چېيەن بوچۈەن ئەپەندى بەنگونىڭ «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» (ئاپتورى فەنيې، سىمابياۋ) دە خاتىرىلەنگەن قۇسلار ئېلىدىكى 11 يەر - جاي ئاتالغۇسىنى ئېتمولوگىيە نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سېپى ئۆزىدىن تۈركىي تىلغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، خەنزۇ تىلىغا ترانسكرىپسىيە

شەكلى بويىچە يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇلار:

1. «قۇس ـ گۇس» بۇ سۆز ئەقىللىق، كۈچلۈك، ماھىر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ (姑师 — 车师).

2. «جياۋخې» (交河 يارقوت، يار خوتون، يار قوتان مەنىسىدە).

3. «دۇزى» (兜訾 تۇز ـ تۇزلۇق يەر مەنىسىدە).

4. «يىخې» (伊和 يارقوت، يار خوتون، يار قوتان مەنىسىدە «جياۋخې» بىلەن ئوخشاش).

5. «ليۇجۇڭ» (柳中 لۈكچۈن، لىقچىڭ. ئاھالىسى قويۇق يەر دېگەن مەنىدە).

6. «بولى» (簿类 بۆرە دېگەن مەنىدە).

7. «بېي لۇ» (卑陆 مىڭ ـ بىڭ بولاق دېگەن مەنىدە).

8. «يۇلىشى» (郁立师 يارلىق دېگەن مەنىدە)

9. «چېمى» (且弥 سۇلمى — سول تەرەپتىكى يەر دېگەنلىك).

10. «ۋۇتۇ» (务涂 ئوردۇ — ئوردا دېگەنلىك).

11. «جىنفۇ» (金附 جىمبالىق — جىمسار دېگەنلىك).[36]

مەلۇمكى، تىل مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. قۇسلارنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئۇلارنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ياردىمى چوڭ.

تۇرپان ئويمانلىقى ۋە بەشبالىق ئەتراپىدا ياشىغان قۇز ـ قۇسلار بىلەن نەسىل ـ نەسەبداش ئايماق ـ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ھەم ئۇلار مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا ياشىغان. ئالىملار بۇ قوۋمنىڭ يىراق تارىخىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدىكى تەسىرى چوڭ قەبىلە «گۇيفاڭ» (鬼方) لارغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«鬼方» نامىدىكى «鬼» (guy) «گۇر ـ ئوگۇر» (غور ـ قور) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ئىكەن. ئالتاي تىللىرى جۈملىدىن تۈركىي تىللاردا

بوغۇم ئاخىرىدىكى «ز ـ z» «ر ـ r» تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىدىغان بىر خىل تىل قانۇنىيىتى بولغانلىقىغا قاراپ « 姑师 » (قۇس ـ غۇز) « 车师 » (قۇس ـ قۇز) بىلەن « 鬼 » (گۇي ـ گۇز) بىر سۆزدىن شاللىنىپ چىققان. ئالىملار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان «ئۇجى» ( 乌揭 )، «خۇجى» ( 呼揭 ) لار، قۇمۇل بوستانلىقىدا ئەينى دەۋردە ياشىغان «يىۋۇلۇ» ( 伊吾卢 )، كۇسەن رايونىدا ياشىغان «گۇس» لار بىلەن نامداش ھەم قېرىنداش قوۋملاردىن دەپ قارىغان. خۇجى، ئۇجىلار (ئوغىر ـ ئوگىر، ئوغۇر ـ ئوگۇر) ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان. ئالىملار بۇ قوۋملار تۈركىي تىلىدا سۆزلىشەتتى [37]، ئۇجى ـ خۇجى بولسا ئوغۇز ـ ئوغۇر سۆزلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى، مەدەنىيەت خاسلىقى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، قوۋم نامىنىڭ تەلەپپۇزىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇس ـ قۇزلار خۇجىلار (ئوغۇز ـ ئوغۇر) نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [38]، دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكتە. ئوغۇر ( 呼揭 ) لار ئالتاي ۋادىسىنى ئاچقان، ئالتاي مەدەنىيىتى، جۈملىدىن «پازىرىق مەدەنىيىتى» نى يارانقۇچىلاردۇر [39]. تارىخچى چيەن بوچۈەن «ئوغۇر ـ ئالتاي تارىخى ۋە يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خوجايىنى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «ئوغۇرلار ئالدىنقى چىن سۇلالىسى ۋە ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان ئاساسلىق ئاھالە»، «ئۇلار قەدىمىي ۋە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتكە ئىگە»، «قەدىمكى ئالتاينىڭ خوجايىنى ئوغۇرلاردۇر، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقى سىمۋولى بولغان ‹ئالتاي› (ئالتۇن) غا ئوخشاش شانۇ شەۋكەتلىك ۋە پارلاق»، «ئالتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئوغۇر ـ خوگىرلار ياشىغان، شۇڭا بىز يەنىلا سىماچيەننىڭ ‹تارىخىي خاتىرىلەر›، بەنگۇنىڭ ‹خەننامە› لەرگە ئاساسلانغىنىمىز، ‹ئالتاي قەبىلىلىرى› دېگەنلىك ئوغۇر ياكى خوگىرلاردۇر، دېسەك ياخشى بولىدۇ»، «ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئاساسىي ئاھالە» بولغان

ئوغۇرلارنىڭ بىر قىسمى «جەنۇبقا سۇرۇلۇپ شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەلگەن قۇسلار ئوغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى».

«ئۈچ بەگلىك ۋە غەربىي جىن خانلىقى مەزگىلى (مىلادىيە 220 — 316 — يىللار) دا، ئالتايدىكى ئوغۇرلارنىڭ نامى (خەنزۇچە ھۆججەتلەردە) خۇداد (呼得 ، بۇ نامنى «ئوغۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش قارىشمۇ بار) غا ئۆزگەرتىلگەن. سيانپى (سىبىر) لارنىڭ ئوڭ قانات قەبىلىلىرى زورايغان چاغلاردا خۇدادلار قۇسلارنىڭ ئارقا تەرەپ قەبىلىلىرى سيانپىلارنىڭ ئارقا تەرەپ قەبىلىرىنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ ئۇلارغا قارام بولۇپ قالغان، كېيىن غەربكە كەتكەن. ئورال دەرياسى ساھىلىگە كۆچكەن خۇدادلار (خەنزۇچە ھۆججەتلەردە) ‹ خېدې ـ 诃咥 › ، ‹ گېدا ـ 谒达 › (گىسسار ـ قاسار؟ ) دەپ يېزىلغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ ساھىلىگە كۆچكەن خۇدادلار ۋە قۇسلارنىڭ كېيىنكى قەبىلىلىرى ‹ئېپتالت›، (哌哒) دەپ ئاتىلىپ ‹ئېپتالت خانلىقى› نى قۇرغان، ئۇلار يىپەك يولىدا موھىم رول ئوينىغان».

«جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 420 ـ 581 ـ يىللار) نىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەسلىي جايىدا قېلىپ قالغان خوداتلار (خەنزۇچە ھۆججەتلەردە) (ئادى ـ 阿嘀 ) (ئادىز ؟) لار دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، سۇي سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ بېرىپ ئوغۇز ( 乌护 ) لار بىلەن ئادىز ( 阿跌 ) دىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، كېيىنچە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ( 回纥 ) لارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالغان[40].

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن ئوغۇرلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭ ئالتاي ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى يەرلىك ئاساسلىق قەبىلىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، غوبى ئۇيغۇرلىرى بولسا شۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادىنىڭ تىلىلەر ـ دىڭلىڭلار ـ دىلار (گۇر ـ گۇيفاڭلار بولۇشى كېرەكلىكى) بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەس.

بۇ يەردە تولۇقلاپ ئۆتىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن XI ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى توغرىلىق توختىلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئۇلار تەڭرىتاغلىرىنى مەركەز قىلغان بىر خانلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، بۇ خانلىقتا قوچو، چانبالىق، ياڭىبالىق، بەشبالىق ۋە سۇلمى دېگەن بەش چوڭ شەھىرى بولغانلىقى، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇيغۇر خانى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزگەندە شۇ قېتىملىق سۈلھىنىڭ شەرتىي ئۈچۈن بىنا قىلغانلىقى، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىپ، شۇ قېتىملىق سۈركىلىشتە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى تۈيۈقسىز زەربىدىن پەشۋا يەپ قالغانلىقى ئېيتىلىدۇ[41].

ئىلگىرى بەزىلەر مەھمۇد قەشقىرى يېزىپ قالدۇرغان بۇ قاراشنىڭ يېتەرلىك ئىلمىي ئاساسى كەم دەپ قاراپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، قۇسلار ۋە ئوغۇزلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، زۇلقەرنەيىن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تۇتۇشقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ياسالما ئەمەسلىكى، «ئالتۇن قان» دېگەن يەرنىڭ «ئالتاي» تېغى بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقى، شۇ قېتىملىق سۈركىلىش تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىللىرى بولغانلىقىنى ئىلمىي سەۋىيىدە تۇرۇپ بايان قىلىشقا بۇرۇلۇش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسلانماقتا.

*2. يىۋۇلۇ ـ ئوغۇرلار*

خەن سۇلالىسى زامانىسىدا بۈگۈنكى قۇمۇل ئەتراپىدا «يىۋۇ ـ 伊吾» ، «يىۋۇلۇ ـ 伊吾卢 » دېگەن بىر ئايماق بولغان. غەربىي يۇرت تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىپ يېزىلىشى دېگەن گەپمۇ بار[42] (بۇ شەرقشۇناسلاردىن كىلاپروتنىڭ قارىشى) . بۇ قاراش بويىچە، قۇمۇل بوستانلىقىدا مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ، ئوغۇز ـ ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ ياشاپ تۇرغانلىقى روشەنلىشىدۇ[43].

## *3. ئېگىز قاڭقىلىقلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى*

«ئوغۇزنامە» دە ھارۋا (قاڭغا - Kangka) ماڭغاندا «قانغا - قانغا» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى، شۇڭا قانغا (ھارۋا) ياسىغان ئۇستىغا «قانغالۇق» دەپ ئات قويدى، دېيىلگەن. ھازىرغىچە تۇرپان شەھىرىدە «قاڭقا بازار» دېگەن جاي نامى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قانغا» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قاڭقا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ - قانداق!

خەنزۇچە يىلنامىلەردە مىلادىيە 363 - يىلىدىكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەندە تۇنجى قېتىم « 高车 - گاۋچې» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. بەزىلەر بۇ قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا «Gaogüi - Gaojü» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى دېسە، يەنە بەزىلەر غەرب ھۆججەتلىرىدىكى «قۇترىغۇر» لار شۇلار دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «گاۋچې» دېگىنى ئۇلارنىڭ يوغان چاقلىق، كۆپ گۇگۇسۇنلۇك ھارۋىلارنى ئىشلىتىدىغانلىقىغا قارىتىپ قوللىنىلغان ئىسىم بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئۇيغۇر خانى ئوغۇزخان تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم ، خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە مەنە تەرجىمە شەكلى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ قوللىنىلغان. « 高车 » يوغان (ئېگىز) چاقلىق ھارۋا دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرىلەرمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دە ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ «ھارۋىلىرىنىڭ چاقى يوغان (ئېگىز) گۇگۇسۇنى كۆپ» ئۇلار «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ…» دېيىلگەن. دېمەك، «چاقى يوغان (ئېگىز)، گۇگۇسۇنى كۆپ» ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش قاڭقىلىقلار قوۋمىنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئوۋ ياڭشيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دە «يۈەنخېلار (يەنى ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىلىقلارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى يۈەنخېلار - 袁纥 ئاساس قىلىنغان)

نىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلار ئىدى، ئۇلار ئادەتتە يوغان (ئېگىز) چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ يول يۈرىدۇ. ئۇلار يۈەنۋېي دەۋرى (شىمالىي ۋېي دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ۋاقتى 386 - 534 - يىللار) دە قاڭقىلار قەبىلىسى دەپمۇ ئاتالغان» دەپ يېزىلغان. [44]

ئېگىز قاڭقىلىقلار ئەسلىي قەدىمكى دىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرە بار: «ئېگىز قاڭقىلىقلار قەدىمكى قىزىل دى (赤狄) لارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى بولۇپ، دەسلەپ دىلى (狄历) دەپ ئاتالغان، شىمال تەرەپتىكىلەر چىلى (敕勒) دەپ ئاتىغان بولسا، شيالىقلار ئېگىز قاڭقىلىق دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغان» دېيىلگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە Ⅳ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ قەبىلىلىرى ئاساسلىق غوبىدىكى بايقال كۆلى، ئورقۇن دەرياسى، توغلا دەرياسى ساھىلى، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى رايونلار، خېبېي، شەنشى، خېنەن، گەنسۇ رايونلىرىدا ياشايتتى. [45]

ئېگىز قاڭقىلىقلار رورەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، توغلا دەرياسى ساھىلىدىن ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ غەربىي قىسمىدا ئېگىز قاڭقىلىقلار خانلىقىنى تىكلىگەن.

ئېگىز قاڭقىلىقلار ئالتە چوڭ قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار: دى، يۈەنخې (ئۇن ئوغۇر - ئوغۇر - ئۇيغۇر)، قوغۇرسۇ، قۇتلۇق غوز، ئىزگىل قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت. رورەنلەر خانى سەللان باش كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى رورەنلەر شىمالدىكى ئېگىز قاڭقىلىقلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئېگىز قاڭقىلىقلار رورەنلەرنىڭ بېقىندى قەبىلىسىگە ئايلىنىپ قېلىش بىلەن بىرگە رورەنلەرگە چارۋا - مال ۋە يۇڭ - تېرىلەرنى تەقدىم قىلىپ، يەنە داۋاملىق رورەنلەر تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ھالاك بولۇشقا زورلىناتتى. مىلادىيە 487 - يىلى، رورەنلەرنىڭ خاقانى تولۇن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ، ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن ئەسكەر ئالماقچى بولغاندا، ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر كۆپ قېتىم

ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ تولۇن قۇلاق سالمىغان. ئاپۇرغۇر (阿伏至罗) غەزەپلىنىپ بىر نەۋرە ئىنىسى چوڭچى (كۆنچى) بىلەن بىرلىشىپ يۇزمىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ، غەربكە كۆچۈپ ئۇرۇمچىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلغان. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى «ئۇلۇغ خان» دېگەن مەنىدىكى «كۆل بېي» دېگەن سۆز بىلەن ئاتىغان. ئاپۇرغۇر جەنۇبتا ئاگنى، پىشامشان، كۇسەن، ئۇدۇنغا جازا يۇرۇشى قىلىپ، ئىپتالىتلار بىلەن كەسكىن توقۇنۇشقان، ئاپۇرغۇر ئۆزى تەڭرىتاغ ئېتىكىنىڭ شىمالىدا تۇرغان، چوڭچى (كۆنچى) نى «نائىپ خان» قىلىپ ئاگنىدا تۇرغۇزغان[46].

ئېگىز قاڭقىللىقلارنىڭ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە قۇرغان بۇ خانلىقىدا ئۇلارنىڭ بەگقۇلى قەبىلىسى (副伏罗部) يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ مەزگىلدىكى ئېگىز قاڭقىللىقلار بەگقۇلى قەبىلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «غەربىي قىسىم ئېگىز قاڭقىللىقلارنىڭ سەردارلىرىدىن ئاپۇرغۇر (阿伏至罗) بىلەن چوڭچى (穷奇) لار قۇرغان بۇ خانلىق غەربىي يۇرت تارىخىدا چوڭ ۋەقە ھېسابلىناتتى»[47]. «ئاپۇرغۇرلارنىڭ ئۆزى ئېگىز قاڭقىللىق دىڭلىڭلارنىڭ ئىچىدە خانلىق قۇرغان، ئەينى چاغدا تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىلغار، ئەڭ تەشكىللىك بىر قەبىلە ئىدى»[48]. ئۇلارنىڭ خانلىقى مىلادىيە 487 ـ، 541 ـ يىللار ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىق تارىخىدا ئاپۇرغۇرلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

### *4. كۇسەنلىكلەر ۋە ئاگنىلىقلار*

كۇسەن بۈگۈنكى كۇچانىڭ قەدىمكى نامى. كۇسەن بوستانلىقى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم بوستانلىقلاردىن بىرى بولۇپ، كۆلىمى چوڭ. قەدىمكى زاماندا ئۇ كۇچا، شايار، توقسۇ، باي قاتارلىق تۆت ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەر كۆلىمى 74560.5 كۋادرات كىلومېتىر. كۇسەن رايونىدا تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغان. پروفېسسور سۇ بېيخەي بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قاتار ئەھۋاللاردىن كۆرۈنۈشىچە بولىدۇكى، شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە يىراق

قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرىدىمۇ ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان.

بۇ نۇقتا شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان يىراق قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ قىيا تاش سۈرەتلىرىدىن ئىسپاتلىنىشقا ئېرىشەلەيدۇ… كۇسەن رايونىدا ھېچ بولمىدى دېگەندە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.[49]

قەدىمكى كۇسەنلىكلەر تاش قورال دەۋرىدىن بىرونزا قوراللار ۋە دەسلەپكى مەزگىللىك تۆمۈر قوراللار مەزگىلىگىچە بولغان ئۇزۇن جەرياندا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ رايوننىڭ ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئەسلىدە كۇسەن رايونىدا ئوخشىمىغان قەبىلە، قوۋملار ياشىغان. گەرچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۇسەن قوۋمىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا قايسى تىپقا تەۋە قوۋم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر بولمىسىمۇ، ئەمما سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، تەدرىجىي يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلۇشقا باشلىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدىن (مىلادىيە 25 ـ 220 ـ يىللار) ۋېي خانلىقى (مىلادىيە 220 ـ 265 ـ يىللار)، غەربىي جىن خانلىقى (مىلادىيە 265 ـ 316 — يىللار) دەۋرىدە كۇسەنلىكلەر غۇز (قۇز) لار بىلەن بىرلىكتە دىڭلىڭ ( 丁零 ) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭغا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ جاۋ مىڭچېڭنىڭ ( 赵明诚 ) نىڭ «مېتال پۇتۇك خاتىرىلىرى» ( 金石录 ) دېگەن كىتابىنىڭ 20 ـ جىلد «جىن خانلىقىنىڭ چياڭلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سەرۋازى پېڭ شىنىڭ يادنامىسى» ( 晋护羌校尉彭祈碑 ) دىكى بايانلار ئارقىلىق جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ[50]. ئۇنىڭدىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرى توخرىلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغان.

مىلادىيە 91 ـ يىلى بەيبا ( 白霸 ) دېگەن كىشى كۇسەننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، تاكى مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بەي خۇەن ( 白环 ) گىچە بولغان كۇسەن خانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن

بەي ( 白 ) دېگەن سۆزنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بەي فامىلىسى خان جەمەتى بىلەنلا چەكلەنمىگەن. يېزا - بازارلاردىمۇ بەي فامىلىلىكلەر بولغان. زىيالىي - ئۆلىمالار، دىندارلار، سودىگەرلەر، نىمكارلار، دېھقانلار ئارىسىدىمۇ، كۇسەندىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بارغان بۇددا راھىپلىرى ئىچىدىمۇ بار بولغان.

«بەي» نىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا بىر قانچە خىل قاراش بار. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىي سۆز ۋە سانسكرىتچە سۆز دېگەن ئىككى خىل قاراش بولغاندىن باشقا، تۈركىي سۆز دېگۈچىلەر ئارىسىدا ئۈچ خىل سۆزدىن كەلگەن دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي خېلى كۈچلۈك. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، «ئاق» سۆزىدىن كەلگەن، قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملار تەڭرىتاغنى «ئاق تاغ» دەپ ئاتىغان. كۇسەنلىكلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بولغاچقا، ئاشۇ تاغنىڭ نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. [51]خەنزۇچە تارىخنامىلارنى پۈتكۈچىلەر «ئاق» دېگەن تۈركىي سۆزنى «بەي - 白 » دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلغان دېگەندىن ئىبارەت؛ ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، تۈركىي سۆز «باي» (ياكى بەگ، يەنى تىلشۇناسلار ئارىسىدا ‹باي› بىلەن ‹بەگ› نىڭ سۆز يىلتىزى بىر دېگەن قاراش بار) دىن كەلگەن دېيىش؛ ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر، تېلېلەر ئارىسىدا «بۆگۈ» ( 仆骨 ) دېگەن قەبىلە بولغان، كۇسەن خان جەمەتى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆگۈ» قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىگە قەبىلە نامىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان دەپ ھېسابلايدۇ. [52]

ئەمدى سانسكرىت تىلىدىكى سۆز دېگۈچىلەر بولسا «بەي» «Puspa» (مەنىسى ‹گۈل›) دېگەندىن كەلگەن دېيىشىدۇ. [53]يەنە بەزىلەر «بەي - 白 » كۇسەن تىلىدىكى «Pudnäkte» نىڭ مەنە تەرجىمىسىدىن كەلگەن، مەنىسى بۇددا تەڭرىسى ( 佛天 ) بولىدۇ، ئۇ بۇددانىڭ بىر خىل ئۆزگەرگەن ھۆرمەت نامىدىن ئىبارەت دەپ ھېسابلىشىدۇ. [54]

كۇسەننىڭ جۇغراپىيە، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، تارىختىن ئاۋۋالقى قوۋملارنىڭ ئىرقىي تېپى بىلەن ھېسابلىشىپ

ئولتۇرمىغان ئەھۋالدا، مىلادىيە I ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كۇسەن خان جەمەتى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەردىن بولغانلىقىنى، پۇقرالىرى ئارىسىدىمۇ تۈركىي قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى بىلىش يېتەرلىك ئىمكانىيەتكە ئىگە. لېكىن، بۇ رايوندا مۇشۇ دەۋردە توخرىلارنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ئورنى كۇسەن مەدەنىيىتىدە مىلادىيە I ئەسىردىن VIII - IX ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇتىۋەر ئىمتىيازنى شەكىللەندۈرۈپمۇ قويغان. ۋەھالەنكى، توخرى مەدەنىيىتى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي روشەن ماكان ۋە زامان بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى، ھېچبولمىدى دېگەندە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى بولۇشى لازىملىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ.

*ئاگنىلىقلار*، ئاگنى — خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «يەنجى» （焉耆） دەپ يېزىلغان. ئۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەردە چالىش، كېيىنچە «قارا شەھەر» دەپ يېزىلغان. يەنە «كىنگىت» دەپمۇ ئاتالغان دېگەن گەپمۇ بار.

ئاگنىدا تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. مىلادىيىدىن كېيىنكى يىللاردىن باشلاپ ئاگنى رايونىدا ياشىغان قوۋملار توغرىسىدا ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلۇشقا باشلىغان. مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلىپ خانلىق تىكلىگەن قۇس ئالدى ئۇلۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئاگنىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمى بولسا ئەسلىي جايىدا قېلىپ قالغان. مىلادىيە 487 - يىلىغا كەلگەندە، ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ ئاپۇرغۇر قەبىلىسى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۈچ توپلاپ رورەن ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن ئالدى قۇسلارنىڭ قالدۇق پۇقرالىرىنىمۇ ئاگنىغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ

كەلگەن. مىلادىيە 885 ـ 888 ـ يىللىرى خەنزۇچە يېزىلغان «شاجۇ تەزكىرىسى» ( 沙州地志 ) دە «بۆكە قەبىلىسى ئەسلىي ئاگنىلىقلاردىن ئىدى» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەجدىھا» نى «بۆكە» دېگەن. ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە» ، ۋاڭ شۈەنلىن يازغان «جىننامە» لەردە ئاگنى خانىنىڭ فامىلىسى «بۆكە» ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ فامىلە خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «لۇڭ ـ 龙 » دەپ تەرجىمە قىلىنىپ خاتىرىلەنگەن بولسا، توخرى تىلى B دىئالېكتىغا مەنسۇپ ھۆججەتلەردە näge/näg ؛ A دىئالېكتىدا يېزىلغان ھۆججەتلەردە näge/näk دەپ، كىرورەن ( 楼兰 ) دىئالېكتىدىكى يازمىلاردا näga دەپ يېزىلغان. توخرى تىلىدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى «تەڭرى» دېگەنلىك. ئاگنى قەبىلىسى بۆكە (ئەجدىھا) غا چوقۇنغان بولغاچقا، ئۇنى «تەڭرى» دەپ تونۇغان ھەم يېتەكچى قەبىلە خان جەمەتىدىكىلەر «بۆكە» نى فامىلە قىلىپ قوللانغان.

«بۆكە» نىڭ خەنزۇچە ۋە توخرىچە تەرجىمە قىلىنىپ قوللىنىلغانلىقىغا دائىر يازما خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالغان، ئەمما تۈركىي تىلىدىكى ئاتىلىشىغا دائىر ئۇچۇر ھازىرغىچە بايقالمىدى. ئوۋ ياڭشيۇ يازغان «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. (74 ـ جىلد) . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ( 新五代史 • 回鹘传 ) دە «ئاگنىلىقلار» «··· بۆكە جەمەتى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـــ ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن ئازراقلا پەرقلىنىدۇ» دېيىلگەن.

پروفېسسور سۇ بېيخەي مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئاگنىدىكى بۆكە جەمەتى (قوۋمى) تۈركىي تىلىغا مەنسۇپ خەلقلەردىن، چۈنكى قۇسلارمۇ تۈركىي تىلىغا مەنسۇپ خەلق ئىكەنلىكى تارىخىي ئاساسقا ئىگە. قۇسلارنىڭ ئاگنىغا كۆچۈپ كەلگەنلىرى بۆكە جەمەتى (قوۋمى) بولۇپ، بۇ ئىككى قوۋم ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى، تىل، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى چوڭ جەھەتتە ئوخشاش، پەرقلىرى كىچىك ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار بىلەن بۆكە جەمەتى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى يېقىن تۇغقان قوۋملىرىدىن ئىبارەت» [55] دەپ يازغان. ۋەھالەنكى، ئاگنى رايونىغا مىلادىيەدىن كېيىنكى ئەسىرلەردىن مىلادىيە Ⅷ ـ Ⅸ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا

توخرىلارنىڭ تەسىرى خۇددى كۈسەنلىكلەرگە ئوخشاشلا كۈچلۈك بولغان.

### 5. *ئوخۇردا‌سلار (ئوغۇردلار)*

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تارىخنىڭ مەنتىقىي يۈنۈلۈشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەسلىي ھالىتى بويىچە بايان قىلىشقا قاراتساق، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەر دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان «ئويخارداي» (Oikhardai) لارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئوغۇز ـ ئوغۇر (ئۇيغۇر) لار بىلەن ئىسمداش (قانداش بولۇشى بۇنىڭ ئىچىدە) ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مىلادىيە II ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيىلىك جۇغراپىئون پتولېمىي (Claudeus Ptolomy) «جۇغراپىيە» (Geographice Hyhegesis) ناملىق كىتابىدا تارىم ۋادىسىدىكى قەشقەر دەرياسى [56] «ئويخاردېس» (Oikhardes) ، ئۇنىڭ ساھىلىدا ياشايدىغانلارنى «ئويخارداي » (Oikhardai) لار دەپ ئاتىغان [57]. ئاتاقلىق رۇس ئالىملىرىدىن گېرىگورىف (V.V.Grigorrieff) ، رادلوف (V.V. Radloff) ئىنگلىز ئالىمى رەيتىللو، ھېنرى يۇلې (Henry Yule) قاتارلىقلار «ئويخارداي» لار (بۈگۈنكى) ئۇيغۇرلار دەپ يەكۈنلىگەن. [58]

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللاردىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولغان دى ـ دىڭلىڭلار تارىم بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالى، ئوتتۇرا قىسىملىرىدا، غەربىي قىسمىدا، گۇي ـ غۇر ـ ئوغۇر ـ ئوغۇز (ئۇيغۇر) ، غۇز ـ قۇسلار ۋە ئويخاردايلار تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى، جۇڭغارىيىدىن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا ـ قەشقەر ۋادىلىرىدا باشقا قوۋملار بىلەن بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلىپ ياشىغان.

### 6. *ساكلار*

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئىچىدە ساكلارنىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر چوڭ. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىن باشلاپ غەربتە كاسپىي دېڭىزى، شىمالدا بالقاش كۆلىدىن (قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە)

جەنۇبتا تەڭرىتاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ساك ـ ساق ناملىق زور بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياشايتتى[59].

ساكلار چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى دېيىلىدۇ. بۇ نام قەدىمكى پارسچە تارىخنامىلاردا «ساكا» (Saka)، «ساكاي» (Sacae)؛ قەدىمكى گرېك تارىخنامىلىرىدا ساكا، ماسساگېت (Massagetae)، ستخىيە (Scythia)، سىكتىيان، سارماتلار دېگەن ناملار بىلەن؛ قەدىمكى ھىندىستان يازمىلىرىدا «ئىسكىف»، «ئىسكىت» ئاتالغۇسى بىلەن؛ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «سەيجۇڭ» (塞种)، «سەيرېن» (塞人)[60] بىلەن؛ ئۇيغۇر ياكى تۈركىي ھۆججەتلەردە «ساق، ساقلاپ»[61] دېگەن ناملار بىلەن يېزىلغان. «نەقشى رۇستەم مىق يېزىق ئابىدىسى» دە: ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان. بۇلار: «خايماۋارگ ساكلىرى» ـ مۇقەددەس ئۆسۈملۈك «خايما» غا چوقۇنغۇچى ساكلار، بۇلار پەرغانە ۋە پامىر تاغلىرى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان؛ «تىگراخۇدا ساكلىرى» — ئۇچلۇق (ئېگىز) قالپاقلىق ساكلار. بۇلار ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىدا، ئاساسلىقى يەتتە سۇدا ياشىغان؛ تىئائى ـ تارا ـ دارايىيا ساكلىرى دەريا ـ دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇچى ساكلار، بۇلار ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋە ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىغا جايلاشقان.

قەدىمكى گرېك تارىخىي ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساك قەبىلىلىرى يەنە ھازىرقى كاسپىي (خەزەر) دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدىن باشلاپ، شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمى، ھەتتا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگىچە سوزۇلغان. قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھىرودوت «تارىخ» نامىلىق ئەسىرىدە ھازىرقى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ۋە دون دەرياسىنىڭ غەربىدە ساكلارنىڭ ئىسكىت ـ ئىسكىف (ئىسكىتسىيان) نامىلىق تارماقلىرى، دون دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولسا ساكلارغا تەۋە «ساۋرىماتلار» (سارماتىيانلار) دېگەن تارمىقىنىڭ ياشىغانلىقى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىدا بولسا «ماسساگېت» نامىلىق ساك ئورۇقلىرىنىڭ ياشىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ[62].

پتولېمېي «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا ئىمائوس (پامىر دەپ ئىزاھلانماقتا) تېغىنىڭ سىرتىدىكى سىكتايلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، «··· غەربىي قىسىم بىلەن ئىمائوس تاغلىرىنىڭ ئىچى سىكتايلار ھەم ساكلارنىڭ جايى··· بۇ رايوندىكى جايلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئاۋۇزاكىيا (Auzakia) تاغلىرى غەربىي تەرەپتە، ···كاسىيا تاغ تىزمىلىرىمۇ غەربتە ··· ئىمودا تاغلىرىمۇ غەربتە[63]» دەپ يازغان. ھازىر، پتولېمېي ئوتتۇرىغا قويغان ئىمائوس تاغ تىزمىسىنى قەشقەر تاغ تىزمىسى دەپ قارىغۇچىلار خېلى كۆپ، رېننېل (Rennel) مۇ «كاسىيا» (Kasia) بۈگۈنكى قەشقەر، دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن[64]. گېرمانىيىلىك رىچتوفېن بۇ تاغ تىزمىسىنى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى دەپ قارايدۇ.[65] ئومۇمەن پتولېمېي خاتىرىسىدىكى كاسىيا ئېلىنى قەشقەر دەپ چۈشىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭراق[66].

بىر مۇنچە ئالىملار تارىم ۋادىسىدا مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر قانچە مىڭىنچى يىللاردا ساكلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ جانلىنىپ تۇرغانلىقىنى دەلىللەشتى.

دېمەك، قەدىمكى زاماندا ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ياكى شەرقىي ياۋروپادىكى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدا ياشىغان ئاساسىي قەبىلە ساكلارنىڭ نامى بىلەن «ساكىيان» (ياكى ساكسىنيان) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم[67].

ئەمدى، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا بولسا ساك قەبىلىلىرى «سەي» (塞)، «سەي ئۇرۇقى» (塞种) دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەر «رۇڭ» (戎)، «غەربىي رۇڭ» (西戎)، «خۇ» (胡) دەپ ئاتالغانلارمۇ ساكلارنى كۆرسىتەتتى، دەپ قارايدۇ[68]. بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئۇسۇن خانلىقى شەرقتە ھۇنلار بىلەن، غەربىي شىمالدا كانگا، غەربتە پەرغانە، جەنۇبىدا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئەسلىي ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىلار (توخرىلار) غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ساك ـ ساقلارنىڭ

يەرلىرىنى توخرىلار ئىگىلىدى» . «ئۇسۇنلاردا ساكلار ۋە توخرىلارنىڭ نەسلى بار» ، «ئىلگىرى هۇنلار ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ، باكتېرىيىگە — ساكلار خانىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىپ، كەشمىرگە هۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى، كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىر قانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى» [69] .

«ئەركەشتام بەگلىكى ··· ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇسۇنلار بىلەن ئوخشاش، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇلار ئەسلىي ساكلارنىڭ ئەۋلادى» . [70] ئۇلۇغچات (جۇەندۇ) بەگلىكى ··· ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى» [71] . بۇ بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، پەرغانە ۋە قەشقەر رايونى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ [72] .

ساكلار قەدىمكى هىندىستان ئارى قەبىلىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «راما يانا» ۋە «ماخاپخاراتا» قاتارلىقلاردا بولسا «ئىسكىف» ئىبارىسى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

ساكلار، قەدىمكى زامانلاردا ئۆزلىرى ۋە ھەرقايسى خەلقلەر تەرىپىدىن خىلمۇخىل ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ بەزى خاتىرىلىرىگە ئومۇمىي نامى خاتىرىلەنگەن، بەزىدە چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بىلەن، يەنە بەزىدە كىچىك قەبىلىلىرى، ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە تىلى ھەققىدە هازىر ناهايىتى نۇرغۇن مۇنازىرىلەر بار. ف. ئېنگېلس ئۇلارنىڭ هىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى رايونلاردا پەيدا بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ [73] . بەزى ئالىملار ساك تىلىدىن ساقلىنىپ

قالغان تەۋىتى (ئوت)، زەرىنە (بوغا)، سىۋالىيو (كۆن)، تەرىتىۋارو (ئـاقـسـاقـال)، ماخـاكـاناگ (چوڭ خان)، كاناگ (قاغان) قاتارلىق ئاتالغۇلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە تەۋە خەلقلەر ئىدى، دەيدۇ[74].

X ئەسىردە نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق تارىخ كىتابىدا بولـسـا، ساكـلارنىڭ ئۆز پادىـشـاھىنى «پەغـپـۇر» (Fahgfur) دەپ ئـاتـايـدىغانلىقىنى ۋە ئۇنتۇرا ئەسىردە ئىرانلىقلارنىڭ جۇڭگو پادىشاھلىرىنى بولسا «پەغپۇرى چىنى» دەپ ئاتايدىغانلىقى دەل ئەنە شۇ ساكلارنىڭ تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان[75]. بەزى ماتېرىياللاردا بولسا، ساكلار تۈركىي تىللىق خەلق سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ياكى قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىر خەلق دەپ ھېسابلانغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان كۆپ توملۇق «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 1960 — 1961 - يىللىق خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1 - تومى، 625 -، 629 - بەتلىرىدە «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV - VI ئەسىرلەردە ساك - سارماتلارنىڭ مەدەنـىـيـتـى ئوخـشـاش بولـغـان»، «ساك - سارماتلار ئاندۇرونوۋلارنىڭ ئەۋلادى» دەپ يازغان ھەم بايقال - مـىـنـۇسـىـنـىك، ئالتاي، شەمەي - زايسان رايونلىرىنى كونا دىڭلىڭلار پائالىيىتىگە باغـلاپ ئىـزاھـلىغـان. شۇ كـىـتـابـنـىـڭ 2 - توم 237 -، 609 - بەتلىرىدە «دىڭلىڭلار غەربىي سىبىرىيىدىكى ياۋروپا ئاھالىلىرى بولۇشى ئېھتىمال»، «ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا خـۇاڭـخـې ۋادىسىغا كۆچكەن قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقى نامەلۇم» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە ساكلار بىلەن دىڭلىڭلار بىر خەلق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بىزگە مەلۇمكى، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە دىڭلىڭلارنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن ئىكەنلىكى خېلى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ۋەھالەنكى، قەدىمكى زامان مۇئەللىپلىرى ساكلار بىلەن دىڭلىڭلارنى بىر دەپ ھېسابلىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ۋىزانتىيە ئەلچىسى مـىـنـانـدىر (Minandir) مىلادىيە 569 - يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئىمپېراتور جوستىنىگە «بۇ خەلق بۇگۈن تۈرك

ئىسمى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، (ئۇلار) قەدىمكى زاماندىكى ساكلار ئىدى»[76] دېگەن. «قازاق س. س ر تارىخى» دا ساكلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى قىلىپ بايان قىلىنغان[77].

ئېلىمىز تارىخچىلىرىدىن شۇ زۇڭجېڭ قاتارلىقلار ساكلار ھەققىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئانالىز ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساك ـ سكىتاي خەلقلىرىنىڭ ئاسىيادىكى ئاق تەنلىك ئىنسان تۈركۈمى سۈپىتىدە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قارا دېڭىز، غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان، ئىران ئېگىزلىكىگە سوزۇلغان قىسمىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈمىنىڭ شەرققە يەنسەي ـ بايقال ۋادىسىغا، جەنۇبقا موڭغۇلىيە دالاسى ۋە چۇغاي تاغلىرى باغرىغا كۆچكەنلىكىنى، قارا سۇ (سۆك) مەدەنىيىتى ۋە بايقال ئەتراپىدىكى خۇدات (خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خۇجى — 呼揭 نى شۇنداق تىرانسكرىپسىيە قىلغان)، ساك دۆلىتى (خەنزۇچە «索国» ـ سۆك ـ ساك ئېلى بولسا كېرەك دېيىلىدۇ) مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، يەنە غەربكە قوچو ـ پىشامشان ـ كوسەن تەرەپكە، شىمالغا ئالتاي ـ يەنسەي ـ زايسان زېمىنىگە سوزۇلغەنلىكىنى، تۇرپان خۇجى (呼揭 ياكى ئوغۇر) لىرى ئەنە شۇ خودات ساكلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان.[78] بۇ كۆز قاراشلارنى پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن «سكىتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق ھېسابلايدۇ: دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ھەربىي پائالىيەتلىرى ۋە ھۇن تەڭرىقۇتلىقى يۈرۈشلىرى بىلەن ئالاقىدار بۇ خىل كۆچۈش ـ يۆتكۈلۈشلەر نەتىجىسىدە، ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقى ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئاشىد غارى نامىدا ئاتالغان مەلۇم موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان قەدىمكى تېلېلەرنىڭ ئاشىد ئۇرۇقى بىلەن قوشۇلغان ۋە ئالتايدا رورەن ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىنغان تۆمۈرچى قەبىلىلىرىگە ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ‹تۈرك› نامى بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە ھۇن ـ خۇدات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقان («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان

قىلىنغان) .

تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر شۆزۈڭجېلىڭ ۋە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىنلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشاش ساكلارنى شەرقىي ئىران تىلى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئورغۇن قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر سىياسىي ئىتتىپاقى بولسا كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ: سىماچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتا پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە (ھازىرقى ئىران ئەتراپى) بولغان دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ تىللىرىدا ئانچە- مۇنچە پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىدۇ، دەپ يېزىلغان. يەنە خەنزۇچە باشقا بىر مۇنچە قەدىمكى تارىخىي كىتابلاردا ساكىيان رايونىدا ياشايدىغان ۋە ساكلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان دىڭلىڭلار (ئاساسەن بايقال كۆلىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان) ، ئالان (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان ساك سارماتلىرى) ، خەزەر (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان) ، قاڭلى (ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان) قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەرنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ساكلاردىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ئىتتىپاق جۇڭگونىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى كۈچەيگەن ۋە باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەن[79] .

خۇلاسە قىلغاندا، ساكلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى ئادەملەر ئۇيۇلمىسىنىڭ بىر گۇرۇھى، ئۇلارنىڭ نامى كېيىنكى زامانلاردا غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن نەسىل ـ پۇشتى يوقالماي يېڭى ئېتنىك تەركىبلەرنى زورايتىشقا ھەسسىسىنى قوشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قان تەركىبلىرىدە ساكلارنىڭ قېنىنىڭ بار ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە تەرەپتىن ئىسپاتلانماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاۋدىيېۋ «ساكلار ··· قەدىمكى چاغلاردىن بېرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن تاجىكلار ۋە تۈركىي تىللىق ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى[80]» دەپ يازغان

بولسا، تارىخشۇناس جۇ ۋېيجۇ ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ساكلار بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ساكلار (ياكى بۆرۈندىن ئولتۇراقلاشقانلار) نىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاخىرى يەنە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى[81]» دەپ يازغان.

چيەن بوچۈەن ئەپەندى «قىزىل قان دانچىلىرى تۇخۇم ئېقى... دىن غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم يۈتكىلىشىگە نەزەر» ناملىق ماقالىسىدا قان تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن، «ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا دېڭىز كىشىلىرىنىڭ قان سىستېمىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىمالىي ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قان سىستېمىسىمۇ بار»[28] دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

6. *توخرىلار*

توخرىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېتۈك مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ تۈركلەر دېگۈچىلەر، تىبەتلەر دېگۈچىلەر، ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر دېگۈچىلەر، ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ دېگۈچىلەر ۋە سوغدى دېگۈچىلەر بار. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللاردا بابىلونىڭ قوشنا رايونلىرىدىن گەنسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن دەيدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە توخرىلارنى يۈشى - يۈجى ( 禺知,禺氏 )، چوڭ يۈشى ( 大月氏 )، كىچىك يۈشى ( 小月氏 ) دەپ يازغان بولسا، ياۋروپالىقلار توخرىلار ماكانلىرىنى توخارىستان دەپ ئاتاشقان. ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر، جۈملىدىن شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەردە توقرى، توخرى، توغرى دەپ يېزىلغان ھەم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلار ياۋچىلار،

يىغىچىلار دەپ ئاتىماقتا. كەلپىندە يۇرچى دېگەن يەر بار. بۇنىڭ بەلگىلىك باغلىنىشى بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ.

مىلادىيىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يازما ھۆججەتلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، توخرىلار گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بولۇندىر دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشىغان بولۇپ (يەنى دۇنخۇاڭ، چۇغاي تېغى ئەتراپلىرىدا)، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. توخرى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى، يۆشى- يۆجى ئۇنىڭ بىر قەبىلىسى دېگەن قاراش بار. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 170- يىلى ئۆپچۆرىسىدا ھۇن تەڭرىقۇتى مودۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ ئىلى دەريا ۋادىسىدا ماكانلاشقان، ھۇن تەڭرىقۇتى روشان (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174- 161- يىللار) دەۋرىدە يۆشىلەر ھۇن- ئۇسۇن بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ زەربىسى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى تاشلاپ پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. غەربكە كۆچكەن مۇشۇ توخرىلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇلۇغ يۆشىلەر ( 大月氏 ) دەپ ئاتالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۇپىتىدە غەربىي رايونغا كەلگەن جاڭ چيەننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 128- يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئۇلۇغ يۆشىلەر ئېلىغا بارغانلىقى، يۆشىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى پائالىيەت مەركىزىنىڭ يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى ئېكەنلىكى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 125- يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئۇلۇغ يۆشىلەر باكتېرىيە (ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكى، ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇب قىسمى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلار) نى ئىشغال قىلغان ۋە باكتېرىيىنى بەش بۆلەككە بۆلگەن. ھەر بىرىگە بىر يابغۇ (تاجىلىق بەگ) باشچىلىق قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇشان يابغۇسى قۇجۇلا كادفىس كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، غەربتە فارفىيە (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى) نىڭ مىرف شەھىرىنى، شەرقىي جەنۇبتا كابۇل دەرياسى ۋادىسى ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە،

شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ جەنۇبتا ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان جايلاردا كۇشان ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگەن.

كۇشان ئىمپېرىيىسى كانىشكا (قۇجۇلا كادفىسنىڭ ۋارىسى، ۋىما كادفىسنىڭ نەۋرىسى، تەخمىنەن مىلادىيە 45 -، 78 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە تازا قۇدرەت تاپقان. بۇ دەۋردە ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا خارەزمدىن جەنۇبتا ھىندى دەرياسى ۋە كانگا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، غەربتە ئارال دېڭىزىدىن شەرقتە كۆكئارت (پامىر) غىچە كېڭەيگەن. پايتەختى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى لوسابىرا شەھىرى (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرى) گە يۆتكەلگەن. بۇ شەھەر ئۆز ۋاقتىدا قەندىھار شەھىرى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بەزى تارىخنامىلەردە كۇشان ئىمپېرىيىسى قەندىھار ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتالغان. كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن، كۇشان ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى كەسكىنلەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ دائىرىسى كەڭ، مىللەت تەركىبى مۇرەككەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ئىدى، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىمۇ ئەۋج ئالغان ئىدى، مانا شۇنداق دەۋردە يەنى مىلادىيە III ئەسىردە، ئىران ئېگىزلىكىدىكى ساسانى قەبىلىلىرى كۈچىيىپ، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە ئىمپېرىيە زېمىنى بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادىيە IV ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاخىرقى زېمىنىنى شەرقتىن كەلگەن ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار) ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كۇشان ئىمپېرىيىسى مۇنقەرز بولغان.

كۇشان ئىمپېرىيىسى قۇلدارلىق تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن، ئىمپېرىيە زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، دېھقانچىلىقمۇ پەيدىنپەي راۋاجلانغان.

غەربىي رايوندا توخرىلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى قەدىمكى چاغلاردىلا باشلانغان. قارا شەھەر، كۇسەن خانلىقلىرى توخرىلارنىڭ مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى دېگەن قاراش خېلىلا كۈچلۈك. ئۇلار يەنە ئىلى ۋادىلىرى، لوپنۇردىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان يەرلەردە ئىز قالدۇرغان. بۇ توخرىلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردىن مىلادىيە Ⅷ - Ⅸ ئەسىرلەرگىچە شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىسمۇ، كېيىنچە نام - نىشانى يوقىلىپ ئاساسەن ئۇيغۇر مىللىتىگە قېتىلىپ كەتكەن [83].

7. *سوغدلار*

سوغدلار (سوغدىيانلار) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V - Ⅳ ئەسىردىن مىلادىيە X ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ يىپەك يولى سودىسىدا بەك ئاكتىپ ۋاستىچىلىك قىلىپ ئالاھىدە زور رول ئوينىغان [84].

قەدىمكى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، سوغدلار ماۋارا ئۇننەھردە ياشىغان، ئەرەب ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، زەرەپشان ۋادىسى بىلەن قەشقەر دەريا ۋادىلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» دە بايان قىلىنىشىچە، سوغدلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقى بولغان. شۇنىڭدەك ئۆز زامانىسىدا (X ئەسىردە) بىر قىسىم سوغدلار بالاساغۇن ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن، لېكىن بۇلار تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلىغان. ئىككى خىل تىلدا (سوغدچە، تۈركچە) ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولغان.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «ھۇدۇدۇل ئالەم» قاتارلىق كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدلارنىڭ بەش كەنتى بولغان. يەنە سۇ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى، لوپنۇر رايونى، خېشى كارىدورى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغد سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان. بۇنىڭ

ئىچىدە لوپنۇر رايونىدىكى سوغد كەنتى بەك داڭلىق بولغان. مىلادىيە VII – VIII ئەسىرلەردە مۇنداق سوغد كەنتلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان.

سوغدلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مۇستەقىل خانلىق قۇرمىغانلىقى مەلۇم.

سوغدلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقى بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ يېزىقلىرى سام يېزىقىدىن كەلگەن، ئارامى يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقنى ئالدى بىلەن پارسلار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. ئىراندىن تېپىلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسىنىڭ كۇمۇش ئاقچىلىرىدا ۋە نىيەدىن تېپىلغان مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت پۇتۇكلەردە پارسلار ئىشلەتكەن بۇ يېزىق ئۇچرايدۇ. سوغدلارغا بۇ يېزىق پارسلاردىن ئۆتكەن.

VII – VIII ئەسىرلەردە سوغد تىلى- ۋىزانتىيەدىن تارتىپ چاڭئەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا يىپەك يولى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان سوغدلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان ۋە شۇ يىپەك يولى بويلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق باشقا خەلقلەرنىڭ زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى ئوبدان بىلگەن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا پايدىلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا سوغدلارنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. مەسىلەن، ئوۋ ياڭشۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» دە «دەيزۇڭ زامانىسىدا توققۇز ئوغۇز سوغدلار (خۇ) ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دېيىلىپ پايتەختتە ماكانلاشقان» دېيىلگەن بولسا، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز نەسلى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى قۇدرەت تاپقۇزغان سوغدىيانلار ئىدى، دېيىلگەن.

دېمەك، تۈركىي تىللىق خەلقلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغۇچى رايونلاردا ياشايدىغان سوغدىيانلار تۈركىيلىشىپ ھازىرقى ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇرۇنقى سوغدلاردىن پەقەت زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ياغناپ دەرياسى بويىدىلا

بىر قىسىم خەلق ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالدى (ھازىرقى ئامۇ، سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدا).

8. *ئىپفتالىتلار* خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە (ئۇلار خەنزۇچە «嚈哒» دەپ يېزىلغان) ئاساسلانغاندا، ئوغۇرلار ياكى ئىگىز قاڭقىللىقلار بەزىلەرنىڭ قارىشى بويىچە ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مىلادىيە V ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، ئىراننىڭ بىر قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا «ئىپفتالىتلار خانلىقى» نى قۇرغان، ئۇلار ئادەتتە «ئاق ھۇن خانلىقى» مۇ دېيىلىدۇ. ئىپفتالىتلار ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان. مىلادىيە 563 ـ 567 ـ يىللىرى تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان ھەم ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىپفتالىتلار ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىپفتالىتلار كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەرمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، لى يەنشۇنىڭ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. ئىپفتالىتلار خانلىقى» («北史 • 嚈哒国») دا «ئىپفتالىتلار... ئىگىز قاڭقىللىقلارنىڭ باشقىراق ئۇرۇقى... ئۆرپ ـ ئادىتى تۈركلەر بىلەن ئوخشاش» دېيىلگەن بولسا، لىڭخۇ دېفىن يازغان «جۇنامە». (50 جىلد). ئىپفتالىتلار تەزكىرىسى» دە ئىپفتالىتلارنىڭ «جازا قانۇنى، ئۆرپ ـ ئادىتى تۈركلەر بىلەن ئوخشاش». دېيىلگەن.

9. *چياڭلار*

چياڭلار ئەڭ دەسلەپ چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان مياۋ قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، شيا سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XXI — XVI ئەسىر) دىن بۇرۇنقى بەش ئاقساقال[85] دەۋرىنىڭ ئەڭ كەنجى ئاقساقىلى شۇن (يۇشۇن) ئۇلارنى بۇ جايدىن كۆچۈرۈپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەنۋېي رايونىغا يۆتكىگەن. كېيىنچە، ئۇلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرق تەرەپلىرىدىن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان، لوپنۇر رايونلىرىغىچە كېڭىيىپ،

كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770 ـ 221) دە ئۇلار تەدرىجىي كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384 ـ يىلى چىن بەگلىكى چياڭ قەبىلىسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى جەنۇبقا ۋە غەربىي شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان.[86] غەربىي شىمالغا كۆچكەن قىسمى پامىر تاغلىرىغىچە تارالغان بولۇپ، ئۇلار كېيىنچە يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان.[87] جەنۇبقا كۆچكەن بىر قىسمى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان.

10. *خەنزۇلار*

خەنزۇلار قەدىمكى دەۋردە خۇاشيا ( 华夏 )، جۇڭخۇا ( 中华 )، شيا ( 夏 )، جۇشيا ( 诸夏 )، خۇا ( 华 )، چىنلىقلار ( 秦人 )، خەنلىكلەر ( 汉人 )، تاڭلىقلار ( 唐人 ) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەجدادى شيا، شاڭ ۋە جۇ قوۋملىرىدىن، يەنە چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پائالىيەت قىلغان بىر مۇنچە بەگلىكلەردىكى قوۋملاردىن سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

خەنزۇ خەلقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇلارنىڭ تارىخىنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن ھېسابلاشقا بولىدۇ. خەنزۇ خەلقى دۇنيادا مەدەنىيىتى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. يىراق قەدىمكى دەۋردە ئۇلار ئاساسەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ساھىلىدا پائالىيەت قىلغان.

شىنجاڭ تارىخىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىش تارىخى قەدىمدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە قويۇق

باردى ـ كەلدى قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزئارا قۇدا ـ باجا بولۇپ قان تەركىبلىرىدە ئارىلىشىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلگەن. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت بۇنىڭ بىر مىسالى. شىنجاڭدا ياشىغان بىرقىسىم خەنزۇلار ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنلەر يالغۇز موڭغۇللار ئەمەس، بىرگە مەلۇمكى بۇرۇن شىنجاڭدا، بولۇپمۇ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا قۇمۇلدا يەنە خۇيخۇي، موڭغۇل، قاراخۇيلار بار ئىدى، دېيىلىدۇ. بۇ خەلقلەر ۋە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن.» (شۇ كىتاب، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى 329 ـ بەت). بۇ قاراشنى يەنە باشقىلارمۇ تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[88]

مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىلا خەنزۇ سودىگەرلىرى غەربىي رايونغا كەلگەن. جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، غەربىي رايونغا كېلىدىغان خەنزۇلارنىڭ سانى كۆپەيگەن.

يۇقىرىقى قوۋملاردىن باشقا قەدىمكى رورەنلەرنىڭ بىر قىسمى، چىڭگىزخان دەۋرى (1206 ـ 1227) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىن بىر تۈركىي موڭغۇل قەبىلىلىرى غەربىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان، بۇلار جۈملىدىن ئۇلارنىڭ دوغلات قەبىلىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

دىڭلىڭ، ساك، توخرى، سوغد، چياڭ، ئېفتالىت، قەدىمكى تۈرك قاتارلىقلار ھازىر شىنجاڭدا مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىر قىسمى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساستا ياشاپ تۇرماقتا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن

مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى، غوبى چۆللۈكى ساھىلىدىكى قوۋملار

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ يەنە بىر تارماق مەنبەسى غوبى چۆللۈكى ساھىلىدىكى دىلار، دىڭلىڭلار، تېلېلەر، ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت.

*دى قوۋمى ( 狄族 )*

دىلار ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى خەلق. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مۇتەپەككۇر موزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 468 ـ يىلىدىن 376 ـ يىلغىچە ياشىغان) يازغان «موزى» ( 墨子 ) دېگەن كىتابتا «ياۋ (ئاقساقال) سەككىز دىلارغا نەسىھەت قىلغان» دېيىلگەن. بۇ يەردە دى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ياۋ ( 尧 ) بولسا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ئۆتكەن قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، ياشىغان زامانى 6000 — 8000 يىل (ياكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4000 — 5000 ـ يىللار) بۇرۇنقى چاغقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇلاردىن بىلىنىدۇكى، دىلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققانلىقىغا ئەنە شۇنداق ئۇزۇن يىللار بولغان. «دوساڭ موڭغۇل تارىخى» نىڭ 1 ـ بابىدا «خەنزۇچە ھۆججەتلەردە يىراق قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنسان تۈركۈملىرى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي نامى دى دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

جۇڭگونىڭ شيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى زامانىدا دى قوۋمى ناھايىتى كۆچەيگەن ۋە زېمىن دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. خەنزۇچە «چۇنچيۇ» ( 春秋 ) ، «زۇ چيۇمىڭ تەزكىرىسى» ( 左传 ) قاتارلىق كىتابلاردا دى قوۋمى ئاساسەن غوبى (گوبى ـ 漠北 ) چۆللۈكىنىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ ھازىرقى شىمالىي شەنشى، سەنشى، ئىچكى موڭغۇل، خېبېي ئۆلكىلىرىدىكى تەيخاڭشەن، داچىڭشەن قاتارلىق تاغلارنى ئاساس قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمدى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

Ⅳ ئەسىرلەردە ئىراندا كىتاب بولۇپ چىققان «ئاۋېستا» ۋە پارس ـ تاجىك شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى يازغان «شاھنامە» دىكى رىۋايەتلىك بايانلارغا قارىغاندا، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى «دى» دەپ ئاتالغان قوۋمنىڭ تۈرك دەپ ئاتالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاساسەن ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنى تۇران دەپ ئاتالغانلىقى، بۇ نام تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئەجدادى بولغان «تۇر» دېگەن ئادەمنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ[89]. يەنە بىر قاراشتا دى ـ تۇر ـ تۈرك ـ تۇران بىر مەنىلىك سۆز بولۇپ، «تەڭرى» ئۇقۇمىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقىرىقى تۆت ئاتالغۇنى «تۇران» دېگەن غەربچە تەبىرگە سېلىپ، «تۇرانىيلار» ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يىراق مەنبەسىدىن بىرى دېگەن قاراشمۇ بار[90].

دېمەك، يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دى يەنى تۈركىي قوۋملار ياۋ، شيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى ھۆكۈم سۈرگەن بىر قانچە مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە شەرقتە ھازىرقى شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان. خەنزۇچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا پەقەت ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە ئىران زېمىنىغا يېقىن جايلاردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى بايان قىلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بىر تۇتاش قەبىلىلەردىن ئىدى. («ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» )

قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا دى قوۋمى ئاساسەن ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار «قىزىل دى» ( 赤狄 )، «ئاق دى» ( 白狄 ) ۋە «توپ دى» ( 众狄 ) ياكى «كۆك دى» ( 青狄 ) دەپ ئاتالغان. ئالىملار دى قوۋمىنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىنى شامان (قامان) دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشەندۈرگەن. شامان دىنىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شامان

دىنىدا كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭلەر شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال دېگەن تۆت تەرەپ ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان قىزىل دىلار ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە تەيخاڭشەن تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا، ئاق دىلار موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ غەربى ۋە ھازىرقى شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدە، باشقا دى قەبىلىلىرى بولسا (ياكى توپ دىلار) يۇقىرىقى قەبىلىلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ياشايتتى[91]. ئىران تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنغان تۇران رايونىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئاتا- بوۋىسى دەپ ئاتالغان ئەفراسىياپ ناملىق بىر تارىخىي شەخسنىڭ ئىران پادىشاھلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئاخىرىدا ئىراننى قولغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىققانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرلا بايان قىلىنغان.

بۇ دى قوۋمى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرلىشىش، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، تۇراقلىشىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەمما، كۆپچىلىك قىسمى ئاساسىي مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىزچىل ساقلاپ، كېيىنكى زامانلاردىكى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى قوۋملار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بۇلار ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ قىلغان.

*دىڭلىڭلار*

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە دەسلەپ «دىلى» (狄历) دېيىلگەن[92]. دىڭلىڭلار قەدىمكى ھۇنلار رايونىنىڭ شىمالىدا، يەنى ھازىرقى سىبىرىيە تاغلىرىدىكى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشايتتى. بايقال دىڭلىڭلىرى تارىختا «شىمالىي دىڭلىڭلار» دېيىلگەن[93]. بەزى ھۆججەتلەردە يەنە ھازىرقى يەنسەي دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان رايونلاردا، شۇنداقلا ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا ۋە سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا «غەربىي دىڭلىڭ» دېگەن قوۋمنىڭ ياشايدىغانلىقى بايان قىلىنغان[94]. دېمەك، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ شەرقتە بايقال

كۆلىدىن، غەربتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان رايوندا ياشىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىللاردىن باشلاپ دىڭلىڭلار ھۇنلارنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان. مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۇنلار ئاجىزلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ دىڭلىڭلار بەزىدە ھۇنلاردىن ئايرىلسا، يەنە بەزىدە قارام بولۇپ تۇرغان. مىلادىيە 85 - يىلى، دىڭلىڭلار ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان. مىلادىيە III ئەسىرلەردە دىڭلىڭلار تازا كۈچەيگەن. مىلادىيە IV ئەسىردە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى تېلې ياكى ئېگىز قاڭقىللىقلار دېگەن نام بىلەن مەيدانغا چىققان. ئومۇمەن، دىڭلىڭلار تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارماق تەركىبى قىسمىنىڭ ئەجدادىنى بىۋاستە دىڭلىڭلارغا باغلاپ بايان قىلىدۇ. بۇ تارىخشۇناسلار ئېتىراپ قىلغان ئورتاق يەكۈن.

*ئېگىز قاڭقىللىقلار ۋە تېلېلەر*

ئېگىز قاڭقىللىقلار توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇمات خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان. يەنى «ئېگىز قاڭقىللىقلار قەبىلىسى قەدىمكى زاماندىكى قىزىل دى ( 赤狄 — چىدى) لارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار دەسلەپ ‹دىلى› دېيىلگەن. شىمالىي قەبىلىلەر بولسا ئۇلارنى ‹چىلى› دېگەن. شيا قەبىلىلىرى (خەنزۇلار) بولسا ئۇلارنىڭ گاۋچې - دىڭلىڭ (ئېگىز قاڭقىللىق دىڭلىڭلىرى) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئانچە - مۇنچە پەرق قىلىدۇ» .

دەسلەپ ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن چاغدا، ئۇلار ئاساسەن ھازىرقى سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توغلا، سېلىنگا، ئورقۇن دەريا ۋادىلىرى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا ياشايتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرى ئون نەچچىگە يەتكەن. مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈچلۈك تېلېلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق -

ئايماقلىرى 40 تىن ئارتۇق ئىدى. ياشىغان جايلىرى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن رۇم ئىمپېرىيىسىگىچە بېرىپ يەتكەن.

تېلې قەبىلىلىرى كېيىنكى زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان قەبىلىلەرنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولۇپ قالغان.

*قەدىمكى ئۇيغۇرلار*

قەدىمكى ئۇيغۇرلار شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «يۈەن خې» ( 袁纥 ) ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېيخې ( 韦纥 ) ، ۋۇخۇ، ئۇخې، خۇجى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىخى يۇقىرىقى دەۋرلەر بىلەن چەكلەنمەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار دى، دىڭلىڭ، تېلې، ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ بەزى يېتەكچى قەبىلىلىرى سۇپىتىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالى، موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تارىخىنى داۋاملاشتۇرغان. مىلادىيە 600 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە يارىشا خانلىقىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۇرگەن. تۈرك خانلىقى زامانىسىدا باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن كۆپ چاغلاردا ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە بىرلىكتە ئىناق ئۆتكەن. 744 ـ يىلى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندا، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن، بىر مۇنچە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. تۈرك خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. 840 ـ يىللىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسى مەركىزىي ئۆلكىسى پارچىلىنىپ، قەبىلىلەر بىر قانچە يۆنىلىش بويىچە جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب، غەربكە سۈرۈلگەن. بۇ قەبىلىلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىقلارنى قۇرغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە يىراق ئۆتمۈشتىلا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، ۋېي شۇ يازغان «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» 103 ـ جىلد، «ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» ۋە لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ «بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ جىيەنى ئىدى» دېيىلگەن. ليۇ شۈي

يازغان «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلدتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى هۇنلاردۇر»، ئوۇ ياڭشۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلدتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى هۇنلاردۇر»، مادۇەن يازغان «يازما هۆججەتلەر تەتقىقاتى» (文献通考) 347 ـ جىلدتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى هۇنلاردۇر»، شۆجۈجىڭ يازغان «بەش سۇلالە تارىخى» دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى هۇنلاردۇر»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «ئومۇمىي قامۇسنىڭ داۋامى» (续通志) 636 ـ جىلدتا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى هۇنلاردۇر» دەپ يېزىلغان. بۇ خاتىرىلەر هۇنلارنىڭ پارچىلانماستىن ئىلگىرىكى قىياپىتى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ هېسابلانغانلىقىنىڭ ئىنىكاسى. هۇنلار مىلادىيىدىن بىر ـ ئىككى ئەسىر كېيىن پارچىلىنىپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارالغان. بىرمۇنچە قەبىلىلەرگە قېتىلىپ ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يىراق بىر ئېقىن هۇن مىللىي گەۋدىسىگە تۇتىشىشتىن باشقا، هونلارنىڭ قالدۇق قەبىلە ـ ئايماقلىرى «هۇن» نامى ئاستىغا قايتىدىن ئۇيۇشۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇل يايلاقلىرىدا هەرىكەتلىنىپ تۇرغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن «تاشقى توققۇز قەبىلە» نىڭ بىرى «قۇن» (浑) بولۇپ، بۇ نام «هۇن» لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك [95]. يەنە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى هېسابلانغان بايىرقۇ (拔曳固) قەبىلىسىمۇ هۇنلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى («شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» خەنزۇچە، 73 ـ بەت). بىر قاتار تارىخىي ئەهۋاللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خې شىڭلياڭ ئەپەندى بىر قىسىم هۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەركىبىگە قېتىلىپ كەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس دەپ هېسابلىغان [96].

تارىخشۇناس جۇۋبيجۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى مەسىلىسى هەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان هۇنلار بىلەن يەرلىك قوۋملارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىرىكىشى شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى قوشۇلۇش،

ئارىلىشىشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا بۇ يەرلىك مىللەتلەر كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق كېلىپ چىقىشىدىكى بىر يىلتىز بولۇپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۇنلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەت مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» [97].

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل مەجمۇئەنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» ناملىق كىتابتا «بىر قاراشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ ھېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىرقىسىم قاراشلار ھېسابلىنىدۇ، خالاس. [98]

*تۈركلەر*

بۇلار ئادەتتە ئورقۇن ۋادىسىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلىپ خانلىق تىكلىگەن قەدىمكى تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدە تۈركلەر توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە لىڭخۇ دېفىن يازغان «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. «تۈرك» (Türk) دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخشۇناسلار ئارىسىدا خېلى ئىزدىنىش قىزغىنلىقى بار. بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭ قەدىمكى بابىلون يېزىقىدىكى (degir—tegir) دېگەن ئاتالغۇغا ئالاقىدار قىلىپ چۈشۈندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەنزۇچە (di—狄) دېگەن خەت (Türk) نىڭ ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ئىپادە قىلىنىشى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئالىملار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۈرك» دېگەن بۇ نام ئىرانلىقلارنىڭ قەدىمكى كىتابى «ئاۋېستا» دا «Drukh» دەپ، كېيىنكى زامانلاردا قېلىپلاشقان «Turk» دېگەن سۆزگە خېلى يېقىن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان دېگەن قاراشتا بولغان ھەم «Drukh» دېگەن بۇ ئىسىم دەل ئارىيانلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان چەبدەس چەۋەندازلار بولغان تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. تارىخشۇناس ئالبېرت پايىك «مېنىڭ ‹Drukh› نىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكىدە

قىلچە گۇمانىم يوق، ئۆزگەرگەن بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ تىلىدىكى ئۆزىنى ئاتىشى بولسۇن ئارىيانلار ئۇلارنى 〈 Drukh 〉 دەپ ئاتاشقان» دەيدۇ ( Albert Pike «Lecturesofthe Arya» - «ئارىيانلار ھەققىدە لېكسىيە» ، ئامېرىكا ئالىي كومىتېت نەشرىياتى 1930 - يىل نەشرى 217 - بەت) . [99]تۈركلەر ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا رايونلىرىدا يېيىلىپ تەكرار بىرلىشىش ۋە پارچىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مىلادىيە 552 — 744 - يىللىرى موڭغۇل دالىسىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلغان ھالدا «تۈرك خانلىقى» نى قۇرغان. بۇ خانلىقنى قۇرغان تۈركلەر ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە تېلې قوۋمىدىن بولۇپ شەكىللەنگەن.

بۇ خانلىق تەركىبىدە بىر مۇنچە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر يەتتە سۇ، پەرغانە تەرەپلەرگە، بىر قىسمى ئىران ئېگىزلىكى، ئىراق ۋە ھازىرقى تۈركىيە تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كېيىنكى بىر قانچە مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى تۈركلەر قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆزى ئەمەس. بىر قىسمى ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدە قالغان. ئۇلار كېلىپ چىقىش، تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر قوۋملىرى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلىشقان. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان بىر ئېتنىك تەركىب ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر تۈرك تارىخى ئالىمى لىن گەن ئەپەندى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى خىلمۇخىل قاراشلارنى ئىلمىي يوسۇندا رەت قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق يەكۈنلەيدۇ: «XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى 〈كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى〉 ۋە 〈بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى〉 دا مۇنداق دېيىلگەن: 〈توققۇز ئوغۇز بۇدۇن كەنتۇ بۇدۇنۇم ئەرتى〉 (توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى) . بۇ تۈركلەرنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشى. نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كۆز قاراش ئۇيغۇرلار بىلەن تىلىلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىغا ئاساسلانغاندا (قەدىمكى) تۈركلەر بىلەن (قەدىمكى) ئۇيغۇرلار ئوخشاش بولۇپ، تۈركلەرنىڭ تىلىلەرگە مەنسۇپلىقىنى كۆرىتۇالغىلى بولىدۇ. ئۇلار تىلىلەرنىڭ بىر تارمىقى» .[100]

قەدىمكى تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولۇشى تۈرك خانلىقى يىمىرىلىپ، بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە قېتىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سانىنى زورايتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ياكى غوللۇق، مۆتىۋەر قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىگە دائىر پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇرشۇناس، پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «‹تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى› نىڭ تەۋەلىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئوۋ ياڭشۈەننىڭ ‹گۇيجەي توپلىمى. قوچولۇق شىي جەمەتى تەزكىرىسى› (ياكى «قوچودىكى شى - سىلىنگالىق جەمەت تەزكىرىسى» ) دىكى ‹تۇنيوقۇق شىي جەمەتىنىڭ ئەجدادى› دېيىلگەن خاتىرىگە ئاساسەن، تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ مەشھۇر ‹تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى› نى غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ‹كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى› ، ‹بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى› ، ‹ئونگىن مەڭگۇ تېشى› ، ‹كۆلچۇر مەڭگۇ تېشى› قاتارلىقلار تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۇ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق[101].

ئۇنداق بولسا «تۇنيوقۇق شىي جەمەتىنىڭ ئەجدادى» دېگەن مەسىلىنى ئىزاھلاپ ئۆتەيلى.

ئوۋ ياڭشۈەن دېگەن بىر ئەدىب 1358 - يىلى «گۇيجەي توپلىمى» (欧阳玄“圭斋文集”) ناملىق بىر كىتاب يازغان، ئۇنىڭغا «قوچولۇق شىي جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» (高契氏家传) دېگەن بىر رىسالە كىرگۈزۈلگەن. بۇ نەسەبنامىدە قوچولۇق شىي جەمەتىنىڭ 700 يىللىق

ئاساسلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى كىرگۈزۈلگەن. ماتېرىيالدا يېزىلغانلارغا ئاساسلانغاندا، شىيې جەمەتىنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ قوچودا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ ماكانلىرى غوبى يايلىقىدىكى سېلىنگا (بۇ دەريا نامى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە 契苾河 ، 契苾杰 ، 起苾谷 ، 薛凉格河 ، 薛灵哥河 دېگەندەك خەتلەر بىلەن يېزىلىپ كەلگەن) دەرياسى ساھىلىدە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. بۇ جەمەتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى تۇنيوقۇق بولۇپ، ئۇ تۈرك خانلىقى دەۋرىدە باش ۋەزىر بولغان، قىزى بوپۇ قاتۇننى تۈرك خانى بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلغان. ئۇ ئىككىنچى ئاق سۆڭەك قەبىلە ئاشىد قەبىلىسىدىن. تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان چاغدا بوپۇ قاتۇن بىر بۆلۈك قەبىلىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە كەتكەن. تۇنيوقۇق بولسا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قېلىپ ئۇلار بىلەن ياراشقان، كېيىنچە ئوردىدا مۇھىم خىزمەت ئىشلىگەن. «قوچولۇق شىيې جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» دا بولسا «تۇنيوقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن» دېيىلىپ، ئۇنىڭ 120 ياش ياشىغانلىقى ئېيتىلغان. بەزى ئالىملار تۇنيوقۇق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ باش ۋەزىرى بولغان دەپ، قارايدۇ [102]. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر خانلىقىدا تۇنيوقۇق جەمەتى باش ۋەزىر بولىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت شەكىللەنگەن. 840 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچكەندە ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن تۇنيوقۇق ئەۋلادلىرى تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ، بۇ يەردە تىكلەنگەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ باش ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى زامانىسىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن. تۇنيوقۇق سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا دەۋران سۈرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ تۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپاندىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، ھەر خىل ۋەزىپىلەردە بولغان تۇنيوقۇق جەمەتى ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ تەۋەرۈك يۇرتىدىكى دەريا نامىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى « 契 ، 契 » نى فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان ياكى سېلىنگالىق جەمەت دەپ ئاتالغان. تۇنيوقۇق جەمەتىنىڭ 700 يىللىق

نەسەبنامىسى خاتىرىلەنگەن بۇ كىتابتىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئاشىد ۋە ئاشىنادىن ئىبارەت ئىككى يادرو قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان قوچولۇق شىپ جەمەتى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، پەن - مائارىپ ئىشلىرىغا غايەت زور دەرىجىدە ھەسسە قوشقان. قوچو ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ «تۈرك - ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

دېمەك، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق قەبىلە ئايماقلىرى ئۇيغۇر مىللىتىگە قېتىلىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئېتنولوگىيىسى، تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى، جۇملىدىن مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى مىللەت بولۇپ، بۇ تارىخىي ئىلمىي قاراش. لىن گەن ئەپەندى تۈزگەن، 1987 - يىلى جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلاردىن تاللانما» (《突厥与回纥历史论文选集》,中华书局) ناملىق كىتابنىڭ 1 - بېتىگە بېرىلگەن «تەھرىرلەپ تۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈش» قىسمىدا «تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئوخشاش قوۋم (突厥与回纥同族) بولۇپ، ھەممىسى تېلېلەرنىڭ بىر تارمىقى» دەپ يېزىلىشى، تارىخشۇناس چيەن بوچۈەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا «تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بەلگىلىك قويۇق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن[103]، بەلكى (تۈركلەر) ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن»[104] دېيىش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى قەدىمكى تۈركلەرگە قارىتىلغان، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقى بايان قىلىنغانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى ئىككى تارماقتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى تارماق (مەنبە) تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك قوۋملار.[105] يەنە بىر تارماق، غوبى يايلىقىدىن غەربكە كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن كۆچمەن قەبىلىلەر. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى مەنبەسى ئىچىدە قايسىسى ئاساس قىلىنىشى كېرەك. ھازىرقى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئەمەلىي ۋە قوبۇل

قىلىنىشى مۇمكىن بولغان قاراش، تارىخشۇناس خې جىخۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا تارىم بوستانلىقىدىكى بىر قىسىم يەرلىك ئاھالە ئاساسىي گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى، بەدەن ھالىتى، بەدەن خاراكتېرى (体质、体态、体型) قەدىمكى تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلار بىلەن ئىنتايىن يېقىنچىلىقى بار. بۇ نۇقتىنى تارىم ۋادىسىدىكى مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى تەۋىنغۇچىلار سۈرەتلىرىدە ھەم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى جەسەتلەر ۋە باشقىلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بولغان ۋارىسلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن روشەن.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى كەتمەن، ئىككى ئۆكۈزگە سۆرىتىلىدىغان ساپان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ مىلادىيە III — IV ئەسىرلەردە تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەر ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن ھېچقانچە پەرقى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھىدىرەك، بولۇپمۇ كەڭ كۆلەمدە ئۈزۈم تېلى ۋە مېۋە- چېۋە ئۆستۈرۈش ئادىتىمۇ III - IV ئەسىرلەردىن بېرى تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلار بىلەن ئوخشاش.

ئۈچىنچى، تۇرمۇش، ئۆرپ- ئادەت، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىدىكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، غوبى چۆللۈكىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر

مۇنچە مىللەتلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆرپ - ئادەتلىرى بار. بۇلاردا مەلۇم ئېتىنىك باغلىنىشچانلىق بولغاندىن باشقا دىنىي ئېتىقادتىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىرىمۇ بار، بولۇپمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە تەسىرىدىن شەكىللەنگەن، پۈتۈنلەي ئېتنىك كېلىپ چىقىشى بىلەن ئالاقىسى يوق.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇنداق خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ: ئۇيغۇر مىللىتى شىنجاڭنىڭ تارىم ۋادىسى بوستانلىقىدا (تۇرپان ۋە قۇمۇل بوستانلىقلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن قەدىمكى سۇلېلىقلار، ئۇدۇنلۇقلار، كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار (ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ تارىملىقلار دەپ ئاتىلىدۇ)، قوچولۇقلار قاتارلىق يەرلىك قوۋملارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىرانلىقلار (ساكلار)، توخرىلار، چياڭلار، سوغدلار، دى، دىڭلىڭلار، تېلې، ئېگىز قاڭقىلىقلار ھەم ئىلگىرى - كېيىن غوبى چۆللۈكىدىن كۆچۈپ كەلگەن ياغما، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق بىر قاتار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، قەدىمكى تۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ھەم شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن تۇبۇتلەر، قىتانلار، موڭغۇللار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم شەرققە كۆچكەن ئارىيانلار، سام - ھام خەلقلىرىدىن شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسىنىڭ ئاساسى تارىم ۋادىسى بوستانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئىككىنچى مەنبەسى غەربكە كۆچكەن بىرقىسىم قوۋملاردۇر [106].

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بۇ خىل ئىككى مەنبەلىك قاراش جۇڭگو تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن قاراش بولۇپ [107] قالغانلىقىنى بىز جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى مۇنۇ قاراش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىيەلەيمىز ھەم بۇ خىل قاراشقا تولۇقلىمە بېرىمىز. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى غوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى، شۇنىڭدەك تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى بىر تەرەپتىن مىلادىيىدىن III ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە غوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشاپ كەلگەن دىڭلىڭلار ۋە ئوغۇز (ئوغۇز 乌揭) لارغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرپان ئويمانلىقىدا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم قەدىمكى دېھقان مىللەتلىرىگىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن[108].

دېمەك، «ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە»[109] ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولۇپ[110] قېلىش تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خېلى ئىلگىرىلا مۇقىملىققا ئىگە ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق تىل، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق پسىخىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى[111] بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋىتى بار.

ئاخىرىدا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىزكى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئىككى مەنبەنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل مەنبە ھالىتىگە كېلىشى تەخمىنەن مىلادىيە IX ئەسىرلەرگە مەنسۇپ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، بۇ ئىككى مەنبەنىڭ ئۆزىمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك يەنە ئايرىم- ئايرىم بىر قانچە ئېقىنلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئېقىنلار ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا قوشۇلۇش، يۇغۇرىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندە ئىككى چوڭ مەنبەنىڭ رەسمىي قوشۇلۇش ھادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشىدە تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇپ، چوڭ ئېقىن

ھاسىل قىلىشى، ئاخىرى ئۇنىڭ چوڭ مەنبە ئاساسىغا ئىگە بولۇشىدەك جەريانلارنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش لازىم.

مىللەت ئۇزلۇكسىز يوسۇندا شەكىللىنىش، زورۇيۇش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن قەدىمكى مىللەت بولسىمۇ، لېكىن شەكىللىنىش جەريانى كېيىنكى زاماننىڭ ئۇزاق تارىخىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزلۇكسىز زورىيىۋاتىدۇ، تاكامۇللىشىۋاتىدۇ، يېڭى قان ۋە يېڭى تەركىبلەرنى ئۆزىگە قوشىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھالەت يەنە ئۇزاق داۋاملىشىدۇ ئەلۋەتتە.

مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشى ۋە زورىيىپ تاكامۇللىشىشىدىكى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشنى يېتەكچى قىلغىنىمىزدا ئاندىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولالايمىز، شۇنداقلا بۇ خىل قاراش ئومۇمنىڭ قارىشى بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئۆز قىممىتىنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ساقلىيالايدۇ.

# 3. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىيناملىرى

## 1. «ئۇيغۇر» دېگەن نام ھەققىدە

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىمدىن تارتىپ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نام ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەرخىل خاتىرىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل نامنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى خالاس.

ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە» دە يۈەنخې (袁纥)[112]، ۋېي جىڭ يازغان «سۇينامە» دە ۋۇخۇ (乌护)، ۋېيخې (韦纥)، ۋۇخې (乌纥) دەپ پۈتۈلگەن؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ۋە ئوتتۇرىلىرىدا خۇيخې (回纥) دەپ پۈتۈلگەن؛ مىلادىيە 788 - يىلى (تاڭ دېزۇڭ جېنيۈەننىڭ 4 - يىلى) دىن كېيىن، بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن (金) سۇلالىلىرى دەۋرىدە «خۇيگۇ» (回鹘) دېيىلگەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بولسا تېخىمۇ ھەرخىل يېزىلغان. مەسىلەن، ۋېيۋۇ (畏吾)، ۋېيۋۇ (畏兀)، ۋېيۋۇ ئېر (畏吾尔) قاتارلىق[113]؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپرەك «خۇيبۇ» (回部)، «خۇيمىن» (回民) دېيىلگەن. مىلادىيە 1934 - يىل خەنزۇچە: «维» قوغداش، «吾» بىز، «尔» سىز دېگەن ئۈچ خەتلىك «بىز سىزلەر بىلەن باشقىلارنى قوغدايمىز» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇر» (维吾尔) دېگەن سۆز رەسمىيلەشكەن.[114]

ئۇيغۇر (维吾尔) سۆزى تۇنجى قېتىم بەنگۇ يازغان «خەننامە» دە «ۋۇجيې» (乌揭) ياكى «خۇجيې» (呼揭) شەكلىدە يېزىلغان.

بەزى ئالىملار «ئۇيغۇر» نامىنىڭ يازما ھۆججەتلەردە كۆرۈلۈشىنى

«گۇيفاڭ» لار نامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ ھېسابلاشماقتا. گۇيفاڭلار شاڭ سۇلالىسى زامانى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن VII ئەسىردىن تەخمىنەن 1066 - يىللارغىچە) دا مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرىپىدە پائالىيەت قىلغان چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «دىلار» (狄人) ياكى «شىمالىي دىلار» (北狄) دېگەن نامىمۇ بولغان. «گۇيفاڭ» (鬼方) دېگەن سۆزدىكى «گۇي» (鬼) «گۇر - ghur» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان، كېيىنچە يەنى ئايرىم مەنبەلەردە گۇيفاڭلار «义渠» (yiqu - يىچۇ) دەپ ئېيتىلغان. «义 - يى» خېتى «俄 - ئې» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇنداق بولغاندا «يىچۇ» نىڭ ئەسلىي ئاھاڭى «ogur» بولۇشى كېرەك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»، بەنگۇنىڭ «خەننامە» سىدە تىلغا ئېلىنغان «姑师، 车师» لار «يىچۇ» نامىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، بۇلارمۇ ئەسلىي غۇز - قۇس «guz» ياكى «ghuz» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا (بولۇپمۇ تۈركىي تىللاردا) بوغۇم ئاخىرىدىكى «r» دائىم «z» بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، «ughur» ياكى «uyghur» (ئۇيغۇر قەدىمكى زاماندا خەنزۇ تىلىدا خۇيخې - 回纥، خۇيخۇ - 回鹘 دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان) نى غەرب تەرەپتىكى كىشىلەر «uguz»، «ughuz» دەپ ئاتاشقان. دېمەك، «guz» (ياكى «ghuz») «uguz» (ياكى «ughuz») شۈبھىسىزكى («gur»)، «ogur» (ياكى «oghur») دىن كەلگەن. [115]

بۇ بايانلاردىن شۇنى دەسلەپكى قەدەمدە پەرەز قىلىمىزكى، «ئۇيغۇر» نىڭ قەدىمكى شەكلى «ugur—ogur» (oghur) ياكى «gur» (ghur) ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «鬼» (گۇي) شەكلىدە يېزىلغان. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، گۇيفاڭلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىۋاسىتە مەنبەلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئالىملارنىڭ قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل دەللىللەپ ئېرىشكەن خۇلاسىلىرىنىڭ بىرى. [116]

بۇلاردىن باشقا يەنە بەزىلەر خەنزۇ خەلقىنىڭ قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى «نەزمىنامە. شاڭ قەسىدىسى» ( 诗经·商颂 ) دە «ۋېيگۇ» ( 韦顾 ) دېگەن بىر ئاتالغۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ «ۋېيخې» ( 韦纥 ، ئۇيغۇر) دېگەن سۆزنىڭ دەسلەپكى يېزىلىشى دەپمۇ قارايدۇ. [117]

يۇقىرىقى بايانلارنى داۋاملاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ. تۇتۇ يازغان «سۇڭنامە» ( 宋史 ) دا تىلغا ئېلىنغان «خۇيگۇ»، «سېرىقباش ئۇيغۇرلار» ( 黄头回纥 ) دېگەن ناملار پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن. «خۇيخۇي» ( 回回 ) دېگەن سۆزمۇ شۇنداق مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «خاقانلىقتا قارام ئەللەر توغرىسىدا مۇھىم خاتىرىلەر» ( 皇朝藩部要略 ) دېگەن كىتابتا (1644 - 1799) «سەللىلىك ئۇيغۇرلار» ( 缠头回 )، «ئاق تەقىيىلىكلەر» ( 白帽回 )، «قىزىل تەقىيىلىكلەر» ( 红帽回 )، «خۇي خېئېر» ( 辉和尔 ) دېگەن ناملارمۇ ئىشلىتىلگەن، يەنە «قارا ئۇيغۇرلار» ( 哈剌回 ) دېگەن ناممۇ بولغان.

XI ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە «ئۇيغۇر» دېگەن نام كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. قوشنا ئەللەرمۇ بۇ نامنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، مىلادىيە II ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان ئالىمى پتولېمىي (Clavdus Ptolemy) ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» (Geographice Hyhegesis) ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنى Oickordas دەپ يازغان. [118] ئەنگلىيىلىك ئالىم ھېنرى يۇلې (Henry Yule) پتولېمىي (C.Ptolemy) نىڭ سېرىس (Serice) ئېلى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا ئاساسلىنىپ: «سېرىس ئېلى بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدە، Oikhordas لار ئۇيغۇرلار شۇ» دەيدۇ [119]. ئاتاقلىق رۇس ئالىمى، ئاكادېمىك رادلوف (V.Radloff) مۇ شۇنداق ھېسابلىغان [120]. پروفېسسور گرىگورىيېۋ (V.V.Grigorieff)، ئېنگېلىز ئالىمى رەيتىللو (Raytillo) قاتارلىقلارمۇ Oikhordas لارنى ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى ( Mä s'ûdi 912 — 952) «مۇرۇج ـ ئەد ـ دەخەب» (Murudj adh—dhahab) ناملىق كىتابىدا (Uyghur) دېگەن نامنى بىر قانچە جايدا تىلغا ئالغان[121]. بۇ ئەرەب مەنبەلىرىدىمۇ «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ دەسلەپ زىكىر قىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە «ئۇيغۇر» نامى «ئۇيغۇر خاقانى» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان.

موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر خانى بايانچۇر (مويۇنچۇر، 747—750 ـ يىللاردا خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) نىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان 759 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللارغا مەنسۇپ تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى « 𐰆𐰖𐰍𐰆𐰺 » (ئوقۇلۇشى « Uyhur » ) دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ مەڭگۈ تېشى (موڭغۇلىيە دۆلىتىدىن تېپىلغان) «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ھەم «سۇجى مەڭگۈ تېشى» دا ئوخشاش خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. «ئالتۇن يارۇق» مۇھىم بىر بۇددىزم يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى خەنزۇ، تۇبۇت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان[122]. كىتابەت قىلىنغان ۋاقتى بولسا تەخمىنەن مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى. ئۇنىڭ بىرىنچى جىلد ئاخىرىدىكى خاتىمىسىدە تەرجىمان مۇنداق يازغان: «Mä n Tübüt tilindin uyghur tilingää wihrdim» (مەن تۇبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈدۇم). بۇ جۈملىدە «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن سۆز كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بىرلىككە كەلگەن مىللىي نام ۋە مىللىي تىلنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئاڭ بارلىققا كەلگەن.[123]

«ئۇيغۇر» نامى ھەرخىل مەنبەلەردە خىلمۇخىل شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگىنى ئەڭ دەسلەپكى ئەينەن شەكىلدە يېزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا قەدىمدىن بېرى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچى، تىلشۇناس ۋە ئالىملىرى خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پېرسىيىلىك تارىخچى راشىددىن (Khodja Rashid—ed Fazlullah) يازغان «جامىئۇت تەۋارىخ» (Jami,al—Tawarikh) ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسىنى «ئىتتىپاقلىشىش» دەپ ئىزاھلايدۇ؛ خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «بەيئەت قىلماق»، «ئىتائەت قىلماق» دەپ ئىزاھلايدۇ. راشىددىن XIV — XIII ئەسىرلەردە، ئەبۇلغازى بولسا XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئالىمدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى بۇ سۆزگە بەرگەن ئىزاھلىرى توغرىمۇ يوق؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئاكادېمىك رادلوفمۇ بۇ ھەقتە بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىگەن.

ن. ئا. باسكاكوف ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىچە (1) ئۇيغۇر ـ يوغۇر؛ (2) ئوغۇر ـ ئوگۇر؛ (3) ئوغۇر ـ ئوگۇز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر قەبىلە نامىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بۇلار ھەممىسى «دانىشمەن، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى سۆزنىڭ ھەرخىل فونېتىك شەكىللىرىدىن ئىبارەت. بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇر، يوغۇر، ئۇيغۇر» شەكلىنى ئالغان. «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇز، غۇز، ئۇز» شەكلىنى ئالغان. ئوغۇر، يوغۇر، ئۇيغۇر، ئوغۇز، غۇز، ئۇز دېگەنگە ئوخشاش ئېتنىك ناملارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇن تۈركىي تىللاردا ھەرخىل فونېتىك شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئوق ـ ئۇغ» دېگەن تومۇردىن كەلگەن. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇقماق، چۈشەنمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇ تۈپ سۆز ئالتايلىقلار (ئويراتلار) تىلىدا «ئۇيغۇر» (ئەقىللىق) دېگەن شەكىلدە ساقلانغان. «ئوي» «ئەقىل، ئىدراك» دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلاردا

ئوز (غار) نىڭ «چۈشەنمەك، ئۇقماق» دېگەن شەكىللىرىمۇ قەيت قىلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا بىر تومۇرلۇق «ئۆ-» (ئويلىماق)، «ئۆگ» (ئەقىل، تەپەككۇر) دېگەن شەكىللىرىمۇ بار. مانا مۇشۇنداق «ئۇق-، ئۇغ-، ئۇي-، ئۆي-، ئۆگ» دېگەن مەنىداش تومۇرغا - غۇز (گۇز، قۇز)، گۇر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇغ = ئۇي+غۇر/غۇز، ئۇي+غۇر، ئۇ+غۇر، ئوغ+ۇز، يەنى ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، ئەقىللىق، دانىشمەن، چېۋەر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز كېلىپ چىققان.[124]

دانىيە ئالىمى تومسېن (Tomsen): «ئوغۇز ھازىرقى رۇسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ‹ر› تاۋۇشى دائىم ‹ز› تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، «ئون ئۇيغۇر — ئون ئوغۇز» دۇر دەيدۇ.[125]

بىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىللاردىكى قوشۇمچىلار ئەسلىدە تۈپ سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، غۇر (قۇر، گۇر)، كۇر، غۇز (قۇز، گۇز) قوشۇمچىلىرىمۇ ئەسلىدە بىر مۇستەقىل سۆز بولغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە «كۇر» دېگەن بىر سۆز بولۇپ، بۇنىڭغا مەھمۇد قەشقىرى «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دەپ ئىزاھ بەرگەن[126] [127]. مۇشۇ سۆزنى «غۇر (قۇر، گۇر)، كۇر...» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇستەقىل سۆز ھالىتىدە ساقلانغان بىر ۋەكىلى دەپ چۈشەنسەك «غۇر، قۇر، گۇر، غۇز، قۇز، كۇز، گۇز» لەرمۇ ئەسلىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەرخىل تەلەپپۇز ۋارىيانتلىرى بولۇشى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئالتاي تىلى دەۋرىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «كۇر» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئال+غۇر (ئالغۇر)، كۆر+گۇر (كۆرگۇر).

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوغۇر، ئوغۇز (يوغۇر، ئۇيغۇر) سۆزلىرى ئۇق- ئۇغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇر» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «غۇر، قۇر، گۇر، كۇر» دېگەن سۆز ئالدىغا ئەقىللىق، دانىشمەن دېگەن

مەنىدىكى ئۈغ، ئۈق، ئۈگ، ئوي دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوغ+غۇر، ئۈق+غۇر دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى قاتار كەلگەن ئىككى «غ» ياكى «ق - غ» لارنىڭ تەلەپپۇزدا بىرىكىپ كېتىشى (يەنى ئوغ+غۇرنىڭ ئوغۇر بولۇپ كېتىشى) تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھادىسە.

«ئوغۇر، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» ۋە «ز» مەسىلىسىگە كەلسەك، «ر» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىشىدىغان رايونلاردا «ئوغۇر» دېيىلگەن بولسا، «ز» دىئالېكتى بىلەن سۆزلىشىدىغان رايونلاردا «ئوغۇز» دېيىلگەن[128]. ھازىرقى چۇۋاشلاردا ھېلىمۇ «ر» دىئالېكتى ساقلىنىپ قالغان. ھازىرقى شىنجاڭ كۇچا رايونىدا «ز» دىئالېكتى ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، سەھرا رايونلىرىدا «ئۆيگە كىرىپ» سۆزى كۇچادا «ئۆيگە كىزىپ» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر سۆزى مەيلى «ئوق، ئۈغ، ئوي» دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇز (قۇر)» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان تۈپ سۆز بولسۇن ياكى «ئوق، ئۈغ، ئوي» دېگەن سۆزگە «كۈچ» دېگەن مەنىدىكى «غۇر - كۇر» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇ يەنىلا «ئەقىل، كۈچ» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، شۇڭا «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام (بۇنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى بولغان ئوغۇر، ئوغۇز، يوغۇر دېگەنناملار بۇنىڭ ئىچىدە) «چېۋەر، ئەقىللىق، كۈچلۈك، جەسۇر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. [129]دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ شۇ مەنىدە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ چۈشەنگەن. شۇڭا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى تۇنباغا تارقان 789 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر (迴纥) يەنى «回纥» دېگەن سۆزىدىكى خې (纥) خېتىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان، جەسۇر، ئەقىللىق قۇشلارنى بىلدۈرىدىغان (خۇ، گۇ - 鹘) خېتى بىلەن يېزىشنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نامنىڭ بىۋاسىتە مەنىسى «ئىتتىپاقلىق»، «ئۇيۇشقاقلىق» بولماستىن[130]، بەلكى «ئەقىللىق، جەسۇر (كۈچلۈك)» دېگەن مەنىنى بېرىش مۇمكىنچىلىكى

چولڭ. ئوغۇز سۆزىمۇ قوي قوزىلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى سۈت ئوغۇز سۈت مەنىسىنى بىۋاسىتە بەرمەستىن[131]، بەلكى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە دېگەن قاراشتا مەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بەزى تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى بايانلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاراشنى مەلۇم جەھەتتە تولۇقلاشقا ياردىمى بار. مەسىلەن، ليۇشۈي يازغان «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر (回鹘) شۇڭقاردەك چەبدەس، باتۇر» دېگەن مەنىدە دېيىلگەن.

سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ ۋاڭبو يازغان «تاڭ سۇلالىسى تارىخىي بايانلىرى» (王溥:《唐会要》) بىلەن شۆجۇجېڭ يازغان «كونا بەش دەۋر تارىخى» (薛居正:《旧五代史》) قاتارلىق كىتابلاردىمۇ شۇ مەنىدە خاتىرىلەنگەن.

مەھمۇد قەشقىرى يازغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى چەبدەسلىك ـ ماھىرلىقىغا بەرگەن باھاسىنى رىۋايەت شەكلىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى (Mas,udi) «مۇرۇج ئەد دەھەب» (ئالتۇن يايلاق) ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.[132]

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەزەلدىن باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان، ئۇنى ئەلا بىلىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. مەسىلەن، قەدىمدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملاردا ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ، تا بىرەر باتۇرلۇق كۆرسەتمىگۈچە ئۇنىڭغا رەسمىي ئىسىم قويمايدىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، ئۇلار كىچىكىدىنلا ئات ئۈستىدە قورال مەشىقى قىلىشقا ئادەتلىنەتتى. ئۇ چاغدا ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەگكۈزگەنلەر، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەر جەڭچى ھېسابلانغان. بالىلارنى كىچىكىدە قويغا مىندۈرۈپ مەشىق قىلدۇرغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پسخىك خاراكتېرىگە

ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى مەسلىسىدە كېيىنكى كۆز قاراشلار ئاساس قىلىنىشى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

## 2. ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ جاي نامى بىلەنمۇ ئاتالغانلىقى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگىنىزى (يىلتىزى) نىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچىلار يەنى تارىملىقلار (قەشقەرلىك، خوتەنلىك، كۇچالىق، قارا شەھەرلىك) ۋە قوچولۇقلار، ئومۇمەن، تارىختىن بۇيان كۆپ ھاللاردا يەر ـ جاي، جۇملىدىن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەن بۇ تېمىدا مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى دەسلەپكى قارىشىمنى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنىمەن.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلقلەر، ئاساسەن ئۆزلىرى تەۋە بولغان جاي نامى بىلەن ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن، خوتەن تەۋەسىدە ياشايدىغان خەلق «يۈتيەنرېن ـ 于阗人 (ئۇدۇنلۇق ـ خوتەنلىك)» دەپ، قەشقەر تەۋەسىدە ياشايدىغانلار «سۇلېرېن ـ 疏勒人 (سۇلىلىق ـ قەشقەرلىك)» دەپ، كۇچا تەۋەسىدە ياشايدىغانلار «چيۇسىرېن ـ 龟兹人 (كۇسەنلىك ـ كۇچالىق)» دەپ، قارا شەھەر تەۋەسىدە ياشايدىغانلار «يەنجىرېن ـ 焉耆人 (ئاگنىلىق ـ قارا شەھەرلىك)» دەپ، شىمالىي شىنجاڭدىكىلەر غۇز ـ (车师 ـ گۇشى) دەپ، ياكى گاۋچاڭلىقلار، قوچولۇقلار (تۇرپانلىقلار) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا بۇنداقناملار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار ۋە چەت ئەل مەنبەلىرى، شۇنداقلا باشقا تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ بۇنداق ناملار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى «ئۇدۇن خوتەن شەھىرىنىڭ نامى» ـ «خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ ‹ئۇدۇنلۇق› دېيىلىدۇ» دەيدۇ.[133]

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسىيە شىنجاڭغا تەكشۈرگۈچى سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدار ئا. ن. كورپاتكىن مەلۇم تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق «كىشىلەر ئۇلارنى (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) ئۆزلىرى

ئـولـتـۇراقـلـىـشىپ قالغان يەرلەرنىڭ نامى بىلەن قارا شەھەرلىكلەر، يەكەنلىكلەر ۋە خوتەنلىكلەر دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان.[134]

سوۋېت تـىلشۇنـاسـى تېنىشېۋمـۇ بۇ ھەقـتـە توخـتـىلىپ: «شـىـنجـاڭـدا 30 ـ يىللار (1930 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ نـامـى يـەر نـامـى بـىـلەن ئاتىلاتتى. ئىلىلىق، تۇرپانلىق، كۇچالىق، قەشقەرلىك، خوتەنلىك» قاتارلىقلارغا ئوخشاش دەيدۇ.[135]

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتاب، لۇغەتلەردە قەشقەرلىك، خوتەنلىك، كۇچالىق، قارا شەھەرلىكلەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋم (ياكى مىللەت) نامى دەپ ئېنىق يېزىلغان. مـەسىلەن، «دۇنيادىكى مىللەتناملىرى قوللانمىسى» ناملىق كىتابتا: «قەشقەرلىك جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەت» دېيىلگەن.

ئـۇيـغـۇرلار يـاكـى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار «قەشقەرىلەر» (قـەشـقـەرىـيـلـىـك ـ قەشقەرلىك)، «قەشقەر تۈركلىرى» (قەشقەر تـۈركـلـىـرى) دەپ ئـاتـالـغـان ئـەھـۋاللارمـۇ بولغان. مەسىلەن، XIX ئەسىردە ياشىغان ياۋروپالىق، جۈملىدىن رۇسىيىلىك بىر قىسىم ئاپتورلار ئۇيغۇرلارنى ئومۇمەن «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئاتاشقان. ئا. ن. كورپاتكىن «قەشـقـەرىـيـە» نـاملىق كىتابىدا دەل مۇشۇنداق ئىپادىلىگەن. چوقان ۋەلـىـخـانوف مۇنداق يازغان: «كىچىك بۇخارانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قـوشـۇپ ئاتايدۇ... خەنزۇ، مانجۇلار چەنتۇ، قالماقلار خوتۇن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە قىرغىزلار قەشقەرىيىلىكلەر، دەپ ئاتىشىدۇ».[136]

يـۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا يەرلەردىكى خەلقلەر بىر تۇتاش «غەربىي يۇرتلۇق» (西域人) دەپمۇ ئاتالغان.[137]

بۇلاردىن سىرت، سىبىرسىلىقلار، چىنلىقلار، ماچىنلىقلار، تۇرانلىقلار دېـگـەن نـاملارمۇ مۇئەييەن زامان، ماكاندا ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان ئـەھـۋاللار بولغان. لېكىن، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان

مەنىسى كەڭرەك، بەزىلىرى ئابستراكتراق، يەنە بەزىلىرى تەخمىنىيرەك بولۇپ قالغان. بۇلار بەزى ھاللاردا يەنە بەزى باشقا خەلقلەرنىمۇ كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تەۋەلىك جاي نامى بويىچە ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنىغا 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. بۇ خىل ناملارنىڭ مۇشۇنداق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىشىدىكى سەۋەب توغرىسىدا بەزى تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملار بۇرۇنلا ئىزدەنگەن ۋە ھەر خىل كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بەزى مەسىلىلەرنى قوشۇمچە قىلىشقا ۋە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تەۋەلىك جاي نامى بويىچە ئاتىلىشىدا، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار:

1. ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋەلىك جاي نامى بويىچە ئاتىلىشى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر قاتلىمىدا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى قالدۇق تەسىرىنىڭ خېلى بۇرۇن تۈگىتىلىشى، فېئوداللىق ئالامەتلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە شەھەر ھاياتىنىڭ راۋاج تېپىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. روس تىلشۇناسى ئا. ن. باسكاكوف مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت فېئوداللىشىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن، شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق- قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق- قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام- ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، يەكەنلىك ۋەھاكازا دېگەنلەر... فېئوداليزم دەۋرىدە تېررىتورىيىلىك دىئالېكتلارنىڭ بىر- بىرىدىن مۇنداق ئايرىلىپ تۇرۇشى ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ھادىسىدۇر». [137]

2. جۇغراپىيىلىك شەرت- شارائىتلار تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدا شەھەر — بوستانلىقلار بىر- بىرىدىن ناھايىتى يىراق ئايرىلىق بىلەن

ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئاھالىلەرنىڭ بېرىش - كېلىش ئىشلىرىغا، ئومۇمىيۈزلۈك ئارىلىشىپ تۇرۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلغان. شۇڭا، ئورتاق بىر مىللىي نامنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشى نىسبەتەن قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغان.

3. سىياسىي - ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىر قىلغان. مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاساسەن بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدە بەزى ۋاقىتلاردا 36، بەزى ۋاقىتلاردا 56 شەھەر - قەلئە بەگلىكى مەۋجۇت بولغان. بۇلار خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىدە ئايرىم دائىرىلىك بىرلىشىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى چاغلاردا بۆلۈنمە ھالەتتە ھەرىكەت قىلغان. ھەرقايسى يەرلىك فېئودال بەگلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن چوڭ دائىرىلىك بىرلىششنى ئەسلا خالىمىغان. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان.

4. دىنىي ئېتىقادتىكى ئوخشىماسلىقلار، دىنىي مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار تەسىر قىلغان. خېلى بىر مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى، ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنى تارىخىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ماھايانا (قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئۇلۇغ كۆلەڭگۇ» دەپ ئاتىغان)، ھىنايانا (بۇنى «كىچىك كۆلەڭگۇ» دەپ ئاتىغان) دېگەن چوڭ مەزھەپلەر شەكىللەنگەن. بۇددا دىنى شىنجاڭغا مانا مۇشۇ چوڭ مەزھەپلەر بويىچە كىرگەن. خوتەن (ئۇدۇن)، سۇلې (قەشقەر)، يەكەن رايونىدا ماھايانا مەزھىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كۇچادا دەسلەپتە ھىنايانا مەزھىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كېيىنچە ئاتاقلىق بۇددا ئۆلىماسى كومىراجىۋانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ماھايانا مەزھىپى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن. شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە بۇددا دىنى بىلەن بىللە يەنە مانى، خرىستىئان، نىستورىئان دىنلىرى ۋە بۇ دىنلارغا ئىشىنىدىغان يەرلىك ئاھالىلەرمۇ بولغان.

ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ قەشقەرگە تارقالدى، ئۇزاق ئۆتمەي قارا خانىيلارنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە خوتەن، كېيىنچە شىمال تەرەپلەردىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى

بىلەن ئۆتكۈر دىنىي ئىختىلاپ باشلاندى. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەركەزلىرى قەدىمدىن تارتىپ بۇددا دىنى ناھايىتى راۋاجلانغان جايلار ئىدى. قارا خانىيلار ئىسلام دىنىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئەسىرلەپ داۋام قىلغان رىقابەت، ئىختىلاپ ۋە كۈرەشلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئەسلىي مىللىي نامى بىلەن ئاتىماي، يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى تەۋەلىك جاي نامى بىلەن ئاتاش ئادىتىنى، ئومۇمەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنقى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىن ئۇچرىتىمىز. قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرنى تۈزگەن ئاپتورلارنىڭ تولىسى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ نامىنى بىر قەدەر ئەينەن خاتىرىلىگەن، چۈشەندۈرگەن ۋە شۇ مىللەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلارنى قالدۇرغان، لېكىن بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىدەك، ئايرىم مىللەتلەرنىڭ نامى ۋە ئەھۋالىنى ئەينەن، تەپسىلىي ئىگىلىمەي، كۆپرەك ۋاستە ئارقىلىق ئىگىلىگەن، شۇڭا قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەسلىي مىللىي نامى بىلەن خاتىرىلەنمەي، ئۇلار ياشىغان بەگلىكلەرنىڭ نامى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى كىشىلەر ئاتاشقا ئوڭاي بولسۇن دەپ شۇنداق ئاتىغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىنى يازغان تارىخشۇناسلىرى بۇ يەردىكى مىللەتنىڭ نامىنى ئاتاشتا قىينىلىپ خەنزۇچە ناملار بىلەن بىر قەدەر قېلىپلىشىپ قالغان يەر - جاي (شەھەر - قەلئە) نامىنى شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ نامى قىلىپمۇ يېزىپ قويغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدىكى شەھەر - قەلئە (يەر - جاي) ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەرلىك كىشىلەر ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ھەر خىل ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئوخشاش بىر خەلق بولۇپ

شەكىللىنىشكە ئاساس بولغان.

## چۈشۈنۈك ۋە مەنبە كۆرسەتمىلەر

[1] بەزىلەر كەڭرى مەنىدە، يەنى 1857 - يىللىرى ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كەلگەن جايلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىغان.

[2] «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 - توم، 44 - بەت، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[3] ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ «قەدىمكى شەرق تارىخى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 581 - بەت.

[4]، [5]، [6] فاڭ يىڭجې «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، 1 - قىسىم، 5 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

[7] «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى» ( 新疆风物志 ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

[8] «شىنجاڭ گېزىتى»، 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانى.

[9] جۇگۇشىڭ «ئىنسانىيەت مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، 134 -، 137 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى.

[10] ئۆمەر ئىمىن «قەدىمكى سىبىرىيىلىكلەر بىلەن ئىندىئانلارنىڭ ئېتنىك يىلتىزداشلىقى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 - يىلى 3 - سان 33 - بەت، ئۈرۈمچى.

[11] نېئاندېرتال — ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن تارىخ ساھەسىگە كىرگۈزۈلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ئادەملەرنىڭ تېپىلىرىنى ئايرىشتا XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ قوللىنىلغان. 1856 - يىلى گېرمانىيىنىڭ نېئاندېرتال جىلغىسىدىكى بىر ئۆڭكۈردىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلغاندا، ئۇ نېئاندېرتال ئادىمى دەپ ئاتالغان ئىدى. ھازىر نېئاندېرتال ئادىمى دېگەن بۇ ئاتالغۇ دەسلەپكى ئىدراكلىق ئادەملەر دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

[12] ئابدۇقېيىم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 4 - بەت.

[13] يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» 2 —، 3 — بەتلەر، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، بېيجىڭ، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى. (余太山主编《西域文化史》)

[14] جۇاڭ ۋېيىن، ئوۋ ياڭجىشىن، رۇي دىكې، مېيشالى، لېي جياچاڭلار «شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن تېپىلغان تاش قورال دەۋرى خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، «ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىلى Ⅶ جىلد، بېيجىڭ.

[15] چېن گې «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىلى 2 - سان، 77 - بەت، ئۈرۈمچى.

[16] يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدىكى «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، 3 - بەت، بېيجىڭ، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

[17] جاڭ چۈەن «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 3 - سان، 50 - بەت، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە نەشرى.

[18] , [19] ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1987 - يىلى 1 - سان، 62 - بەت، ئۈرۈمچى.

[20] «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، سودا (شاڭۋۇ) نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى 1 - جىلد، 4 - بەت، خەنزۇچە نەشرى.

[21] ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى سان) 1983 - يىلى 3 - سان.

[22] , [23] ف・ ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 274 - بەت، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1952 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[24] «بىلىم كۈچ»، 1993 - يىلى 5 - سان، ئۈرۈمچى.

[25] , [26] فېڭ داجېن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 141 -، 143 - بەتلەر.

[27] , [28] خې جىخۇڭ ( 贺继宏 )«غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە»، ( 西域论稿 ) 89 -، 90 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

[29] ش ئۇ ئا ر مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر

قامۇسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

[30] «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان جۇنامە. قەبىلىلەر ئاتامانلىرى كېڭىشى» ( 逸周书・王会解 ) گە قوشۇمچە قىلىنغان «يىيىنىڭ تۆھپىسىگە دائىر پەرمانلار» ( 伊尹献令 ) دا «دەل شىمالدا كۆك تۇلۇڭ ( 空同 ) ، توخرى ( 大夏 ) ، شاچې ( 莎车 ، يەركەنلىلەر) ، گۇتا ( 姑他 ) ، دەنلۆ ( 旦略 ) ، باۋخۇ ( 豹胡 ) ، دەيدى ( 代翟 ) ، ھۇن، يۈجى ـ يۆشى، لۇفەن ( 楼烦 ) ، چىلۇڭ ( 其龙 ) ، شەرقىي غۇز ( 东胡 ) لار تۆگە، قاشتېشى، ھەربىي ئات، خېچىر، ئېسىل ئوقيا قاتارلىقلارنى ئۇلپان قىلىشنى سورىغان» دېيىلگەن. «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان جۇۋنامە» ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن بىرى.

[31] ۋېن يېن «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە 174 ـ ، 175 ـ بەتلەر، خەنزۇچە 81 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

[32] چيەن بوچۈەن «قۇز ( 车师 ) لارنىڭ تىلى ۋە قۇزلارنىڭ ئىرقىي ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى.

[33] ن. ئا. باسكاكوۋ (رۇسىيە) ‹ئوغۇز› ۋە ‹ئوغۇز قاغان› سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى» ، «مىللەتلەرگە ئائىت تەرجىمىلەر» ، 1983 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە.

[34] سۇ بېيخەي «قۇز ( 车师 ) قۇۋمىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىغىچە» ، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ، 1983 ـ يىلى 1 ـ سان، لەنجۇ، خەنزۇچە نەشرى.

[35] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» ، 29 ـ بەت، خەنزۇچە، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[36] چيەن بوچۈەن «قۇزلارنىڭ تىلى ۋە ئىرقى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە نەشرى، 1997 ـ يىل 3 ـ سان.

[37] , [38] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» 44 ـ 45 ـ ، 29 ـ بەتلەر.

[39] , [40] «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 2000 ـ يىل 4 ـ سان، 12 ـ ، 23 ـ بەتلەر، خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[41] مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ، I توم.

[42] ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن) «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، 19 ـ ، 20 ـ بەتلەر، خەنزۇچە نەشرى، 1975 ـ يىلى، تەيۋەن.

[43] چېيەن بوچۈەن ئۇلارنى ئالتاي ئوغۇرلىرىنىڭ بىر تارمىقى، ئىرقى ھەم ئوخشاش، تىلى تۈركىي تىل ئىدى، دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى ماقالىسىغا قارالسۇن.

[44] ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە «قاڭقىل» دېگەن بىر نام ئىشلىتىلىپ، ئۇ « 高车 » نىڭ يەنە « 车师 » نىڭ تەرجىمىسى قىلىندى. مېنىڭچە، بۇ نام توغرا قوللىنىلمىغان. «ئوغۇزنامە»دە ھارۋا «قانقا» دېيىلگەن. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلارغا توغرا ۋارىسلىق قىلىمىز دەيدىكەنمىز « 高车 » نى كەينىگە ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلماقچى بولساق «ئېگىز قانقىلىق» دەپ ئالساق، ياكى تۇرپاندا ھازىرغىچە «قاڭقا بازار» دېگەن جاي نامىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ «ئېگىز قاڭقىلىقلار» دەپ ئالساق توغرا بولغان بولىدۇ. «قانقا ـ قاڭقا» تۇرلەنگەندە نېمە ئۈچۈن «قاڭقىل» بولۇپ قالىدۇ. «قاڭقى» بولۇشى كېرەك ئىدى، ‹ل› نىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدا نېمە قانۇنىيەت بار، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. بەزى نامىلارنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ‹a، ə› تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلاشمايدىغانلىقى (مەسىلەن، خوتەن ـ خوتەنى، شاراب ـ شارابى) قائىدىسىگە ئاساسەن بۇ نام قانقا ـ قانقىلىق، قاڭقا ـ قاڭقالىقلار دەپ ئاجىزلاشتۇرىمىز دېسەك، قاڭقىلىقلار دەپ ئىشلىتىش لازىم.

[45] سۇ بېيخەي «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى بىرىنچى خانلىقى ··· ئېگىز قاڭقىلىقلار خانلىقى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە، 1987 ـ يىل 3 ـ سان، 13 ـ بەت.

[46] چېيەن بوچۈەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 11 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[47] ، [48] شۆ زۇڭجېڭ «ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە غەربىي يۇرت» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2000 ـ يىلى 3 ـ سان، 31 ـ بەت، خەنزۇچە.

[49] ، [50] سۇ بېيخەي «يىپەك يولى ۋە كۇسەننىڭ تارىخ مەدەنىيىتى» 3 ـ ، 69 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[51] شياڭ دا «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت» ، سەن ليەن نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت.

[52] سۇ بېيخەي «يىپەك يولى ۋە كۇسەننىڭ تارىخ مەدەنىيىتى» ، 69 ـ بەت.

[53] فېڭ چېڭجۈن (ياپونىيە) «كۇسەنلىكلەرنىڭ بەي فامىلىسى ھەققىدە قايتا مۇھاكىمە» ، قىزلار پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى «ئىلمىي پەسىللىك مەجمۇئەسى» ( 学术季刊 ) ، 2ـ توپلام، 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى.

[54] چېن شىلياڭ «كۇسەنلىكلەرنىڭ بەي فامىلىسى ۋە بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى» ، «دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» ، بېيجىڭ، 1984 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ سان.

[55] سۇ بېيخەي «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى بىرىنچى خانلىقى ئىگىز قاڭقىلىقلار خانلىقى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1987 ـ يىلى 3 ـ سان، 18 ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى.

[56] پتولېمىي بۇ يەردە «سېرىس» (Seris) دېگەن يەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار، جۇملىدىن ئېلىمىز تارىخچىسى چېن بوچۈەن پتولېمىي خاتىرىسىدىكى «سېرىس ئېلى» «تارىم ۋادىسىدا» دەپ قارىغان.

[57] كاۋدېس (فرانسىيىلىك) تۈزگەن «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى قەدىمكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ 1987 ـ يىل نەشرى، 31 ـ، 33 ـ بەتلەر.

[58] بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

1) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۆزۈرىدا تۈزۈلگەن) ، ئالمائاتا، «نائۇكا» (پەن) نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ بەت.

2) جاڭ شىڭلياڭ «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تارىخى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1977 ـ يىل، I ـ قىسىم، 34 ـ بەت.

3) لىيۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، 3 ـ بەت.

4) رىن يىفى، ياسىن ھوشۇر «ئۇيغۇرلار» 6 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

5) ھېنرى يۇلى «شەرق خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» ( « 东域纪程录丛 » ) ، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 161 ـ بەت.

ۋەھالەنكى، بۇ قاراشقا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بار.

[59] مىگوۋېن (ئامېرىكا) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 226ـ، 228ـ بەتلەر، بېيجىڭ.

[60] يۈتەيشەن «ساكلار ھەققىدە تەتقىقات» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە.
[61] «ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى» ۋە «ئوغۇزنامە»گە قاراڭ.
[62] ھىرودوت (گرېتسىيە) «تارىخ» ، سودا نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 476 ـ ۋە 660 ـ بەتلەر.
[63] كاۋدېس (فرانسىيە) تۈزگەن «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى.
[64] ، [65] سېن جۇڭمىيەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇلارنىڭ شەرھى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم، 343 ـ، 344 ـ بەتلەر.
[66] ئادىل مۇھەممەد تۇران «ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، 1994 ـ يىلى 4 ـ سان، 39 ـ بەت.
[67] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 55 ـ بەت.
[68] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 ـ يىل 3 ـ سان، 15 ـ بەت.
[69] بەنگۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، 902 ـ، 865 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.
[70] ، [71] بەنگۇ «خەننامە» 880 ـ، 881 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە.
[72] ئانىل چىچەن «تۈرك دۆلەتلىرى» ، 26 ـ، 28 ـ بەتلەر، ئىستانبۇل، 1986 ـ يىل نەشرى.
[73] ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، خەنزۇچە نەشرى، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.
[74] ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 37 ـ بەت.
[75] «ھۇدۇدۇل ئالەم» ، 1981 ـ يىل خەنزۇچە مىنخ مەتبەئە نۇسخا، ئۈرۈمچى.
[76] ئەھمەد زەكى «ئوغۇز داستانى» ، ئىستانبۇل، 1972 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت.
[77] «قازاق س س ر تارىخى» ، 1 ـ توم، 40 ـ بەت، 1957 ـ يىل نەشرى.

[78] شۆ زۇڭجېڭ «تۈرك تارىخى»، 2 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[79] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 57 ـ، 58 ـ بەتلەر.

[80] ئاۋدىيېۋ «قەدىمكى شەرق تارىخى»، 577 ـ بەتلەر، سەنلىيەن نەشرىياتى، بېيجىڭ 1957 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

[81] «‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 138 ـ بەت.

[82] «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ( 西北民族研究 ) 1995 ـ يىل 1 ـ سان، 5 ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى، لەنجۇ.

[83] خې شىڭلياڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى 6 ـ سان، خەنزۇچە.

[84] ئىبراھىم مۇتىئى: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1981 ـ يىل 1 ـ سان، 14 ـ بەتكە قاراڭ.

[85] بەش ئاقساقال دەۋرى — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2550 — 2140 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن خۇاڭدى، جۇەنشۈي، دىكۇ، ياۋ، شۈن قاتارلىق بەش ساقال دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[86] بەزى ماتېرىياللاردا «چەرچەن» دېگەن نام ئەنە شۇ «چياڭ» دېگەن نامدىن كەلگەنلىكى ئېيتىلغان.

[87] شياۋ جۇڭيى «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.

[88] فەن جىيىڭ «شىنجاڭ تارىخىنى سىستېمىلىق ۋە توغرا بايان قىلايلى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىلى 4 ـ سان، 2 ـ بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

[89] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 50 ـ بەت.

[90] لى يۇڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرۇلۇق مۇھاكىمە»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1994 ـ يىل 1 ـ 2 ـ بىرلەشمە سان، 91 ـ بەت.

[91] ما چاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار»، 2 ـ بەت، سەنلىيەن نەشرىياتى،

1962 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[92] بەزى ئالىملار دىلى ( 狄历 ) دېگەن ئاتالغۇمۇ ئوخشاشلا «تۈرك» سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەيدۇ. بۇ ھەقتە ما چاڭشۇنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن كىتابىنىڭ 3 - بېتىگە قاراڭ.

[93] سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى».

[94] «ۋېي خانلىقى بايانلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» ( 魏略・西戎传 )، خەنزۇچە.

[95] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» 76 - بەت، خەنزۇچە.

[96] خې شىڭلياڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 - سان 42 - بەت، بېيجىڭ.

[97] فېڭ داجېن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 135 - بەت.

[98] «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 177 - بەت.

[99] س. ئابدۇخالىقنىڭ «ئارىيان ئەپسانىلىرىدىكى تۈركلەر» ناملىق ماقالىسىغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىل 1 - سان، 68 - بەت.

[100] لىن گەن «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 8 -، 9 - بەتلەر.

[101] گېڭ شىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، 5 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[102] ئىبراھىم مۇتىئى «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل 1 - سان.

[103] چيەن بوچۈەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 193 -، 222 - بەت، 1999 - يىلى نەشرى.

[104] ر. گروسسې (فرانسىيە) «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، 147 - بەت، چىڭخەي نەشرىياتى، شىنىڭ، 1991 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

[105] , [106] خې جىخۇڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 91 - بەتلەر.

[107] بۇ ھەقتە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم، 237 ـ بەت، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 1992 ـ يىلى نەشرى، 184 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[108] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى)، 8 ـ، 9 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

[109] , [110] ما شىڭدى «غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇ، سالا، ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىدىكى ئۇسۇللار ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 2001 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە، 87 ـ بەت، لەنجۇ.

[111] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[112] بەزى ئالىملار «يۈەنخې» — «ئون ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى دەپمۇ ھېسابلايدۇ.

[113] «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ يەنە مۇنداق يېزىلىش شەكلى بولغان:

委吾,畏兀尔,畏吾儿,畏午儿,畏吾而,卫郭尔,辉和,辉和尔,瑰古,伟兀,委兀,畏午,卫兀,乌鹘,外吾。

[114] «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى» (ماتېرىياللار توپلىمى)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى (خەنزۇچە)، 453 ـ بەت.

[115] ۋېن يىن «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان، 180 ـ، 181 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى.

[116] بۇ ھەقتە دۆەن ليەنچىننىڭ «دىڭلىڭلار، تېلېلەر ۋە ئېگىز قاڭقىلىقلار» دېگەن كىتابىغا قاراڭ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە.

[117] لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخى ماقالىلىرىدىن تاللانما» 671 ـ بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[118] جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1 ـ قىسىم 34 ـ بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1977 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

[119] ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ، 187 ـ،

195 ـ بەتلەر، جىڭ جۇڭ نەشرىياتى، 1975 ـ يىل نەشرى، تەيۋەن.

[120] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 ـ يىل ئالمائاتا «پەن» نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ بەت.

[121] مەسئۇدى «مۇرۇج ـ ئەد ـ دەھەب» (ئالتۇن يايلاق)، گېڭ شېڭ تەرجىمىسى، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، شىنىڭ، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 207 ـ بەتلەر.

[122] «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «On Uyghur Tokuz Ohuz üzə yüz Yil olturur» (ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ) دېگەن جۈملىدىكى «يۈز يىل» نى ئالدىغا سۈرۈپ قارىغاندا «ئۇيغۇر» نامىنىڭ خېلى ئىلگىرىلا مىللىي نام دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

[123] رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر «ئۇيغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

[124] ن. ئا. باسكاكوۋ «‹ئوغۇز› ۋە ‹ئوغۇز خاقان› سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە»، «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر» (民族译丛)، 1983 ـ يىل 3 ـ سان، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

[125] تومسېن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك تېشىغا كىرىش سۆز» (خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان).

[126] «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، 425 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.

[127] VIII ئەسىردىكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا دائىم «kül - kul» دېگەن بىر سۆز ئۇچرايدۇ (ئۇنى köl شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىدىغانلارمۇ بار). بەزىدە بۇ سۆز kur شەكلىدىمۇ يېزىلغان. خەنزۇچە «阙» دەپ مەنە تەرجىمىسى بېرىلگەن بولۇپ، خەنزۇچە خەت مەنىسى بولسا «چوڭ»، «ئومۇمىي» دېگەنلىك ئىدى. مەسىلەن، kultegin دېگەن ئىسىم مەنىسى بويىچە «阙特勤» دەپ ئېلىنىپ «چوڭ شاھزادە» ياكى «چوڭ بەگزادە»، «بەگزادىلەر بەگزادىسى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن؛ Kulbigãkhan بولسا خەنزۇچىغا «阙毗伽可汗» دەپ مەنە تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. بۇنىڭ مەنىسىمۇ «چوڭ، ئەقىللىق خان» (دانىشمەن خان) ئىدى. ئەسىرىمىزدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «كۇر» دېگەن سۆزگە «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن يەشمىنى بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى تارىخىي ئەھۋاللارغا قارايدىغان بولساق، XII — XIII ئەسىرلەردە قىتانلار ۋە ئوڭغۇتلارنىڭ

Gurkhan ياكى Kurkhan دېگەن مەنسەپناملىرىنى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىنمىز. بۇ ناملار خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە « 阙尔汗 » ياكى « 菊儿汗 » دېگەن مەنە تەرجىمە شەكلىدە «چوڭ خان» ، «باش خان» ، «شاھىنشاھ» دېگەنلىك ئىدى. غەربىي قىتانلارنىڭ بارگاھى جايلاشقان يەر «قۇز ئوردۇ» دەپ ئاتالغان، بۇ ئەسلىي «غۇز ئوردۇ» (Ghuz Ordu) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، «ئۇلۇغ ئوردا» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. «قۇز ئوردۇ» دىكى «قۇز» نى مەھمۇد قەشقىرى «تەسكەي» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «شىمال» تەرەپنى «قارا» رەڭ بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا «چوڭ، ئۇلۇغ، چەكسىز» دېگەن مەنىنى سىڭدۈرگەنلىكى بىلەن زىت ئەمەس. دېمەك، بۇ يەردە «قۇز ئوردۇ» نىڭ ئەسلىي تۈركىي سۆز ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

تۇتۇ يازغان «لياۋ تارىخى. دۆلەت تىلى شەرھى» (« 辽史・国语解 ») نىڭ «تيەنزۇ تەزكىرىسى» نىڭ كېيىنكى قىسمىدا «قۇز ئوردۇ، قۇز كۆچلۈك دېگەنلىك، ئوردۇ بارگاھ دېگەنلىك» ، يەنە «تۆھپىكار ۋەزىرلەر تەزكىرىسى» نىڭ كېيىنكى قىسمىدا «قۇز كۆچلۈك دېگەنلىك . . . » دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «قۇز - غۇز» - «گۇر - كۇر» غا باراۋەر بولۇپ، قىتانلار بۇنى تۈركىي سۆزدىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ «كۆچلۈك» دېگەن مەنىسى بولغان. پېرسىيىلىك تارىخچى راشىدىن فەزلۇللاخ يازغان «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 - توم، 1 - قىسىم، 4 - بۆلۈمدىكى «ئورناغوت (斡里纳兀惕) قەبىلىسى» ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەينى چاغدا قارا قىتانلارنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىنىڭ ھۆرمەت نامى ‹گۇرخان› ئىدى. ‹گۇر› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹كۆچلۈك› دېگەنلىك بولىدۇ. پادىشاھ ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن ‹گۇرخان› دەپ ئاتالمىسا بولمايتتى.» يۇقىرىقىلاردىن «كۇر» (گۇر) نىڭ «كۆچلۈك» ، «بۈيۈك» مەنىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

[128] چيەن بوچۈەننىڭ ئۇيغۇرلار ئوغۇزلار دەپمۇ ئاتالغان، دېيىشى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 192 - بېتىگە قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

[129] «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1990 - يىلى نەشرى، 381 - بەت.

[130] «ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق» دېگەن سۆزلەرنى، «كۆچلۈك، دانىشمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز مەنىگە ئىگە سۆزلەر دەپلا كېسىپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئىتتىپاقلاشقاندىلا كۆچلۈك بولغىلى، دانىشمەن ئادەملەر

ئۈيۈشقاق بولىدىغانلىقىنى ئەجدادلار بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

[131] ئوغۇز سۈتى كۆچلۈك، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. ھايۋان باللىرى يېڭى تۇغۇلغاندا ئوغۇز سۈتىگىلا تويۇنالايدۇ. ئەجدادلارنىڭ «ئوغۇز سۈتى» نى «كۆچلۈك، قۇۋۋەتلىك سۈت» دەپ چۈشەنگەن بولۇشى غەلىتە قاراش بولمىسا كېرەك. شۇڭا، قەدىمكى چاغدا بەزىلەرنىڭ «ئۇيغۇر» نى «ئوغۇز سۈتى» گە باراۋەرلەشتۇرۇپ قارىشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

[132] مەسئۇدى «مۇرۇج ئەد دەھەب»، 207 - بەت، خەنزۇچە نەشرى.

[133] مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، 104 - بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[134] ئا. ن. كورپاتكىن «قەشقەرىيە»، 236 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

[135] ئى. تېنىشېۋ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، 481 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[136] ، [137] چ. ۋەلىخانوۋ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2001 - يىلى 2 - سان، 44 - بەت، ئۈرۈمچى.

[138] ئەھمەد زەكى «تۈرك - تاتار تارىخى»، 5 -، 12 - بەتلەر، 1914 - يىلى قازان نەشرى.

[139] ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار»، 45 -، 46 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، بېيجىڭ.

# ئىككىنچى قىسىم
# قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئىزدىنىشلەر

## 1. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇلارنى يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل قاراشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى شەرقتە دەپ قارايدۇ. بۇنى ئادەتتە «شەرقپەرەسلىك پىكىر ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭ مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزىلەر، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىمۇ غەربتىن كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى سۈپىتىدە فرانسىيىلىك ت. د. لا كوۋېرنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ غەربتىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە»، گروسسېنىڭ «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، شۋېتسىيىلىك ئاندرسوننىڭ «جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئىلگىرىكى بەزى جۇڭگو ئالىملىرىمۇ بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىدە بولغان [1]. بۇنى ئادەتتە «غەربپەرەسلىك پىكىر ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ئۆز تۇپرىقىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ [2]. بۇنى «ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەتتا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا خاس مەدەنىيەت يارىتىلغانلىقىغا باشقىچە پىكىردە بولىدۇ [3].

يۇقىرىقى قاراشلارغا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال «مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟» دېگەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئۆتەيلى. «مەدەنىيەت» بىر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەرپا قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ يىغىندىسى. مەدەنىيەتشۇناسلار مەدەنىيەتنى كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىزاھلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ ئايرىيدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زاماندىلا بارلىققا كەلگەن ۋە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىغا ئۇزۇن بولمىدى. ئەنگلىيىلىك ئانتروپولوگ ئې. ب. تايلور 1871 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىدا تۇنجى قېتىم «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «كەڭ مەنىدىكى ئىرق نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت بىر مۇرەككەپ ئومۇمىي گەۋدە. ئۇ بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، ئەخلاق، قانۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ھەم جەمئىيەت ئەزالىرى ئېرىشكەن بارلىق قابىلىيەت ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

خەنزۇچە «ئوكيانۇس» (辞海) نىڭ 1983 ـ يىللىق نەشرىدە، مەدەنىيەت «كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي،

تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەرپا قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتتىكى ئىدىئولوگىيىنى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۈزۈم ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. مەزكۇر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ۋە يورۇتۇلىدىغان مەدەنىيەت ئۇقۇمى كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل- پاراسىتى ئارقىلىق يارىتىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى قەيەردە بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇ كېيىنكى زامانلاردا قانداق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە زورىيىپ، تەرەققىي قىلغان، دېگەن مەسىلىدە ئۆزئۆندىن بىرى مۇنازىرە بولۇپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى شىنجاڭدا كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. مەسىلەن، فاڭ يىڭجى «شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ تارىخى 50 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان» (فاڭ يىڭجى «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، 1 - قىسىم، 5 - بەت، خەنزۇچە) دېسە، فېي ۋېنجۇڭ «جۇڭگونىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەزگىللى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدا «ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ھەم شىنجاڭ رايونىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپلا ئوتتۇرا تاش قورال ھەم يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈش بولغان. بىرونزا قوراللار دەۋرىگىچە ئىنسانلار داۋاملىق پائالىيەت قىلىپ تۇرغان» دەيدۇ. 1979 - يىلى 9 - ئايدا، جيا لىەنپو ئەپەندى شىنجاڭ رايونىنىڭ 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى مۇزلۇقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «شىنجاڭ رايونىدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلىنىشى ياكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بايقىلىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ يوق؟ مەن بار دەپ قارايمەن. ئۇلار مەيلى شەرق، مەيلى غەربتە بولسۇن، ھەممىسىدە بايقىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئىزاھلاشنى بىزدە قىيىنچىلىق يوق» (« 新疆第四纪地质及冰川地质论文选集 »، 55 - بەتلەر) دەيدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ يىراق

قەدىمكى زاماندىكى كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بولغان، يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بەزى جايلاردىن كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرىنى بايقىدى.» («شىنجاڭ مەنزىرىلىرى» «新疆风物志»). يېقىنقى يىللاردىن بېرى «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەك ئەۋرىشكىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەرنىڭ ئارقا- ئارقىدىن بايقىلىشى يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى زۆرۈر ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەدەنىيەتشۇناسلار ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىققان جايلىرىدىن بىرى، دېگەن كۆز قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى (بىر تارماق ھادىسىسى) نىڭ مۇشۇ يەردە كېلىپ چىققان، دېگەن كۆزقاراشمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس ل. خ. مورگان XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى سىرىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ئويمانلىقى ئاستىغا كۆمۈكلۈك، كىمكى بۇ ئاچقۇچنى تاپىدىكەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولىدۇ، («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانىغا قارالسۇن) دەپ كۆرسەتكەن. نەن شياڭخۇڭ، ليۇ ۋېيلار «تارىخىمىزنى يوقىتىۋېتەمدۇق؟» دېگەن ماقالىسىدا بۇ قاراشنى تولۇقلاپ، «بەلكى قەدىمكى تارىم كۆلى (لوپنۇر كۆلىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن) ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن جاي بولۇشى مۇمكىن» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانىغا قارالسۇن) دەپ يازغان. بۇ ئامېرىكا ئوكلاخوما ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋ. كارت بىلەن توم دىل «تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى خۇاڭخې ئېقىنى بويلىرىدىكى سېرىق تۇپلىق ئېدىرلىقلاردا، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى تارىم ئويمانلىقىدا راۋاج تېپىپ، ئاندىن شىمالىي جۇڭگونىڭ

دېڭىز بويلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ) دەپ يازغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە بولغان تەسىرى توغرىسىدا ئامېرىكىلىق ئالىم مىگوۋىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەللەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ياۋروپا ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە، بىز بۇنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك.»

بىز، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن ئەتراپتىكى قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۈكسەك بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تەسىرىنى كۆرسەتكەن، دەپ قارايمىز. بىز بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىكى ھەققىدە توختىلىمىز. ئارخېئولوگلار نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق شىنجاڭدا كونا، ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە خاس خارابىلەرنى ۋە تاش قوراللارنى تېپىپ چىقتى. بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان قاش تېشى بۇيۇملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلار بىزنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشى، خاسلىقى جەھەتتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرونزا قوراللار دەۋرى، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار ۋە كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى، كۆپ جايلاردىن سىدام ۋە رەڭلىك ساپاللار تېپىلدى. بىز بۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان ۋە سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مۇشۇ تۇپراقتا ياسىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ

كېيىنكى زامان مەدەنىيىتىگە ئاساس بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ بىر قانچە يىرىك تارماقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە شىنجاڭغا پايدىلىق نۇرغۇن تەرەپلەر بار. ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا كەشىپ بولغان، ئالماشتۇرۇش ـ سودا تىجارەت ئەڭ دەسلەپ چارۋىچى كۆچمەن خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن. ئامېرىكىلىق ئالىم ئىساك ئاسىموۋنىڭ «قاتناش ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئات ـ ئۇلاغتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئىكەن.

تۆۋەندە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇشۇ تۇپراقتا بارلىققا كەلگەن، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بارلىققا كەلگەن، ئەمما ئېلىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدا تەكىدىشى بولمىغان بىر قاتار مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

*1. زىرائەت ئۇسۇملۇك ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر*

بىرىنچى، بۇغداي. مەملىكىتىمىزدە بۈگۈنكى كۈنگىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق (خەنزۇچە گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، ئۇيغۇرچە ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ) تىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ۋاقتى بۈگۈندىن 3800 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. «خەلق گېزىتى» ( 人民日报 ) نىڭ 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىدا، بۇ بۇغداي ئەۋرىشكىسى چىققان قەدىمكى گۆرلۈكنىڭ يىل دەۋرى بۈگۈندىن 6470 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دېيىلگەن.

بۇغداي كۈزگى بۇغداي ۋە يازغى بۇغداي دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. گويىگۇڭ «تەپسىلىي تەزكىرە» ( 郭义恭 著《广志》 ) دېگەن كىتابىدا

«يازغى بۇغداي 3 ـ ئايدا تېرىلىدۇ، 8 ـ ئايدا پىشىدۇ، غەربتىن چىقىدۇ» دەپ يازغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (420 ـ 581) دە قوچودىكىلەر «ئاق بۇغداي ئۇنى» (白麦面) نى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان سوۋغات ماللارنىڭ بىرى قىلغان. دېمەك، يازغى بۇغداينى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى مىللەتلەر ئەڭ دەسلەپ ئۆستۈرگەن.

ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇنداق قارايدۇكى، خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدا تېرىق بىلەن بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ، ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم پىشۇرۇش مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (1368 ـ 1911) دە شەكىللەنگەن بىر خىل ئۇسۇل بولسىمۇ، بىراق، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدا ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (220 ـ 581) دىلا تېرىق، بۇغداينى تەكرار تېرىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. يەنى لۇشۇن، لى گېنپىڭلارنىڭ «مىللەتلەر ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئېيتىلغاندەك: «تېرىق ـ بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى ئەڭ دەسلەپ قوچودا بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس، تەبىئىي شارائىتنىڭ ماسلىشىشىدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۇزاق يىللىق بۇغداي تېرىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى بۇغداي تېرىش كۆزگى بۇغداينى مەركەز قىلغان نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى بىر قەدەر ئوڭاي راۋاجلاندۇرغان.»

ئىككىنچى، نان (ئەتمەك) ۋە ئۇن يېمەكلىكلىرى، تۈگمەن. نان — پارسچە سۆز بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان. نان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش جەريانىدا قومۇلدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە تېرىق قاتلىمىسى بايقالغان. شۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان باشقا ئەۋرىشكىلەرنى كاربون (XIV) ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى

مەلۇم بولغان. يەنە 1969 ـ يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 1400 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بۇغداي ئۇنىدىن ياسالغان ۋە شەكلى، نۇسخىلىرى هازىرقى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان نانغا ئوخشايدىغان بىر دانە نان ئەۋرىشكىسى تېپىلغان. يەنە جۇۋاۋا، چۆچۈرە، هەرخىل توقاچ، كېپەك، سامان قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇنلۇق يېمەكلىكلەر يەنى قاتلىما «غوز قاتلىمىسى» ( 胡饼 ) دەپ ئاتالغان. غوز قاتلىمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدا تارقالغان بولغاچقا، «غوز قاتلىمىسى» دېيىلگەن. ئۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، قىزغىن قارشى ئېلىنغان. «خەننامەنىڭ داۋامى» ( 续汉书 ) دا «لىڭ دى پادشاھ غوز قاتلىمىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئاستانىدىكى ئۇستىلارنىڭ هەممىسى غوز قاتلىمىسى يەيتتى» دېيىلگەن. چى سىخې ئەپەندى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي يۇرتتىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەڭ دەسلەپ تۈگمەن ئۇنىدا توقاچ ئېتىش هۈنىرىنى ئىگىلىگەن، بۇ هۈنەر كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېمەكلىك ئۇسۇلىنى بىر قەدەر ئىلگىرى سۈرگەن.» («جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى).

يىرىك ئاشلىقلارنى ئۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن يارغۇنچاق ۋە تۈگمەن بولۇشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا يارغۇنچاق قاتارلىق دان ئايرىش، يانجىش قوراللىرى كەڭ ئىشلىتىلگەن. مىلادىيىدىن كېيىنكى يىللاردىن باشلاپ سۇ تۈگمىنى ۋە شامال تۈگمىنى ئىشلىتىلگەن.

ئۈچىنچى، كاۋاپ (ئۈكلىمە ئەت). بۇ ئېلىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنغىنىغا 3000 يىل بولدى.

تۆتىنچى، قوغۇن ـ تاۋۇز. بۇلار مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن

شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. 1961 — 1981 ـ يىللىرى، پىچان ۋە قۇمۇلدىن ياۋا قوغۇن بايقالغان. بۇ، قوغۇننىڭ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ياۋا قوغۇنلاردىن ھازىرقى قوغۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. لى شاۋفاڭ يازغان «ئامانلىق تەپسىلىي خاتىرىلىرى» ( 太平广记 ) دېگەن كىتابىدا «خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭ دى خانى قوغۇن يەپ چۈش كۆرگەن، تولىمۇ شېرىن ئىكەن. . . شۇ چاغدا دۇنخۇاڭ (ئارقىلىق) قوغۇن تارتۇق قىلىنغان . . . (قوغۇن) چيۇڭلۇڭ ( 穹隆 ) دەپ ئاتىلىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى چيۇڭلۇڭ دېگەن ئىسىمنى ئالىملار تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى «Kogun» (قوغۇن) دېگەن ئىسىمنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭدىن شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقى بىلىنىدۇ.

تاۋۇز — دەسلەپتە شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. ئۇنىڭ تارقىلىش ۋاقتى لياۋ سۇلالىسى دەۋرى (907 ـ 1124) گە توغرا كېلىدۇ.

بەشىنچى ئۈزۈم. ئۈزۈم ئەڭ دەسلەپ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 96 ـ جىلدتە «چەرچەندىن ئۈزۈم چىقىدۇ» دېيىلگەن. خوتەننىڭ نىيە قەدىمكى ئىزىدىن مىلادىيە 25 ـ يىلدىن 220 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر مېۋىلىك باغ خارابىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قۇرۇپ كەتكەن ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر چىققان.

ئالتىنچى، ياڭاق ۋە ئانار. بۇلار ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ياڭاق بىلەن ئانار پەيدا بولغان ئىكەن. ئالىملار ياڭاقنى شىنجاڭ بىلەن تىبەت چېگرىلىرىدا ياشىغان قەدىمكى چياڭ (كەن ـ 羌 ) قوۋمى

يېتىشتۈرگەن بولسا كېرەك دەپ قارىشىدۇ. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا ياڭاق نەسلى ساقلىنىپ قېلىش بىلەن بىرگە، قاغىلىق قاتارلىق جايلار ئەڭ چوڭ ياڭاقچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئانار بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارساكلار ئېلىدىن دەسلەپ شىنجاڭغا كىرىپ يەرلىكلەشكەن، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا تارقالغان.

يەتتىنچى، ئالما. بۇ ئەسلىي شىنجاڭ ئەتراپلىرىدا بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا ھازىرغىچە كەڭ كەتكەن ياۋا ئالمىلىق بار. يۇمشاق ئالما تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 23 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق) دە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئالمىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە يېتىشتۈرۈلگەن سورتلارمۇ بىر نەچچە ئون خىلغا يېتىدۇ.

سەككىزىنچى، نەشپۈت. شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدە مېۋىسى، جىن خانلىقى زامانى (مىلادىيە 317 - 420 - يىللار) دا ئۆتكەن گې خۇڭ ( 葛洪 ) يازغان «غەربىي ئاستانە خاتىرىلىرى» ( « 西京杂记 » ) دېگەن كىتابتا «قۇمتاغ نەشپۈتى ( 瀚海梨 ) خەنخەي (پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتاغ قۇملۇقى، قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خەنخەي دەپ ئاتالغان) دىن چىقىدۇ، سوغۇقتا قۇرۇپ قالمايدۇ» دېيىلگەن. ئۇ شىنجاڭ نەشپۈتىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن جىن خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618- 907) گە مەنسۇپ قەبرىلەردىن ئاز بولمىغان نەشپۈت قېقى چىققان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ تىپىك نەشپۈت قېقى ئىكەن. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر نەشپۈت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

توققۇزىنچى، بادام. بۇ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپان ئاستانىدىكى Ⅳ — Ⅸ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بادام تېپىلدى. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا بادامنىڭ ئۆسۈملۈكى ساقلىنىپ قالغان. ياۋا بادامنىڭ تا ھازىرغىچە تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسۈۋاتقانلىقى بادامنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدا ياۋايى تۈردىن سورتلۇق تۈرگە

ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، جۈملىدىن ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان بادامل‌ارنىڭمۇ ئەسلىي ياۋا بادامدىن ئۆزگەرگەن بادام تۈرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئونىنچى، كۈنجۈت. ئىلمىز بويىچە ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغوي (ئارا غول) جىلغىسىدىن بايقالغان ئىپتىدائىي جامائە قەبرىستانلىقىدىن كۈنجۈت ئۇرۇقى چىققان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 2800 — 2200 - يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، كۈنجۈتنىڭ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ (لۇشۇن، لى گېنپىڭ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش»، خەنزۇچە، 55 - بەت).

ئون بىرىنچى، زىغىر، زاراڭزا. بۇ مۇھىم ياغلىق دان زىرائەتلىرى بولۇپ، دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېرىلىشقا باشلىغان.

ئون ئىككىنچى، كېۋەز. كېۋەز شىنجاڭدا ناھايىتى بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن. 1959 - يىلى، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خوتەننىڭ قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى «توققۇز ساراي» (بارچۇق) خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، IX — VI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن پاختا بىلەن بىرلىكتە چىگىتمۇ تېپىلغان. ئومۇمەن، پاختا ئىلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا شىنجاڭ ۋە جەنۇبتىكى رايونلاردىن تارقالغان. چياڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريالىرى ساھىلىدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960 - 1279) دىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ يەردىكىلەر يىپەك ۋە كەندىر تالالىرىدىن رەخت توقۇپ، كىيىم كىيگەن.

ئون ئۈچىنچى، يۇمغاقسۈت، تەرخەمەك، پىياز، سامساق، سەۋزە،

پالەك. بۇ كۆكتاتلار دەسلەپ غەربىي يۇرت — شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئومۇملاشقان، بۇنىڭ بەزىلىرىنى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىچكىرىگە ئېلىپ بارغان.

ئون تۆتىنچى، پۇرچاق. بۇمۇ ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرت — شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. خەنزۇچە «گىياھ نامە» ( 本草经 ) دە «جاڭ چيەن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن غوز پۇرچىقى ( 胡豆 ) غا ئېرىشكەن» دېيىلگەن. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا پۇرچاق تېپىدىكى زىرائەتلەر تېپىلغان. مەسىلەن، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2 ـ 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان. پۇرچاقلارنىڭ تۈرى خىلمۇ خىل بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك پۇرچاق ۋە نوقۇت ( 回鹘豆 ) قاتارلىقلار دەسلەپ شىنجاڭدا تېرىلغان.

ئون بەشىنچى، زەپەر. پۇرىقى مەززىلىك ۋە پارقىراقلىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئىشتەيىنى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، تەمنى تەڭشەيدۇ. ئۇيغۇر دورىلىرى ئىچىدە زەپەر «دورىلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىتىش داۋامىدا دورىغا قوشۇپلا قالماي، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق ۋە ئىچىملىك قىلغان، ئۇنى قاننى راۋانلاشتۇرىدىغان، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارىغان. شىنجاڭدا 2000 يىلدىن ئىلگىرىلا زەپەر ئىشلىتىلگەن.

ئون ئالتىنچى، بېدە. ئالقىسىل ماددىسى مول، ياخشى يەم ـ خەشەك بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياخشى نەسىللىك ئاتلارنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن بىرگە كىرگەن. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، جاڭ چيەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى غەربىي رايونغا كەلگەندىن كېيىن بېدە ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەتكەن.

*2. يۇرگەنچە ـ سېپىنچا، كىيىم ـ كېچەك ۋە سېلىنچا ـ يېپىنچىلار*

ئون يەتتىنچى، پالاس، كىگىز، كىگىز تۇماق ۋە باشقىلار. بۇلار

مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلمىلار بولۇپ، 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. كىگىز تۇماق ئۇچلۇق بولۇپ، بىرخىل رەڭدە، قىلىنلىق دەرىجىسى تەكشى، پۇختا، تۇماقنىڭ ئۇچى تىك چىقىرىلغان. لۇشۇن، لى گېنپىن قاتارلىق ئالىملار بۇنى يەنە ئاسىيا بويىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز ئەۋرىشكىسى دەپ ھېسابلاشقان.

ئېلىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر توقۇلما بۇيۇم تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغوي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 ـ 221 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىدىن چىققان، ئۇنىڭ ئۆرۈش يىپى بىلەن ئارقاق يىپى تۆگە يۇڭى بىلەن قوي يۇڭىدىن ئىشلىگەن (لۇشۇن، لى گېنپىڭ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» خەنزۇچە، 357 ـ بەت). قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن چىققان يۇڭ توقۇلمىلار تېخىمۇ ئالاھىدە. ئۇلارغا ھەرخىل رەڭدىكى جۇلالىق يۇڭ يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. ئالىملار بۇلارنىڭ 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇلارمۇ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى، ئەڭ قىممەتلىك يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىسىدۇر.

ئون سەككىزىنچى، كۆن ئۆتۈك ۋە تېرە شىملار. كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان 3800 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا كۆندىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ جەسەتلەرنىڭ پۇتىغىمۇ قونچلۇق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە تېرە شىم ـ ئىشتانمۇ چىققان. ئۆتۈك كۆندىن تىكىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەنجەك» ئەسلىي «كۆنجەك» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «كۆن ئىشتان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارالماقتا. يەنە «كۆنچى» دەرياسىنىڭ نامىمۇ «كۆن ئىشلىگۈچى» دېگەن مەنىدە «كۆنچى» دەپ ئاتالغان. كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «كۆن» دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىلتىزى بولغان ئالتاي

تىللىرى دەۋرىدىلا بار بولغان.

ئۇن توققۇزىنچى، گىلەم. بۇ شىنجاڭدا ئىجاد قىلىنغان. خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىن 1959 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بىر گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 25 — 220 - يىللار ئارىلىقىدىكى گىلەم ھېسابلىنىدۇ.

يىگىرمىنچى، باغىرداق (لىپتىك). ئاياللارنىڭ مۇھىم ئىچكى كىيىمى. بۇ 1075 - يىلى تاماملانغان مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپىسۇسكى، خارىجى نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بار» دېگەن كىتابتا «لىپتىك» نى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا پەيدا بولغان، ئۇنى ئامېرىكىلىق دىنكولىن خانىم كەشپ قىلغان دەپ يازغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى مەلۇمات بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ.

*3. تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلار*

يىگىرمە بىرىنچى، توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى كەشپىياتلار

1) يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرى. لوپنۇرنىڭ كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان 3800 يىل بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، قۇمۇلدىن تېپىلغان 3200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ يۇڭ بۇيۇم ئەۋرىشكىلىرى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋملارنىڭ شۇ دەۋردىلا يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يازما ھۆججەتلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن «قەدىمنامە ‹ 尚书 › . يۇيگۇڭ» ۋە «ئەمەلدىن قالغان جۇنامە ( 逸周书 ) • پادىشاھ قوبۇلغا ئىزاھ»تا قەدىمكى شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XXI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771 - يىلغىچە) دەۋرلىرىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋملار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە توقۇلما بۇيۇملارنى سوۋغات قىلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

2) بوياش تېخنىكىسى. شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلار بۇنىڭدىن

3200 يىل بۇرۇن يۇڭ يىپنى بوياش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغان. قۇمۇل ئۇباۋ (قىزىل چوققا) دىن بىر يۇڭ كىيىم قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ قىزىل، جىگەر رەڭ، يېشىل، قارا، كۆك رەڭلىك يىپلاردا بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۇستىگە كىيدۈرۈلگەن تېگى قىزىل، كەشتىلىرى سېرىق، ئۇچ بۇرجەك شەكىلدىكى بىر دانە يۇڭ كەشتىلىك قېزىۋېلىنغان. ئۇ توقۇلۇش ۋە بوياقلىرى جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇلار ئېلىمىزدە بايقالغان يۇڭ يىپ بوياق ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى.

3) كەشتىلەش ئۇسۇلى يەنى بىۋاسىتە ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى. بۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدىكى بىر دەستە ئېسىل گۈل بولۇپ، يۇڭ كەشتىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن. 1930 ـ يىلى، ئا. ستەين شىنجاڭدىكى كرورەن خارابىلىقىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە يۇڭ توقۇلمىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رەڭلىك ئارقاق يىپقا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئۇقچۇپ تۇرغان بىر ئات كەشتىلەنگەن ۋە نەپىس جىيەك چىقىرىلغان. بۇ بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بىۋاسىتە ئارقاق يىپقا ئالماپ توقۇلغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىر ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەشتىچىلىكتىكى بۇ خىل ھۈنەر ـ سەنئەتنى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر كەشىپ قىلغان (لۇشۇن، لى گېنپىڭ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش»، خەنزۇچە نەشرى، 354 ـ بەت).

4) رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسى. شىنجاڭنىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بىر پارچە تېگى كۆك پاختا رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىلغان. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى موم بىلەن گۈل بېسىلغان رەخت. بۇ خىل تېخنىكا پۈتۈن مەملىكەتكە تەدرىجىي ئومۇملاشقان، جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تارقالغان (لى دى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئىلىمىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ ، 25 ـ ، 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ ، 9 ـ كۈنلىرى) .

يــىــگــىــرمــە ئىككىنچى، ئورۇندۇق. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ ئالەم ئايروپىلانى بىلەن كائىناتقا سەپەر قىلىشقىچە ئــورۇندۇقــقــا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ . ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ئورۇندۇق خوتەننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان يــاغــاچ ئــويــمــىــلــىــق ئورۇندۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 1959 ـ يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان. نىيە خارابىسى ئالاھىزەل 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

يىگىرمە ئۈچىنچى، تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى. بۇ پــەقەت ئېلىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن شىــنــجــاڭدا قوللىنىلغان تېخنىكا. شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ مــىلادىيە 386 — 534 ـ يىللىرى ئارىلىقىدىكى دەۋردە بۇ تېخنىكىنى ئــىــگــىــلــەپ بولغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. قەدىمكى زامــان ئاپتــورلــىرى لــى داۋيــۈەن ( 郦道元 ) «سۇ ـ ئېــقــىــنــلار تەزكــىــرىــسى ( 水经 ) . دەريالارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا، كۇسەندە تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىنىپ 36 خانلىق تەمىن ئېــتــىــلــىــدۇ، دەپ يازغــان. 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى» ناملىق كىتابتا، بۇ «ئېلىمىزنىڭ (تاش) كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر بۇرۇنقى خاتىرە» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پەن ـ تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، كېيىنكى زامانلاردا تېخنىكىدا ئالغا كەتكەن غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل پەن ـ تېخنىكا XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن قوللىنىلغان.

يىگىرمە تۆتىنچى، كارىز. بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر ئاستىدىكى سۇدىن پايدىلىنىپ يەر سۇغۇرىدىغان سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەسى بولۇپ، تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان كارىزنى قەدىمكى ئەجدادلار مۇشۇ يەرنىڭ

ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان.

يىگىرمە بەشىنچى، قاش تېشى ئويمىچىلىقى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 4000 ـ 5000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا قاش تېشى ئويمىچىلىقى تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغان. بۇ دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن ئىگىلەنگەن ھۈنەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىگىرمە ئالتىنچى، مەتبەئەچىلىك. بۇ جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى. ئارخېئولوگلار تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەردىن زور بىر تۈركۈم قاتتىق ياغاچقا ئويۇلغان (چىلان ياغىچى بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ) يەككە ـ يەككە قىلىپ ياسالغان كۆچمە ھەرپ ئەۋرىشكىسى (مىق مەتبەئە ـ تامغا بۇيۇمى) نى تېپىپ چىققان. ئۇلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئويۇلۇپ، خەت بېسىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. بۇ يادىكارلىقلارنى بەزى ئالىملار قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەن يىللىرى، يەنى X، XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دېسە، يەنە بەزىلەر XIII ئەسىرگە تەئەللۇق دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو ۋە پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېگانە مەدەنىيەت دۇردانىسى دەپ ھېسابلىنىدۇ. شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۇنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئويۇشتۇرغان «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دىن ئىگىلىنىشىچە، دۇنخۇاڭ مۇزېيى تاپقان (خۇددى شۇ شەكىلدىكى) ئالتە تال قەدىمكى ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپى (تامغا) دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە ھەرپى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ توغرىلىق خەۋەرنى «نۇر گېزىتى» (光明日报) نىڭ 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخشۇناس ليۇ زىشياۋ ئەپەندى «ئېلىپبەلىك تامغا ـ مەتبە ھەرپى قوللىنىلغانلىق تارىخىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولسا،

ئامېرىكىلىق ئالىم كارتىرمۇ ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئويۇلغان بۇ نابورلۇق ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنىڭ «دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى نابور يېزىقلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق» دەيدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مونرى ئېرزىنمۇ «بۇ خىل ھەرپلەر پۇتكۇل ئالەمدە تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدۇر» دەپ يازغان.

يىگىرمە يەتتىنچى، بۇددا تاش غار سەنئىتى (بۇددا مىڭ ئۆيلىرى). شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە بۇددا مىڭ ئۆي سەنئىتى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جاي، بۇ مىڭ ئۆيلەر كۆلەم جەھەتتىنمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قەشقەردىكى ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيى، كۇچادىكى قىزىل مىڭ ئۆيى، قۇمتۇرا، سىم - سىم مىڭ ئۆيى، قارا شەھەردىكى شىكشىن مىڭ ئۆيى، تۇرپاندىكى سىڭگىم، بېزەكلىك، تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

يىگىرمە سەككىزىنچى، ھاراق ئىشلەش. شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەنگەن جاي. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ خىل ھۈنەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

*4. مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۆجىزىلەر*

مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئىچىدە جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت نەمۇنىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە تەرەپ بار. بۇنىڭدىن قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىيالارغا ئويۇلغان ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن رەسىملەرنى؛ تارىخى ئۇزۇن، ھەجمى چوڭ، سىستېمىلاشقان مۇزىكا بايلىقى «12 مۇقام» نى؛ مىسرا سانى ئەڭ كۆپ بولغان دەسلەپكى ئىمزالىق داستان «قۇتادغۇ بىلىك» نى؛ XI ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىيىتىدىن ئەتراپلىق مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىلگەن قامۇس شەكىللىك كىتاب «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىقى بىر قاتار ئەھۋاللاردىن شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ

يېتەلەيمىزكى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدە كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك نامايەندىلەر بارلىقىقا كەلگەن. بۇلار شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىدىكى ھەرقايسى ئېقىن تارماقلارنىڭ مەنبەلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆرمەسلىك ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. بىز شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان چېغىمىزدا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىنى تولۇقلاشتا غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ بىرلا مەنبەسى بولىدۇ، دەپ قاراش ئىلمىيلىقىقا ئۇيغۇن ئەمەس. چوڭ بىر دەريانىڭ نۇرغۇن ئېقىنلىرى بولغىنىدەك — بىر مىللەت، بىر رايون مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىر قانچە تارماق ئېقىنى، مەنبەسى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ئاساس قىلىدىغان بىر مەنبە بولىدۇ. شۇڭا، شۇ ئاساسىي مەنبەنىڭ يېتەكچىلىك ۋە يادرولۇق رولىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، تارماق مەنبەلەرنىڭ تولۇقلاش رولىنى ئوينىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئاساسىي مەنبەنىڭ ئورنىغا قويۇۋالماسلىقىمىز كېرەك.

## 2. «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»نى تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدە

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي فۇندامېنتى يىراق قەدىمكى زاماندىن بېرى شىنجاڭ زېمىنىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىنسان تۈركۈملىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن، مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك شارائىتلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان، كۆپ قاتلاملىق خەلق ئىجادىيىتى ئارقىلىق بېيىغان، ھەرخىل دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كۆپ تەرەپلىمە ئىگىلىك سىستېمىسى ئارقىلىق مۇكەممەللەشكەن، ئۇنىۋېرساللىقا ئىگە مۇكەممەل گەۋدىلىك مەدەنىيەت خەزىنىسى. مۇشۇنداق زور مەدەنىيەت قاتلىمىنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە ھەر تەرەپتىكى مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ھەرخىل مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئەھۋال ئاستىدا تىلغا ئېلىنىپ كېلىندى. نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى مەخسۇس بايان قىلىشتىن بۇرۇن بۇ نۇقتىنى ئىزاھلاپ ئۆتمەي تۇرالمايمىز.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تۈرگە ئايرىش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى

كلاسسىك مەدەنىيەت قاتلىمىنى تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. چۈنكى، شىنجاڭدا يارىتىلغان مەدەنىيەت يالدامىلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەرىپەت ئوچاقلىرىدا يارىتىلغان گېگانت مەدەنىيەت يالدامىلىرىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق.[4]

ئالىملار بۇ خىل كۆزقاراشنى نۇرغۇن ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشمەكتە. مەسىلەن، بۇ توغرۇلۇق قىسقىچىلا بىر مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى.

شىنجاڭ رايونىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۇنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولغان گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمى، غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەزى جايلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەممىسىدىلا ئېگىز تاغلار، قۇملۇقلار ۋە يايلاقلار بار. ئۇ جايلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 — 1000 - يىللاردىلا برونزا قورال دەۋرىگە كىرىپ بولغان. بۇ خىل ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغاندا شىنجاڭ رايونىمۇ ئەلۋەتتە برونزا قورال دەۋرىگە كىرگەن.

شىنجاڭدا ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردىلا تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلگەن. بەزىلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن ئىلگىرىلا ئىشلىتىلگەن دەپ قارايدۇ. بۇ ئەھۋاللار قەدىمكى دەۋردە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ باشقا رايونلارنىڭكىدىن بىر قەدەم كېيىن بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا تەييارلانغان برونزا ئەسۋابلارمۇ خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەئەللۇق. تەتقىقاتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ برۇنزا سانائىتىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VIII — V ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى دەۋرلەردە ناھايىتى تەرەققىي تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ باشلىنىشىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن ئىلگىرى (بەزىلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار ئەتراپىغا سۈرىدۇ)[5] مۆلچەرلىسەكمۇ ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[6]

شۇڭا، بىز شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۈرگە ئايرىشتا تارىخقا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يىراق دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ، مەزمۇنى مول ۋە مۇرەككەپ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. شۇڭا، مۇنداق بىر مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالماي بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن «تۈرگە ئايرىش» دېگەن مەسىلىنىڭ مەزمۇنى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز ئادەتتە «ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش» توغرۇلۇق بولىدۇ. چۈنكى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى» دېگىنىمىز ئۆزى بىر پەن. ئۇنى تۈرگە ئايرىش ئەلۋەتتە ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى تۈرغان گەپ.

ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش ئىلىمنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن قائىدە ـ قانۇنىيەتكە ئىگە. ف. ئېنگېلس ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش توغرۇلۇق توختىلىپ: «ئىلىم ـ پەن بىلىم سىستېمىسىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىش دېگەنلىكتۇر» دەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ھەربىر پەن مەلۇم بىر ئايرىم ھەرىكەت شەكلىنى ياكى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرغان ۋە بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدىغان بىر قاتار ھەرىكەت شەكىللىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. شۇڭا، پەننىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى مۇشۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسلىدىن بار بولغان تەرتىپلەر بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە تۈزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» [7]

ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش ھەربىر پەننىڭ ئىچكى باغلىنىشى ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ـ پەننى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەۋجۇت بولغان شىنجاڭ مەدەنىيەت يالداملىرىنى يىغىنچاقلىيالايدىغان تور بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنى شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىشتا ئورتاق،

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تۈرگە ئايرىشتا ئىلىم- پەن سىستېمىسى بويىچىلا ئايرىپ قويساق بىر تەرەپلىمە ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ھەرخىل ئىلىم- پەن سىستېمىسى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر مۇناسىۋىتى ئىنتايىن چىگىش، مۇرەككەپ بولغاچقا، تۈرگە ئايرىغاندا مۇشۇنداق مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ئىچىدىكى ئاساسلىق مۇناسىۋەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئاساسلىق تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۈرگە ئايرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولىدۇ. شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تەرتىپلىك بايان قىلىپ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، شىنجاڭ مەدەنىيەت ياللدامىلىرى مەلۇم تارىخىي ئېھتىياجغا ئاساسەن سۇبيېكتىپ ھالدا ئايرىلىپ، رەتلىنىپ مەلۇم شەكىل جەھەتتىكى باغلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، گەرچە شەكىل جەھەتتە سىستېمىلاشتۇرۇلسىمۇ ياكى ھەرقانداق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى سىغدۇرالىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا ئىلمىيلىك كەمچىل بولىدۇ، تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك باغلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇنداق تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىنى ئىگىلەش تەس بولغاچقا، تەتقىقاتچىلار ياكى ئۆگەنگۈچىلەر ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىلىم- پەننى تۈرگە ئايرىشنى ئاساس قىلىدۇ.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز رەسمىي «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن بۇرۇن ياكى مۇشۇ خىزمەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى ئىلىم- پەن سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىزنىڭ ئىشلىمەكچى بولغان خىزمىتىمىز ئىلمىي، پىلانلىق، تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق بولۇپ چىقىدۇ- دە، ئۈنۈملۈك نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.

تۆۋەندە شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋرلىرىگە ئاساسەن ئايرىلىشى

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلار ياشىغان[8]. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنى بويىچە تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ كەلگەن. مۇشۇ جەرياندا شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئاشۇ تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى تارىخىي دەۋرلەرگە ئاساسلىنىپ يىراق قەدىمكى زاماندىن 1950 - يىللارغا قەدەر بولغان مۇنداق تۆت چوڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە ئاجرىتىمىز:

بىرىنچى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى

ئىككىنچى، قۇللۇق جەمئىيەت مەدەنىيىتى

ئۈچىنچى، فېئوداللىق جەمئىيەت مەدەنىيىتى

تۆتىنچى، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەت مەدەنىيىتى

بۇنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىدىن يەنە ياۋايىلىق دەۋرى (Savagery) مەدەنىيىتى، نادانلىق دەۋرى (barbarsm) مەدەنىيىتى، مەرىپەت (مەدەنىيەت، سىۋىلىزاتسىيە) civiliztion دەۋرى مەدەنىيىتى دېگەن ئۈچ باسقۇچلۇق مەدەنىيەت تۈركۈمىگە بۆلىنىدۇ؛ بۇ باسقۇچنى جىنسىي نوپۇز ۋە ئۇرۇق قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن يەنە مۇنداق ئۈچ پاراللېل باسقۇچقا ئاجرىتىمىز:

| | |
|---|---|
| ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى | ئانىلىق (ماتىرىئارخاللىق جەمئىيەت) ھوقۇقچىلىق دەۋرى مەدەنىيىتى |
| | ئەرلەر (پاتىرىئارخاللىق جەمئىيەت) ھوقۇقچىلىقى دەۋرى مەدەنىيىتى |
| | قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرى مەدەنىيىتى |

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىنىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەر مەدەنىيىتى كۈچلۈك سىنىپىي خاراكتېر ئالغان بولغاچقا، ئۇلارنى سىنىپىي نۇقتىدىن ئېنىق ئايرىپ چىقىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| قۇللۇق جەمئىيەت مەدەنىيىتى | قۇللار مەدەنىيىتى<br>قۇلدارلار مەدەنىيىتى |
| فېئوداللىق جەمئىيەت مەدەنىيىتى | دېھقانلار، كاسىپلار، يانچىلار چارۋىچىلار، مەدەنىيىتى.<br>فېئوداللار، پومېشچىكلار، چارۋىدارلار، سودىگەرلەر، بەگ- تۆرىلەر، خان- بەگزادىلەر، سەرۋازلار، روھانىيلار مەدەنىيىتى |
| يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەت مەدەنىيىتى | پرولېتارلار، دېھقانلار، كاسىپلار، تىجارەتچىلەر، مەدىكارلار، يانچىلار، چارۋىچىلار مەدەنىيىتى؛ خان- بەگزادىلەر، فېئودال ھاكىم، بەگلەر، سەرۋازلار، بۇرژۇئازلار، چەت ئەل بۇرژۇئازلىرى، ئۇششاق كاپىتالىستلار، چوڭ سودىگەرلەر، ۋە دەللال بۇرژۇزىيە مەدەنىيىتى |

سىنىپ پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ دەۋر مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەمگەكچى خەلق مەدەنىيىتى، ھۆرلەر مەدەنىيىتى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنى سىنىپ بىلەن ئالاقىدار قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا چوڭراق تارىخىي دەۋرلەرگە ئاساسەن يەنە مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى (يىراق قەدىمكى دەۋردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللارغىچە)، قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردىن تەخمىنەن مىلادىيە V

ئەسىرگىچە)، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى (تەخمىنەن مىلادىيە V ئەسىردىن مىلادىيە XVII ئەسىرگىچە)، يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى (مىلادىيە XVII ئەسىردىن 1840 ـ 1917 يىللارغىچە)، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى (1840 — 1949 ـ يىلىغىچە).

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمى كۆپ خىل بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانلىرىدا پەرق مەۋجۇت. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تارىخىي باسقۇچ ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈشتە ھەر تەرەپلىمە ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق دېگەنلىك، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى قالايمىقان دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، بىز شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەكشۈرگەندە ئومۇمىيلىقنى ئاساس، قىسمەنلىكنى قوشۇمچە قىلىپ، يەنى خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشنى يېتەكچى، ھادىسىنى سۆزلەشنى يانداش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغۇدەك كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايمىز.

شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تارىخىي دەۋرلەرگە ئاجرىتىدىغان بولساق، ئومۇمەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرلەرنىڭ ئۇياقى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھېسابلىنىشى لازىم. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە قۇللۇق جەمئىيەت، مىلادىيە III ئەسىردىن 1840 ـ يىللارغىچە فېئوداللىق جەمئىيەت، 1840 — 1949 ـ يىللار ئارىلىقى يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە بەزىبىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەر بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇشۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، تۈرك خانلىقى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىقلار يىرىك فېئوداللىق خانلىقلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ خانلىقلاردا قۇللارمۇ بولغان. بۇنىڭغا قاراپ بۇلارنى قۇللۇق تۈزۈمدىكى خانلىقلار دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ

قۇللار ھەربىر خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن قۇللار بولۇپ، ئاشۇ جەمئىيەتتە ئايرىم بىر قۇللار سىنىپىنى تەشكىل قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار تۇراقسىز، ئاز سانلىق نامراتلار ۋە ئەسىرلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، يا ئۇنداق، يا بۇنداق سەۋەبلەرنى ھېسابلاپ ئولتۇرماي، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ دەۋرىنى فېئوداللىق دەۋر دېيىش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋردە يارىتىلغان مەدەنىيەتنى فېئوداللىق جەمئىيەت مەدەنىيىتى دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گەۋدىلەرگە ئاساسەن ئايرىش

شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە كۆپلىگەن چوڭ ـ كىچىك بەگلىك ـ خانلىقلار تارىخنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ، بىر تالاي ئىشلارنى ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى بەزىدە ئومۇمىي رايون خاراكتېرىنى ئالغان بولسا، بەزىدە تار دائىرىدىكى يەرلىك ۋە قەبىلىۋى خاراكتېرنى ئالغان. يەنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار بولسىمۇ، لېكىن خاسلىق ياكى ئۆزگىچىلىكنىڭ روشەن ئالامەتلىرىگە كۆز تاشلاپ، ئۇنى ئېنىق پەرق ئەتمەي ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا، بەزى شارائىتتا تارىختا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئاشۇ يەرلىك بەگلىك ـ خانلىقلارنىڭ قالدۇرغان تۆھپىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گەۋدىلەرگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىلمىيلىك ھېسابلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، تۆۋەندىكىدەك مەدەنىيەت تۈرلىرىگە ئايرىش كېلىپ چىقىدۇ.

1) قۇس ـ غۇز خانلىقى مەدەنىيىتى

2) قوچو ئېلى خانلىقلىرى مەدەنىيىتى

3) ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقلىرى مەدەنىيىتى

4) سۇلې (كەشبالىق، قەشقەر) خانلىقلىرى مەدەنىيىتى

5) كۇسەن (كۇچا) خانلىقلىرى مەدەنىيىتى

6) ئاگنى (قارا شەھەر، چالىش) خانلىقلىرى مەدەنىيىتى
7) ئىلى خانلىقى مەدەنىيىتى
8) ئۇيسۇن خانلىقى مەدەنىيىتى
9) ئىكىز قاڭقىلىقلار خانلىقى مەدەنىيىتى
10) تۈرك خانلىقى مەدەنىيىتى
11) ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى
12) قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى
13) قارا خانىيلار خانلىقى مەدەنىيىتى
14) قىتانلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
15) موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
16) چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
17) بەشبالىق خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
18) تۇرپان خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
19) يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت
20) خوجىلار زامانىسىدىكى مەدەنىيەت
21) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى، ياكى
(قوشۇمچە)
1) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
2) سۇي ـ تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
3) يۈەن دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
4) چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 3. جۇغراپىيىلىك جايلارغا قاراپ ئايرىلىش

شىنجاڭنىڭ پەرقلىق جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىرىدا بىر ـ بىرىدىن كۆپ جەھەتتە ئايرىلىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت يالداملىرى يارىتىلىپ تىپلارغا ئايرىلىغان ۋە كلاسسىك ھادىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولسا، بەزىبىر پىرىنسىپال تەتقىقات يەكۈنلىرىگە ئېرىشكىلى ۋە شۇ ئارقىلىق مۇئەييەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملىرىمىز ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىنى خېلىلا چوڭقۇر

كۆزىتىپ، ئۆز ئەمگىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جامائەتچىلىكنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا. شۇنداق بولغاندا، بۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل ئايرىشتا ئومۇمەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئاساس قىلىنىدۇ.

(1) ئالتاي مەدەنىيىتى
① شىمىرشىك تارمىقى
② پازىرىق قەبرىستانلىقى (؟)
(2) تەڭرىتاغ مەدەنىيىتى
① قۇمۇل ـ بارىكۆل تارمىقى
② ئاستانە ـ ئالغۇي تارمىقى
③ بۇغدا ـ ئۈرۈمچى تارمىقى
④ بۇغدا ـ مورى تارمىقى
⑤ خانتەڭرى ـ ئىلى تارمىقى
⑥ قارا مۇدۇن ـ ئۈششاقتال تارمىقى
(3) تارىم مەدەنىيىتى
① لوپنۇر ـ چەرچەن تارمىقى
② ئۇدۇن (خوتەن) ـ گۇما تارمىقى
③ پامىر ـ ئوپال تارمىقى
④ ئاقسۇ ـ كۇسەن تارمىقى [9]

## 4. قوۋم ـ مىللەتلەرگە خاسلىقى جەھەتتە ئايرىلىش

دۇنيادىكى يىرىك مىللىي رايونلارغا ئوخشاش شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا كۆپ خىل قوۋم ـ مىللەتلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە تاشلىغان قەدىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە تىلغا ئالغۇدەك دەرىجىدە پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا، يارانقان مەدەنىيەت يالدامىلىرىنىڭ قىممىتىدە ھەم يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك چېكى بار ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ شىنجاڭ سەھنىسىدە تۇرۇش ۋاقتىدا ئۇزۇن ـ قىسقىلىق ۋاقىت پەرقى بار بولغان، شۇڭا ئاشۇ قوۋم ـ مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىدىن ئۆزلىرى

شەرەپكە ئىگە بولسۇن، دېگەن مۇددىئادا شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى شىنجاڭ تۇپرىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ھەربىر قوۋم ـ مىللەتلەرگە تېگىشلىك ئۈلۈش ھېسابىدا ھېسابلاپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا مۇنداق بولىدۇ:

*1) قەدىمكى زامان قوۋم ـ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى (يىراق قەدىمكى زاماندىن مىلادىيە IV ئەسىرگىچە)*

(1) دى ـ گۇيفاڭ ـ دىڭلىڭ ـ ئوغۇر ـ ئوغۇز ـ قۇس ـ غۇزلار مەدەنىيىتى

(2) تارىملىقلار (؟) مەدەنىيىتى

(3) چياڭلار مەدەنىيىتى

(4) توخرىلار ـ تۇخار مەدەنىيىتى

(5) ساقلار (ساكلار) مەدەنىيىتى

(6) رۇڭلار مەدەنىيىتى

(7) چۇيسۇلار مەدەنىيىتى

(8) ئۇيسۇنلار مەدەنىيىتى

(9) ھۇنلار مەدەنىيىتى

(10) خەنزۇلار مەدەنىيىتى

(11) تاجىكلار مەدەنىيىتى

*2) ئوتتۇرا ئەسىردىكى قوۋم ـ مىللەتلەر مەدەنىيىتى (تەخمىنەن مىلادىيە V ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە)*

(1) ئېگىز قاڭقىلىقلار مەدەنىيىتى

(2) ئېفتالىتلار مەدەنىيىتى

(3) رورەنلەر مەدەنىيىتى

(4) تېلېلار مەدەنىيىتى

(5) تۇيغۇنلار مەدەنىيىتى

(6) تۈركلەر مەدەنىيىتى

(7) سوغدلار مەدەنىيىتى

(8) تۇبۇتلەر مەدەنىيىتى

(9) شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇر (خۇيخې) لار مەدەنىيىتى ياكى توققۇز ئوغۇزلار مەدەنىيىتى

(10) تۈركەش، قارلۇقلار مەدەنىيىتى

(11) خەنزۇلار مەدەنىيىتى

(12) قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتى
(14) ئۇدۇن (خوتەن) ـ ۋىجايا جەمەتى خانلىقى مەدەنىيىتى
(15) قاراخانىي ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتى
(16) ئىلى ۋادىسىدىكى ياغما، توخسى، چىگىللەر مەدەنىيىتى
(17) قىتانلار مەدەنىيىتى
(18) موڭغۇللار مەدەنىيىتى
(19) چاغاتايلار مەدەنىيىتى
(20) موغۇلىستانلىقلار ۋە بەشبالىقلار مەدەنىيىتى
(21) تاجىكلار مەدەنىيىتى

*3) يېقىنقى زامان مىللەتلىرى مەدەنىيىتى*

(1) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
(2) قىرغىزلار مەدەنىيىتى
(3) قازاقلار مەدەنىيىتى
(4) موڭغۇللار مەدەنىيىتى
(5) مانجۇلار مەدەنىيىتى
(6) خەنزۇلار مەدەنىيىتى
(7) خۇيزۇلار مەدەنىيىتى
(8) شىبەلەر مەدەنىيىتى
(9) تاجىكلار مەدەنىيىتى
(10) ئۆزبېكلەر مەدەنىيىتى
(11) تاتارلار مەدەنىيىتى
(12) رۇسلار مەدەنىيىتى
(13) داغۇرلار مەدەنىيىتى

## 5. دىنىي ئېتىقادقا ئالاقىدار بولۇشىغا قاراپ ئايرىش

هازىرقى زامان دىنشۇناسلىرى ئومۇمەن دىن ئىنسانلارنىڭ هايۋانلار دۇنياسىدىن ئۆزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ چىقىپ، رەسمىي يوسۇندا ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشىدىكى روشەن ئالامەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارغا مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگۈچى ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى، دەپ چۈشەندۇرۇپ

كېلىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى زاماندا ئىنسانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان نۇرغۇن مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئاساسەن دىنىي ئېھتىياجلار تۈپەيلى روياپقا چىققانلىقىنى سەممىيەت بىلەن تەن ئالماقتا. مۇشۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن هازىرقى زامان مەدەنىيەتشۇناسلىرى ھەم مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كاتېگورىيىلەرگە ئايرىشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇسۇل دەپ قارىماقتا. بۇ خىل ئەندىزىنى شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە تەدبىقلىساقمۇ تارىخقا ئىلمىي ياندىشقان بولىمىز. شۇ يول بىلەن تۈرلەرگە بۆلگەندە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ دىن بىلەن ئايرىلاشقان كاتېگورىيىلىك تۈرى مۇنداق بولىدۇ.

1) ئىپتىدائىي دىنىي مەدەنىيەت
2) شامان (قامان) دىنى مەدەنىيىتى
3) زورو ئاستېر دىنى مەدەنىيىتى
4) بۇددا دىنى مەدەنىيىتى
5) مانى دىنى مەدەنىيىتى
6) خرىستىئان دىنى مەدەنىيىتى
7) نىستورىئان دىنى مەدەنىيىتى
8) ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى
9) سوفىزم مەدەنىيىتى

نوقۇل بىر-بىر دىنىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بۆلۈش ئومۇمىيراق بۆلۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنى يەككە ھالەتكە قويۇپ، نۇرغۇن تۈرلەر ئارقىلىق ئايرىپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئىپتىدائىي دىنىي مەدەنىيىتى، خوتەن خانلىقىنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بۆلگەندە تېخىمۇ كۆپ تارماق تۈرلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى دىنىي ئېتىقادلار مەسىلەن، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىر قانچە ئېتىقاد شەكلىگە ئايرىلىدۇ. دىنشۇناسلىق ساھەسىدە بۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈش ئۇسۇلى بار. بۇنى مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرساق «شىنجاڭنىڭ توتېم مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭنىڭ

ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقى دەۋرى»، «شىنجاڭنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىقى مەدەنىيىتى» دېگەن شەكىللەر كېلىپ چىقىدۇ.

## 6. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا قاراپ ئايرىلىش

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ماددىي شارائىت. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئەمگەك ئوبيېكتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى (ئەمگەك قوراللىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئەمگەك ۋاستىلىرىگە، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولۇش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدە قانداق رول ئوينىشى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئىلغار ياكى قالاق بولۇشىغا باغلىق.

ماركس ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي دەۋرنى ئايرىشنىڭ ماددىي بەلگىسى دەپ ھېسابلىغان ئىدى. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «تۈرلۈك ئىقتىسادىي دەۋرلەر بىر - بىرىدىن نېمە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداق ئىشلەپچىقىرىش، قانداق ئەمگەك ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمگەك ۋاستىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكنىڭ قانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدىغان كۆرسەتكۈچ» .[10]

دېمەك، تارىخشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەينى زاماندا ئىشلىتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق پەرقلەندۈرىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، بىز شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى بەلگە قىلىپ تۆۋەندىكى دەۋرلەرگە ئايرىغاندا مۇنداق بولىدۇ.

(1) كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

(2) ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

(3) يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

(4) تاش ۋە مىس قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر مەدەنىيىتى

(5) مىس قورال دەۋرى

(6) دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

(7) كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىشى بىلەن بىرلىكتە، يەنە بەزى قورال ـ سايمانلار ئاشۇلارنىڭ تارىختىكى رولىنى تولۇقلاپ، ئىقتىسادىي دەۋرلەرنى ئۆزئارا ئايرىپ چىقىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورال ـ سايمانلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن، (1) ساپال (كۇلال) قوراللار دەۋرى. بۇ رەڭسىز ـ سىدام ساپاللار ۋە رەڭلىك ساپاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر يەنى سىدام ساپاللار يېڭى تاش قورال، رەڭلىك ساپاللار مىس قورال دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. (2) سۆڭەك — مۈڭگۈزدىن ياسالغان ئەسۋابلار. (3) قاش تېشى بۇيۇملىرى

## 7. پەن تۈرىگە ئاساسەن ئايرىلىش

ئىنسانلار جەمئىيىتى كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئاڭسىز ۋە ئاڭلىق يوسۇندا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن راۋاجلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل راۋاجلىنىش پەنلەرنىڭ كاتېگورىيىلىشى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ، تاكامۇللىشىپ باردى. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى پەن ـ تېخنىكا كۈچىدىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئۇزۇن مۇددەت تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ئۇزلۇكسىز يەكۈنلەپ ۋە بۇ خىل تەجرىبىلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ھەم بېيىتىپ كەلگەن، كېيىنكىلەر

هامان بىر مەشغۇلات ئېلىپ بارماقچى بولسا، ئالدىنقىلارنىڭ ئاشۇ خىل تەجرىبىلىرىنى قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئەمما، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۇ خىل تەجرىبىلەرنىڭ بەزىلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ئەمگەك مەشغۇلاتىنىڭ ئوخشىمىغان جەريانلىرىدا پەرقلىق يوسۇندا تەدبىقلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئايرىپ كېتىشى تەس ئىدى، جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى زور دەرىجىدە يەكۈنلەپ ۋە كاتېگورىيىلەشتۈرۈپ چىقتى. يەنى تۈرلەرگە ئايرىپ كاتېگورىيىلەشتۈرۈپ بارا ـ بارا بەكمۇ ئىنچىكىلەندى، بۇلارنىڭ نەتىجىسى پەنلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

پەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى زامان پەنلىرى بەكمۇ ئىپتىدائىي بولۇپ، يېقىنقى زامان پەنلەرنىڭ ھەرخىل ئالامەتلىرىگە قاراپ ئايرىپ نەزەرىيىلەشكەن، سىستېمىلاشقان ۋە مۇكەممەللەشكەن پەن تۈرگە ئايرىپ چىقتى. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل مۇكەممەللەشكەن تارىخنى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ تارىخنى تۈرغۇزۇشقا بولىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخنى پەن تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەرخىل پەنلەرنىڭ تارىخى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخنى تۈرغۇزۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغىلىدۇ. بىز بۇ خىل فورمۇلا ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخنى ھەرخىل پەنلەرنىڭ تارىخى ئارقىلىق سىخېمىلاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ.

(1) تەبىئىي پەنلەر تارىخى

① ئاسترونومىيە تارىخى

② گېئومېترىيە تارىخى

③ ماتېماتىكا تارىخى

④ گېئودىزىيە تارىخى

⑤ گىدرولوگىيە تارىخى

⑥ بىناكارلىق تارىخى
⑦ ھەيكەلتىراشلىق تارىخى
⑧ بىئولوگىيە تارىخى
⑨ خىمىيە تارىخى
⑩ فىزىكا تارىخى
⑪ تېبابەتچىلىك تارىخى
(2) پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تارىخى
① ئەدەبىيات تارىخى (شېئىرىيەت، ھېكايە، داستانچىلىق)
② مۇزىكا تارىخى
③ ناخشا ـ ئۇسسۇل تارىخى
④ دىن تارىخى
⑤ پەلسەپە تارىخى
⑥ پېداگوگىكا تارىخى
⑦ لوگىكا تارىخى
⑧ ئېستېتىكا تارىخى
⑨ ئېتىكا (ئەخلاق) تارىخى
⑩ سىياسەت، خانلىق باشقۇرۇش تارىخى
⑪ دىپلوماتىيە تارىخى
⑫ رەسساملىق تارىخى
⑬ نەققاشلىق تارىخى
⑭ قانۇنچىلىق تارىخى

## 8. ئىـــگــــلىك قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ئاساسەن ئايرىلىش

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەم تارىخ مۇساپىسىگە تاشلىغان قەدىمىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك دەرىجىسىگە قاراپ، ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەمدە مۇشۇ سىستېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەدەنىيەت ياراتقان. شۇڭا، مەدەنىيەت يالداملىرىنى تۈرلەرگە بۆلگەندە ئەلۋەتتە بۇ خىل ھالەتنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك. بىز شىنجاڭنىڭ

مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى مۇشۇ ئەندىزە بويىچە تۈرلەرگە بۆلىدىغان بولساق، سخېما تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى (يايلاق مەدەنىيىتى)

(2) ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتى (يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى)

(3) سودا ـ سېتىق مەدەنىيىتى

(4) شەھەر مەدەنىيىتى

بۇلارنى ئىنچىكىلەپ بۆلىدىغان بولساق:

چارۋىچىلىق — ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، قويچىلىق، ئاتچىلىق، تۆگىچىلىك ··· قاتارلىقلارغا؛

ئېكىنچىلىك — زىرائەتچىلىك، باغۋەنچىلىك، قوغۇنچىلىق، گۈل ـ گىياھچىلىق . . . قاتارلىقلارغا؛

شەھەر مەدەنىيىتى ھۈنەر ـ كاسىپچىلىق، ئالماشتۇرۇش، باشقۇرۇش ··· قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 9. يول ـ لىنىيىلەر بىلەن ئالاقىدارلىقىغا قاراپ ئايرىلىش

يول راۋانلىقى ئىنسانىيەت تۇرمۇش تىرىكچىلىكىدە ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدىشى جەريانىغا ئالاھىدە بىر قاتلام بىلىش ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ھادىسىسىنى ئېلىپ كەلگەن تارىخىي ئالامەت. شىنجاڭدىن كېسىپ ئۆتكەن برونزا يولى، قاش تېشى يولى، يىپەك يولى ھەقىقەتەن شەرق ـ غەرب ۋە شىمال ـ جەنۇبنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇردى. دۇنيانىڭ تۆت چاسا يول ئېغىزىغا مۇناسىپ كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى شەكىللەندۇردى. شىنجاڭدىن ئۆتكەن يوللار شىنجاڭ جۇملىدىن ئۇنى مەركىزىي چەمبىرەك رايونى قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار موڭغۇل ـ قىپچاق دالالىرىنى دۇنياۋى ئالاقىغا ئېلىپ كىردى. ئۈچ چوڭ غول لىنىيىلىك يوللار شىنجاڭلىقلارنى ئولتۇراقلىشىش، ئېكىنزارلىق، شەھەر ـ قەلئە تىرىكچىلىكىگە كىرىش، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ـ سودىغا قاتنىشىش ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يازما تارىخ (يازما مەدەنىيەت)، كلاسسىك ئەدەبىيات

ۋە كلاسسىك مۇقامچىلىقتا، جۈملىدىن خەلقئارا تەرجىمە ـ شەرھچىلىكتە ئالدىغا كېتىشكە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭلىقلارنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى بەزى خەلقلەر مىڭلىغان يىللار مابەينىدە تەدرىجىي يوسۇندا ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت باسقۇچلىرىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. [11]

شەرقشۇناسلار شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتكەن يول ـ لىنىيىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى، جۈملىدىن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارا كارۋان يوللىرىدا تۇتقان ئورنىغا قاراپ، كۆپ چاغلاردا كارۋان يوللىرى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە مۇھاكىمىگە قويۇپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇنداق بولغاندا، كارۋان يوللىرىغا ئالاقىدار بولغان شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ سخېمىسى مۇنداق بولىدۇ.

(1) شىنجاڭ برونزا يولى مەدەنىيىتى
(2) شىنجاڭ قاش تېشى يولى مەدەنىيىتى
(3) شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتى
(4) پاختىچىلىق يولى مەدەنىيىتى

يۇقىرىقى ئايرىش شەكلىدىن باشقا يەنە بىر قانچە ئايرىش ئۇسۇلى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇمىي بولغان ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ياكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ خاتىرىلىنىشكە باشلىغان ۋاقتىغا قاراپ «تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت» ، «تارىختىن كېيىنكى مەدەنىيەت» دېگەن بىرخىل ئايرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ھەرخىل ئامىللارنى ئاساس قىلىپ تەھلىل ئېلىپ بېرىلغاندا، شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زاماندىن تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، تارىختىن كېيىنكى مەدەنىيەت بولسا مىلادىيىدىن كېيىنكى يىللاردىن بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىر خىل ئايرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي شەكلى، ھەجىم قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن

ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» ۋە «مەنىۋى (روھىي) مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئايرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرىقىدەك تۇرلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش ياكى تەتقىق قىلىش ئۇقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشى ياكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە كۆپ ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. قايسى بىر كىشى بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى نىيەت قىلىدىكەن، يۇقىرىقى سخېمىلارنىڭ قايسى بىرىنى تاللاپ ئېلىپ ئۆز ئىشىغا تەدبىقلىيالىسا، ئىشىنىمىزكى چوقۇم ئەمگىكىدىن ھوسۇل ئالالايدۇ. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق بىر ھوسۇلنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن بىزدە ئالدى بىلەن مۇشۇنداق بىر لايىھە، پىلان، نىشان ۋە مەقسەت بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشنىڭ ئۆزى قايمۇقۇش ۋە يول تاپالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 3. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان پارلاق، يۈكسەك بىر مەدەنىيەت بولۇپ، ئىلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىنى ئۆزىگە تارتىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا.

شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنى كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ئىنتايىن ئۇزۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلار يىراق ئۆتمۈشتىن باشلاپ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، كۈرەش قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، بىر خۇلاسىگە كەلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

چۈنكى، بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

### بىرىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يادرو قىلىش

شىنجاڭلىقلار كۈچلۈك ۋە قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە. بۇ خىل روھ ئۇلار ياراتقان بارلىق مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئىلھامبەخش رولنى ئوينىغان.

شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

باشتىن ـ ئاخىر مىللىي روھنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار شەخسىيەتسىز، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ۋەتەنگە سەمىمىي ـ سادىق، يۈكسەك ئىرادىلىك، مۇستەھكەم ئىدىيىگە ئىگە ھەققانىي كىشىلەرنى ھەردائىم چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ھۆرمەتلەپ كەلگەن. بۇ شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ مىللىي روھنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىدىكى ئورتاق ياڭراق سادا ئىدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققانىي ئىش بولغاچقا، ھامان كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلگەن. بۇنى سان ـ ساناقسىز تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىغان. خۇددى رۇسلارنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىي ئېيتقاندەك «كىمكى ئۆز ۋەتىنىگە تەئەللۇق بولمايدىكەن، ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولمايدۇ» دېگەن سۆزى شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يۇرت ـ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش شىنجاڭ خەلقى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەڭ يۈكسەك ۋە گۈزەل ئەخلاق. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلگەن. ئۇ شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ سىياسىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ئەمەلىيەت جەريانىدا چەت ئەللەرگە چوقۇنىدىغان، مىللەت ـ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراش بىلەن بىرگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى «ئۆزىگە ئۆزى ھۆرمەت قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ» غانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيە شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى قوغداپ قالغان (قوغدىغان). شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېسىل ئەنئەنە سۈپىتىدە جۇغلىنىپ تۇرۇشقا شەرت ھازىرلىغان.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ئارىسىدا ئۇرۇش ـ تالاش، نىزا ـ غوۋغالار ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت باردى ـ كەلدى قىلىپ ئالاقىلىشىش، ئۆتنە ـ ئېلىم، سودا ـ تىجارەت قىلىش، ئىتتىپاق ئەھدىنامە تۈزۈش، توي قىلىپ قۇدا ـ باجا بولۇش ھەمدە كەڭ كۆلەمدە ئارىلىشىپ ياشاش ۋە ھەرخىل نىسبەتتە بىرلىشىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي يوسۇندا بىر پۈتۈن مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدە ھاسىل قىلغان.

ۋەتەنپەرۋەرلىك شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى هارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىشىنى شەرت قىلغان. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا ئەڭ قويۇق مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەجدادلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇلىرى بىلەن بىردەك بولغان.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىجتىمائىي قىياپىتى، سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ قانچىلىك تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، سىرتقى مۇناسىۋەتنىڭ كەسكىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇشۇ زېمىندا ئاپىرىدە بولۇپ، كۆپىيىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا ئۇيۇشۇپ سىرتنىڭ مۇداخىلىسىدىن جان تىكىپ قوغدىنىپ، يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت — شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

بىزگە مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى گەرچە تارىخىي دەۋر، تارىخىي باسقۇچ، جەمئىيەت خاراكتېرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ئۆزگەرگەن ئەمەس.

شۇ نەرسىنى ئېلمىي ۋە ئادىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇكى،

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرىپى ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىدىن ئىبارەت. بۇنى ئىنكار قىلىش تەس. بۇ خىل تارىخ نۆۋەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئىدىيىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن پۇختا يارىتىلىپ كەلگەن ئاساستىن ئىبارەت.

## ئىككىنچى، ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا پۇختىلىقتا يۈزلىنىش

ئەنئەنە بىر مىللەت ياكى بىر خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتتا، ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ياراتقان، پەقەت ئۆزىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى ئەمگىكىنىڭ مىللىي خاراكتېر مۇجەسسەمى.

ئۇ تارىخنى بويلاپ كەلگەن ئىدىيە- ئەخلاق، ئۆرپ- ئادەت، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم مىللەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان مۇھىم ئىجتىمائىي ئامىلى، ئەمگەك شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلى، ھەرىكەت شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىشى، ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە قاتارلىق ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مۇئەييەن مۇستەقىللىققا ئىگە. ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە سەۋىيە جەھەتتە پەرقلىق، تەسىرى ھەر خىل بولغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىشىش، سىستېمىلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلىنىپ تۇرىدىغان تارىخىي ئىنېرتسىيىلىك ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر خەلق، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئىلغار تەركىبلەر كۆپ بولغان بولىدۇ. بۇ ئىلغار تەركىب بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا پۇت تىرەپ تۇرالىشىدىكى ھايات كۈچىنىڭ ئاساسى. ئەگەر، بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىدە ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىر ئىلغار تەركىب

بولمىسا، مۇقەررەركى بۇ مىللەت ئاللىبۇرۇن يوقالغان بولىدۇ. ئۇلاردا كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلغۇدەك ياكى قارشى تۇرغۇدەك ئەنئەنىمۇ بولمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى يىلتىزىغا ، ئۈزۈلمەس قان تومۇرغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ يارىتىلغان مەدەنىيەت يىلتىزسىز دەرەخكە، قانسىز تەنگە ئوخشاپ قالىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى كۈچلۈك ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە. دۇنيادىكى ھەرقانداق مەدەنىيەت ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى ئاساس قىلىدۇ. شىنجاڭ مەدەنىيىتى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى، . . . بىز ئۇنىڭ چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈپلا قالماستىن، خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئۆزىدىكى مول مىللىي مەدەنىيەت مەزمۇنىنى كۆرىشىمىز لازىم. ئۇ كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىدە باشتىن ـ ئاخىر بىر پۈتەكچى مەدەنىيەت سىستېمىسى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق مەۋجۇت. [12]

شىنجاڭ ئومۇمىي جەھەتتە بىر پېكىنمە رايون. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغلىرى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى، شەرقىدە خېشى كارىدورى ئۇنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ ۋە نىسبەتەن پېكىنمە جۇغراپىيىلىك ھالەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ قىش ۋە يازدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى زور، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ… شۇنداق بولغاچقا جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ. [13] ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا ۋە بەزى مۇھىم تارىخىي دەۋرلەردە باشقا مەدەنىيەت رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دەرۋەقە نۇرغۇن چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، خېلى كۆپ ساھەدە مۇستەقىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەتمۇ ئۈزلۈكسىز يارىتىلىپ تۇرغان، يىرىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى

بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىي ئورۇندا، قوبۇل قىلىش قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى، يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى ئەنئەنىلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى مىسال قىلىپ سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ مەسىلىگە قانائەتلەنگۇدەك جاۋاب تاپالايمىز.

غەرب شەرقشۇناسلىرىدىن لوك كىۋاتون «بوزقىر ئىمپېرىيىسى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇر سىستېمىسى چەت ئەل مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان سىستېما بولماستىن، بەلكى شۇ جايدىكى بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش» دەپ يازغان. يەنە بەزى ئۇيغۇرشۇناسلار ئۇيغۇرلار چەت ئەلدىن قوبۇل قىلغان ھەرقانداق يېڭى بىر مەسىلىنى ياكى مەدەنىيەتنى ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ كەلگەن، بۇ بىر خىل «ئۇيغۇر ئەنئەنىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ يازغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى يەكۈنلىگەن ياپونىيە ئالىمى خانىدا تورو (يۇتيەنخېڭ) «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئۇيۇلدۇرغۇچى كۈچى» دېگەن ئىبارىگە يىغىنچاقلاپ، نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە كۆتەرگەن. شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىدە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك ساقلانغان ۋە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە جۇلالىنىپ تۇرغان، بۇنىڭغا مىساللار ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر قانچە مەسىلىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى.

خەنزۇ ئالىمى لى يۈڭ تارىم ۋادىسىدىكى بۇغداي تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ۋارىسچانلىق مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تارىم ۋادىسىدا 6 — 7 مىڭ يىللار مۇقەددەم مەيدانغا كەلگەن بۇغداي تېرىقچىلىقى ئاساسىدىكى نېئولىتىك مەدەنىيەتنىڭ تۈزلىنىشى ھەم راۋاج تېپىش يوللىرى ۋە شەكىللىرى شۇنىڭدىن باشلاپ ھەتتاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىزچىل داۋام

ئەتكەن ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ۋە ئۇسلۇبىنى، ئاساسىي ئامىللىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى، قىسقىسى ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلىگەن. بۇ يەردە ئىككى خەلقنىڭ (خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى دېمەكچى ـ نەقىلچىدىن) ئىنتايىن ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ھازا تۇتۇش ۋە ماتەم بىلدۈرۈش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى كۆرسەتسەم، بۇ پىكرىمنىڭ ئىسپاتى بولار. خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ۋاپات بولغان كىشىلەرنى يەرلىككە قويغاندا سۆڭەك ئېشىدىن بىر تاۋاقنى يېڭى قەبرە ئالدىغا قويۇش ئادىتى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىر تەرىپىدىن يېزىلغان «گۈلنىسا» دىرامىسىنىڭ ئىچىدە گۈلنىسانىڭ قەبرىسىگە دادىسى سامساق خوجۇندىن بوغداي ئېلىپ چاچقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە بىرى «ئەرۋاھ» قا سۆڭەك بېرىدۇ، بىرى بوغداي بېرىدۇ. مانا بۇ نەقەدەر خاراكتېرلىك سېلىشتۇرما ـ ھە![14] مانا بۇ بايانلاردىن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي تەرەپلىرىدىن تارتىپ قەدىم ـ قەدىم زامانلاردىن باشلاپ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

لې يۈڭ ئەپەندى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا توختالغىنىدا ئۇنىڭ مىڭلارچە يىللار ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر بىلەن ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت جەھەتتە ئېتىنىك باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يېلتىزنى تەكشۈرۈش ۋە ئەتراپتىكى خەلقلەر مۇزىكىسى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش بويىچە دۇنياۋى ئىختىراچىلاردىن ئىدى. ئەمما، تارىخقا نەزەر سالساق بۇنداق سەكرەنمە ئېتىقادتا يەنىلا ئەنئەنىۋى ئېتىقاد خۇددى بىر تال قىزىل يىپتەك پۈتۈن دىنلارنى مارجاندەك باغلاپ تۇرغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنمۇ باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلغان هامان ئالدى بىلەن قوبۇل قىلماقچى بولغان دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋە ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ «تەڭرى» سى بىلەن ئاتاپ، بۇ دىنىنى ئۆز ئېتىقادى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن بىرلەشتۈرۈپ داۋاملاشتۇرغان؛ زوروئاستېر دىنى ئىلاھىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى خۇرمۇزدا» دەپ ئاتىغان. بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى مانى بۇرخان» دەپ ئاتىغان. هەر قېتىم هەربىر دىنىنى تاشلىغان هامان ئۆزلىرىنىڭ «تەڭرىسى» گە ئېتىقاد قىلىپ قېلىۋەرگەن. ۋەهالەنكى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق بىر خىل شەكىلنى قوللانغان. لېكىن، بۇنىڭ ئىلگىرىكى شەكىللەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ قېتىم ئالدى بىلەن ئۆزلىرى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىسلام ئىلاھىنىڭ نامىغا «تەڭرى» نى قوشۇپ ئاتىماي، بەلكى ئۆز ئالدىغا نام قويۇپ، «بايات» دەپ قوبۇل قىلىپ، ئاندىن تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرگەن. يەنى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىنى ئۆز نامى بىلەن «ئاللا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنمەي، بەلكى داۋاملىق يوسۇندا شۇ زامانىنىڭ خاقانىيە تىلى «بايات» دەپ ئاتاۋەرگەن[15]. هەتتا، ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ «رەسۇلىللاھ» دېيىشكە ئادەتلەنمەي، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىلى بىلەن «يالاۋاچ» (مەنىسى ـ ئەلچى) ياكى «ساۋچى» (مەنىسى ـ سۆزلەپ بىلدۈرگۈچى) ۋە ياكى «ئۇقىچى» (مەنىسى ـ دەۋەتچى) دېگەن ناملار بىلەن ئاتاۋەرگەن. بۇ شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ دىن قوبۇل قىلىش ئادەتلىرىنىڭ بىرى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىپتىدائىي ئېتىقاد جەھەتتە قۇياش، ئاي، يولتۇزلارغا چوقۇنۇش، ئىپتىدائىي ئىشەنچلەردىن قۇتلۇق سانلار چۈشەنچىسى، ئات قاتارلىق بەزى هايۋانلارنى قەدىرلەش، رەڭ چۈشەنچىسى، توڭگۇز، ئىت، خېچىر، ئېشەك، مايمون قاتارلىق هايۋانلار ۋە ئۆلگەن جانلىقلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، نان، پولۇ، پېچىنە ـ پىرەنىك، كاۋاپ ئىستېمال قىلىش، قول، يۈز ـ بويۇنلىرىدىن باشقا يەرنى

چۈمكەپ يۇرۇش، ئۇچلۇق تۇماق، ئۆتۈك كىيىش، يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، كىيىنىش ئادەتلىرىدىن چاچ سىلىش، چاچ ئۆرۈش، پەرداز قىلىش، قەبرىستانلىق قۇرۇلۇشى ۋە مازار ئېتىقادچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار مۇشۇ زېمىندا ئۇزاق مۇددەت تىرىكچىلىك قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە شىنجاڭ خەلقىگە خاس ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت، ئالاھىدە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە جاھاندارچىلىق قىلىش مەنتىقىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار كۆيۈمچانلىق، مەردانىلىك، سېخىيلىق، ئەخلاقلىق، سەمىمىيلىك، رەھىمدىللىق، ئۇياتچانلىق، بۇرادەرچىلىك، لەۋزىكارلىق، چىداملىق قاتارلىق ئېسىل ۋە يۈكسەك مىللىي پسىخىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە مۇناپىقلىق، توخۇ يۈرەكلىك، بېخىللىق، ئىپلاسلىق، قىتىغۇرلۇق، قابائەتلىك، شاللاقلىق، تۇزكورلۇق، خىيانەتكارلىق، بوشاڭلىق قاتارلىق ناچار قىلىقلارغا نەپرەتلىنىدىغان ھېسسىياتنى تۇرغۇزغان.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ تاغلىرى ئېگىز، بوران چاپقۇنى تولا، ئېقىنلىرى شىددەتلىك، ھاۋا رايى گۈلدۈرماملىق، قۇم بارخانلىرى ئۆزگىرىشچان، چۆل جەزىرىلىرى پايانسىز، ئېكىنزارلىقلىرى سۆلەتلىك، ئورمانلىرى سۇرلۇك ۋە جەزبىدار بولۇپ، تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇنداق جۇشقۇنلۇقى شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ جاسارەتلىك، جەڭگەرلىك، چەبدەس بولۇپ يېتىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالغان.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلاردا مىللىي ئەنئەنچىلىك كۆزقارىشى ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە سىرتتىن ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ خىل تۈرتكىلىك رولنىڭ ئەھمىيىتى خېلى كۆپ تەرەپلەردە مەزمۇنلۇق قىلىپ سۆزلەشكە بولىدۇ. دېمەك، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى جۇڭگو مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ يىلتىزى شۇ رايون، شۇ

مىللەتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا بولۇپ، شۇ رايون، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ھەربىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ نىسپىي پەرقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.[16]

بىزنىڭ مۇنداق ئەنئەنىچىلىك ئىدىيىسىنى ئالاھىدە سۆزلىشىمىزدىكى مەقسەت، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ، ئېقىنىنى بويلاپ، مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ۋە قاينىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشىمىزگە، سۈرۈشتە قىلىشىمىزغا پايدىلىق، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشتىكى ئورتاق قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشىمىزغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

## ئۈچىنچى، كۆپ خىل بولۇش

شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى كۆپ خىللىقنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ تېمىنى بىر قانچە نۇقتىغا بۆلۈپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1) جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشتىكى مۇرەككەپلىك

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تەبىئىي شارائىتى ھەرخىل، ھاۋا كىلىماتى تۇراقسىز. ئالتاي، تەڭرىتاغ، قۇرۇم (كۇئېنلۇن)، قارا قۇرۇم تاغلىرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ، ھەيۋەتلىك قامىتىنى كېرىپ، جەزبىدار قىياپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا، يارىش (جۇڭغار)، تۇرپان، تارىم ئويمانلىقلىرى سۆلەتلىك ۋە ئۇياتچانلىق بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرىشىدۇ. تاغ ـ دەريالارنىڭ ئەلۋەك ئېقىنلىرى، مەخمەلدەك يايلاقلىرى چۇپانلىق ھاياتنىڭ ئارامبەخش كۈيىنى ياڭرىتىشقا تەييار تۇرسا، دەريا ـ ئۆستەڭ، بۇلاق ـ ئېرىقچە، قۇدۇق ـ كارىز، ساھىل ـ ھاۋزىلىرى چىمەن ـ بوستانلىق، مۇنبەت ـ ئېكىنزارلىقلارنى بەرقارار تاپقۇزۇپ، ئېكىنزارلار ھاياتى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىلغان.

بۇ يۇرتنىڭ مۇقەددەس جايلىشىش ئورنىدىن گەپ باشلانسا ئۇنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان، قاتناش ـ ئالاقە ئىشلىرىدىكى تۆت كوچا ئېغىزىنىڭ دوقمۇشىدىكى تولىمۇ ماس

ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇگۈن ياكى ئۆتەك دەپ چۈشىنىمىز.

دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت يالدامىلىرى بۇ مۇبارەك زېمىندا بىر پەس ئارام ئېلىپ ئۆز مەنزىلىدە روناق تاپقان ۋە شۆھرەتلەنگەن.

2) خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىدىكى مۇرەككەپلىك

شىنجاڭ تۇپرىقىدا تاش قورال دەۋرىدىلا ھاياتلىق سىمالىرىدىن نىشانە قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جاي ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئاپىرىدە بولغان جايلارنىڭ بىرى. بۇ خەلقلەرگە تارىختىن ئاۋۋالقى قىياپەتلىرى بىلەن ئالىملار نام بېرىشكە قادىر ئەمەس، پەقەت تارىختىن كېيىنكى يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ، قەدىمكىنى قىياس قىلىش شەكلى بويىچە ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، يازما تارىخ ئىلمىي باشلانغان زاماندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلگۈچىلەر بۇ تۇپراقتا دىلار، ساكلار، چياڭلار، ئۇيغۇرداسلار، توخرى ـ يۈجى (توخرىلار)، ھۇنلار، ئۇيسۇنلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، سوغدىلار، خەنزۇلار، ئوغۇزلار ۋە باشقىلار ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشتى.

3) تىل ـ يېزىق سىستېمىسىدىكى كۆپ خىللىق

تىل — تەپەككۇرنىڭ ئىپادىسى. تەپەككۇر ئىنساننىڭ خاراكتېرلىك تۈپ بەلگىسىنىڭ بىرى. بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ئۇچۇرى ساقلاش رولىغا ئىگە، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى تىلنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا تىلنىڭ ئۆزى بەلگىلىك مەدەنىيەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەت تىلىنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەت مەدەنىيەت تونىنى ئالغان بولىدۇ.

بۇددا دىنى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم ۋادىسىغا كىرىش بىلەن شىنجاڭنىڭ تىل ـ يېزىق ئىشلىرىدا تېخىمۇ كۆپ خىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ ھادىسىنى بىر بالداق يۇقىرى دەرىجىدە مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ غەرب ئەجنەبىيلىرىنىڭ شىنجاڭدا قەدىمدە 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق قوللىنىلغان دەپ يېزىشىغا

غەيرىي رەسمىي ئېنىقسىز پاكىت ھازىرلاپ بەردى. شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇش لازىمكى، بۇنداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە يەنە بىر جەھەتتىن كۆچمە تىل ۋە يۆتكەلمە ماتېرىياللار سەۋەب بولغان. ئەمما، ئاھالىنىڭ تىل - زۇۋانى ۋە يېزىق بەلگىلەردە پەرق ئۇنچىۋىلا چوڭ ئەمەس ئىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن تىل - يېزىقتىكى مۇنداق مول ھوسۇلنى شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر ئاللىبۇرۇن ھازىرلىغان.

بىز شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق بۇ يەردە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، سام تىللىرى سىستېمىسى، خەنزۇ تىللىرى سىستېمىسى قاتارلىق تۆت چوڭ تىل سىستېمىسى ئۆزئارا ئۇچراشقان جاي ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يېزىق سىستېمىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئارامى يېزىق سىستېمىسى، بىراھمى يېزىق سىستېمىسى ۋە خەنزۇ يېزىق سىستېمىسى قاتارلىقلار ۋە بۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرى ئىشلىتىلگەن.

4) ئىجتىمائىي ئىشىنىش — دىنىي ئېتىقادتىكى كۆپ خىللىق

ئىشىنىش ۋە ئېتىقاد ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيۇشقانلىقىنىڭ ۋە رەسمىي تارىخ مۇساپىسىنى باشلىغانلىقىنىڭ ئېنىق، مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بەلگىلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە، قايسى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جۈملىدىن مەدەنىيەت تەرەققىياتى بولسۇن، ھەممىسى دىنىي ئېتىقاد ۋە دىننىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن.

دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادا دىنغا ئىشەنمىگەن بىرمۇ مىللەت بولمىغان، شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس، قەدىمكى شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئىجتىمائىي ئېتىقادلاردىن ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، زورو ئاستېر دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى، داۋجىياۋ دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق مەشھۇر دىنلار ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۆزىگە خاس مەۋقەدە ئىز قالدۇرغان

ۋە شىنجاڭنىڭ دىن خەزىنىسىگە مەزمۇن قوشقان.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە دەۋران سۈرگەن ھەر خىل يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇرۇپ، ھەمىشە دىنلارنى كۈچەپ راۋاجلاندۇرغان، كىشىلەر ئېتىقادىدىكى خىلمۇ خىللىقنى ھېچقانداق دەخلى - تەرۇز قىلمىغان. ھەتتا، يەرلىك بەزى ھاكىمىيەتلەر بىۋاسىتە دىنىنىڭ ھىمايىچىلىرى، تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنداق بولغاچقا، ھەر خىل دىن شىنجاڭ زېمىنىدا ھەرىكەتلەنگەندە ئۆز مۇقامى بويىچە بەزمە قۇرۇپ، ئۇلارنى نوتىلاشتۇرۇپ، خاتىرىگە ئالغان.

5) ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى كۆپ خىللىق

شىنجاڭ ئىنسانىيەت ئىقتىسادىنىڭ ئانا تۇۋرۇكى بولغان چارۋىچىلىق، ئېكىنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە قاتناش راۋانچىلىقى (ئالماشتۇرۇش) قاتارلىقلارنى تەڭ راۋاجلاندۇرغان مۇھىم ئىقتىسادىي بازا ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر ئەزەلدىن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ زېمىندا قەدىمدىن بېرى تۆت چوڭ ئىقتىساد ناھايىتى روناق تاپقان. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەككە ھالدىكى ئىگىلىك شەكلىنى ئاساس قىلمايدۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن قوشۇمچە ئىگىلىك تارماقلىرىغا ئايرىلىپ، بىر گەۋدىنى ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، چارۋىچىلىقنى ئالساق، ئۇ قوي - كالا، ئات - تۆگە بېقىشتەك چوپانلىق ھاياتىنى ئۆزەك قىلسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق، بېلىقچىلىق، ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن بىر يىرىك مۇستەقىل ئىگىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرگەن؛ ئېكىنچىلىك بولسا زىرائەت، كۆكتات، يەم - بوغۇز ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆزەك قىلسىمۇ، يەنە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوغۇنچىلىق، دورا - گىياھچىلىق، گۈلچىلىك، سۇچىلىق قاتارلىق تارماق ئىگىلىكلەرنىڭ كۈچ قوشۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ؛ ھۈنەر - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرار جاي، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئىشلەشنى ئاساس قىلسىمۇ، يەنە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، مەبۇدلۇق مۇئەككەللىرى، مەنىۋى لەززەتلىنىش ۋاستىلىرى

(رەسىم، ئويمىكارلىق...) قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلارنى ياساش مەشغۇلاتىنى قوشۇمچە ياكى دائىملىق، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەمگەككە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ساقلاپ كېلەلىگەن؛ سودا سىستېمىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە شەكىللىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئۇ ئىپتىدائىي دائىرىدىكى ئۇرۇق قەبىلىلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئىما - ئىشارەتسىز مالنى مالغا (باشمۇ باش) ئالماشتۇرۇش، پۇل ۋاستىسى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش، مالنى پىششىقلاپ ئىشلەپ مەخسۇسلاشقان خەلقئارالىق مال ئالماشتۇرۇش، ئالتۇن - كۈمۈش (تىللا - دىرھەم) ئاقچىسىنى ئاساس قىلىپ، تىجارەت قىلىش قاتارلىق جەريانلار ئارقىلىق ئۆز مەزمۇنىنى تولۇقلاپ كەلگەن.

## تۆتىنچى، دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلىش

شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئۇزۇن جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈش مۇساپىسىدە ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىش، ئىجتىمائىي يۈزلىنىش، سىياسىي داۋالغۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن تارىختا دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

1) ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىش. شىنجاڭ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى بىلەن مەملىكىتىمىز، جۈملىدىن ئاسىيادىكى باشقا رايونلاردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. يەنى شىنجاڭ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، ئۆزگىچە خاس تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە رايون. بۇ رايوننى ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، پامىر تاغلىرى، قۇرۇم ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى قاتمۇ قات ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلار ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە تۇتاشلىقى جەھەتتە ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاساسى ئومۇرتقىسىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان «شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەردىكى بايانلارغا قارىغاندا تارىم ۋە يارىش (جۇڭغار)

ئويمانلىقلىرى قەدىمكى زاماندا قۇرۇقلۇق بولغان. بۇنىڭدىن 500 مىليون يىللار ئىلگىرىكى پالېئوزوي (قەدىمكى هاياتلىق) ئېراسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ كەڭ رايونلىرى بىپايان دېڭىز ـ ئوكيان بولغان. تارىم ۋە يارىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى قۇرۇقلۇقلار دېڭىز ـ ئوكيان ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن 300 مىليون يىللار ئىلگىرى تاغ هاسىل بولۇش دەۋرىگە كەلگەندە بۇ دېڭىزلار كۆتۈرۈلۈپ، تاغلارغا ئايلانغان. يەنە 100 مىليون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ تۇتاش تاغلار ئارىسىدىكى چۆكۈش هادىسىسى بىلەن بۇ تاغلار پارچىلىنىپ بىر قانچە تاغ تىزمىسى هالىتىگە كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغلىرى كۆپرەك پارچىلانغان، ئىلگىرىكى ئىككى ئارال بولغان تارىم ۋە يارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقلىرى ئىككى ئويمانلىققا ئايلانغان. دېڭىز قۇملىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇ ئىككى ئويمانلىققا توپلىنىپ قالغان. ئەتراپتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ هاۋا رايىدا زور ئۆزگىرىش بولغان. مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن يىللىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقان.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تارىم ئويمانلىقىدا كونا تاش قورال دەۋرىدىلا هاياتلىق باشلانغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى هازىرقىدىن كۆپ كىچىك بولۇپ، ئەينى چاغدا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي چېتى هازىرقى جەنۇبىي چېتىدىن 100 ـ 200 كىلومېتىر شىمالدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان. مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم ۋادىسىدىلا تارام ـ تارام ئېقىنلارنىڭ كۆكەرتىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بوستانلىقلار بۈك ـ باراقسان گىياهلار بىلەن قاپلىنىپ هاياتىي كۈچى نامايان بولۇپ تۇرغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ هاۋاسى بارا ـ بارا قۇرغاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، كەلكۈن سۇلار هەر يىلى كۆپ مىقداردىكى لاي ـ قۇملارنى ئويمانلىققا ئېقتىپ كىرىشى بىلەن قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى ئېگىزلىشىپ بارغان. غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال

بورانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچىيىشى ئارقىسىدا ئاقما قۇمنىڭ بوستانلىق رايونىغا بولغان تەھدىتى تەدرىجىي كۈچەيگەن. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتا يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ ئىدى. ھەممىلا يەرنىڭ تەبىئىي يېپىنچىسى بولۇپ، كەڭ تەبىئەت تەڭپۇڭلۇقتا تۇراتتى. بۇ رايوننىڭ تۇرتكىسى بىلەن قۇملار ئېقىپ تۇرسىمۇ، چەكلىك ئاھالە يەنىلا تۇرار جايدىن غەم قىلمايتتى. بەنگۇ يازغان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئۇزۇنتات بەگلىكىنىڭ شىمالىي كۈسەنگە، غەربىي ئۇنسۇ (ئاقسۇ) غا تۇتىشىدۇ، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئۇنسۇغا تۇتىشىدۇ، كۈسەن بەگلىكىنىڭ جەنۇب تەرىپى نىيىگە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەنگە، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇنتاتقا تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بېشى بىلەن شىمالىي بېشىدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلار ھازىرقىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «خەنئۇدى زامانى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 - 135 - يىللار) دا غەربىي يۇرتتا 36 بەگلىك بار ئىدى» . شۇسۇڭ تىزىپ، خاتىرىگە ئالغان ۋە دەلىللىگەن بۇ 36 بەگلىك («‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› گە تولۇقلىما» غا قاراڭ) نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربى، پامىرنىڭ شەرقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغلاردا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئىجتىمائىي كوللېكتىپنى شەكىللەندۇرگەن ۋە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان بەگلىكلەر ئىدى.

يېقىنقى يىللاردا يېڭىدىن تېپىلغان تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى بۇ ئەھۋالنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى ۋە كىشىلەرنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردا بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن راۋان يوللارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەندۇردى. تارىم، يارىش ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ رايوندا، كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىتلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، يەر شارائىتى ياخشىراق جايلارنى تاللاپ ئولتۇراقلاشقان. ئاساسلىقى دەريا ئېقىنلىرى تاغدىن

چىققاندىن كېيىن ھاسىل بولغان لاتقا، تىندۇرمىلارنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قىسمى، بۇلاق تېشىپ چىقىدىغان جايلار ئەتراپىدا ياكى دەريالارنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىنى ۋە ئاخىرقى قۇرۇق دىلتا ـ ھاۋزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئالدىنقىسى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى تولۇق بولغان. مەسىلەن، قەشقەر دەريا ۋادىسىدىكى قەشقەر بوستانلىقى، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى يەكەن بوستانلىقى، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى ۋادىسىدىكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئوخشاش. كېيىنكىسى دەريا ـ ئېقىنلىرىنىڭ ئاخىرقى ياكى تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان. مەسىلەن، قەشقەر خانئۆي قەدىمى شەھىرى، نىيە، قارا دۆڭ، دەندان ئۆيلۈككە ئوخشاش.

رۇس ئالىمى ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «مەدەنىيەت كۆپىنچە ئالدى بىلەن چوڭ دەريالارنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ» [17] دەپ ھېسابلىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغىمۇ خېلى ماس كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

شىنجاڭ رايونىنىڭ ھازىرقى يەر كۆرۈنۈشى بىلەن قەدىمكى يەر كۆرۈنۈشىدە چوڭراق ئۆزگىرىش بولغان. تەسەۋۋۇر قىلىنىشىچە، يىراق قەدىمكى زامانلاردا نوپۇس ئاز، سۇ ئىشلىتىش مىقدارىمۇ ئاز، دەريالارنىڭ ئېقىش مۇساپىسى چوقۇم ئۇزۇنراق بولغان. كىشىلەر ياشايدىغان بوستانلىق نۇقتىلىرى كۆپىنچە دەريالارنىڭ تۆۋەنرەك ئېقىنلىرىغا جايلاشقان. كېيىنچە، نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى، سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، دەريالارنىڭ ئېقىش مۇساپىسىمۇ قىسقارغان. كىشىلەر ياشايدىغان بوستانلىق نۇقتىلىرى قەدىمراق بوستانلىق نۇقتىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن قېتىملىق يۆتكىلىشىدىن كېيىنكى نۇقتىلار بولۇشى، قەدىمكى بوستانلىق نۇقتىلىرىنى قۇم كۆمۈۋەتكەن بولسا، ئېغىر دەرىجىدە شورلىشىپ ياكى قۇملىشىپ كەتكەن بولۇشى تۇرغان گەپ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۆتمۈش زامانلاردىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ دېگەندەك راۋاج تېپىپ كېتەلمىگەنلىكى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، بولۇپمۇ تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش

ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاھالە ئۇزلۇكسىز كۆپەيگەن، سۇ يېتىشمىگەن، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئېقىش مۇساپىسى تەدرىجىي قىسقارغان ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئېقىش يولى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ئاھالىلەر ياشاپ بەلگىلىك ئىز ۋە مول مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى قالدۇرغان يۇرتلىرىنى تاشلاپ، دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا كۆچكەن. تارىختا ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن بوستانلىقلار مۇشۇ خىلدىكى بوستانلىقلاردۇر.

ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇ يەردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۇزلۇكسىز ناچارلىشىشى، ئاساسەن گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت ۋە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئامىللارنىڭ رول ئوينىشىدىن بولغان دەپ قارالغان ئىدى. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگلار ئۇزۇن مۇددەت، سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار پائالىيىتى يەنى سىياسىي داۋالغۇش، ئۇرۇش، ھەددىدىن زىيادە دەرەخلەرنى كېسىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئامىللار تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى قەدىمكى گېئولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان. برونزا دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، نەچچە يۈز يىلدا بىر قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. بۇ تارىخىي دەۋردە ئىنسانلار پائالىيىتى جىددىيلەشكەندىن باشقا، چوڭراق گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت قاتارلىق تەبىئىي ئامىللار يۈز بەرمىگەن. لېكىن، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى يەنىلا ئۇزلۇكسىز تېزلەشكەن. بۇ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر

كۆرسەتكەنلىكىنى بىر جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا دۆڭ، نىيە (ئوڭتاي بالىق)، ئەندىرە، كرورەن قاتارلىق بىر قىسىم مۇھىم، كونا ئىزلارنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش ئەھۋالى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەكلىماكان مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدا گۈللەنگەن نۇرغۇن ئاۋات شەھەرلەر، ئالايلۇق خانئۆي قەدىمكى شەھىرى (قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا)، چىماتەن شەھىرى (ھازىرقى چەرچەننىڭ 100 كىلومېتىر شىمالىدا)، نىران كونا شەھىرى (ھازىرقى نىيە ناھىيىسىدىن 160 كىلومېتىر شىمالدا)، قارا دۆڭ كونا شەھىرى (ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىدىن بەش كىلومېتىر شەرقىي شىمالدا)، قاغان كونا شەھىرى (ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىدىن 15 كىلومېتىر شەرقىي شىمالدا)، ئەندىرە، كرورەن قەدىمكى شەھەرلىرى كۆچمە قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

مەيلى نېمە بولمىسۇن، ئۇزۇن مۇددەتلىك جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭسىزلىق، ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك بازىلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تولۇق ئىمكانىيەت بەرمىگەن.

قەدىمكى مۇھىم ئىزلار، مەدەنىيەت شەھەرلىرى ھامان دەۋرنىڭ داۋالغۇشلىرى جەريانىدا غايىب بولغان.

مەدەنىي شەھەرلەرنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيىتىدە ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن ئەمەس، بەزىلەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتىدە كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلما شەكىللىنىپ، بەزىدە راۋاجلىنىپ، بەزىدە ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن»، «قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىشى بىلەن شۇ جايلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمۇ پايانسىز قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغان»[18] دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، شەھەرلەرنىڭ غايىب بولۇشى بىلەن مەدەنىيەتمۇ پۈتۈنلەي غايىب بولدى دېيىش، مەسىلىنى بىر تەرەپلىمىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنى مەلۇم ۋاقىت پەسىيىشكە قاراپ بۇرۇلدى دېيىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىنى قۇملار بېسىپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەت. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇم بىر كېچىدە بىراقلا بېسىپ كېتىشى ناتايىن، بۇنى ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كەتكەن دېيىش مۇۋاپىق. مانا مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كېتىش جەريانىدا ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى يۆتكىلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. ئۇلار ئەجدادلىرى مىراس قالدۇرغان كۆپ ساندىكى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭغان. بۇلارنى يېڭى مۇھىت مەدەنىيىتى ئۈچۈن خېمىرتۇرۇچ قىلغان. شۇنداق ئىكەن، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرى بىنا قىلىپ بەرگەن شەھەرلەر ۋە تۇرالغۇ ـ قونالغۇلار تەبىئەتنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇشى ھامان دەرھال يۆتكىلىپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆزلىرىگە خاس يېڭى تۇرالغۇ جايلار ۋە شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، مەدەنىيەت مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋەرگەن.

2) ئىجتىمائىي يۈزلىنىش

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۆزگىچە، يەر تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بىر خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى تاغلىق ۋە ئويمانلىق، يايلاق ۋە بوستانلىق، چۆللۈك ۋە قۇملۇقلار ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە باردى ـ كەلدىسىنى ھەمىشە كونترول قىلىپ تۇرغان. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى دائىم كەسكىن ئىجتىمائىي يۈزلىنىشنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كەلگەن. بوستانلىقلار بىلەن پايانسىز چۆل ـ جەزىرە تاغ قاپتاللىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئاھالىلەرنىڭ دەمالىققا باردى ـ كەلدى قىلىشى ئۈچۈن قاتتىق مۇشكۇلچىلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاھالىلەر بەزى چاغلاردا ئۇزۇن مەزگىلگىچە قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتتە تەكشىسىزلىك ئامىللىرى كۆرۈلگەن ۋە ئاھالىنىڭ مىللىي

خاراكتېرىدا پەرقلەرنى شەكىللەندۇرگەن؛ بەزى چاغلاردا بىرەر بوستانلىقلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى دەسلەپ بەكلا كەسكىنلەشتۇرىۋەتكەن. بارا ـ بارا پەسەيتىشكە ئۈرۈنۈپ كۆرگەن. بۇ خىل تىرىشچانلىق كۆپ ھاللاردا ئۇنۇم بەرگەن. تارىخنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدە كۆچمەن مىللەتلەر، سودىگەر، ئەلچى، راھىبلار، چارۋىچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتكە سىڭىشىپ كەتكەن.

ئاھالىلەرنىڭ كۆچىشىدە يالغۇز سىرتقى جايلاردىن ئىنسانلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ سىرتقى جايلارغا كۆچىشىمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ دولقۇنسىمان تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىگۈچى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا، ھىندى ۋادىلىرىغا، بەرغانە، يەتتە سۇ بوستانلىقلىرى قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن. ئۇلار بۇ خىل كۆچۈشتە ئۆز خەلقلىرىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ بەزى جەۋھەرلىرىنى ئەنە شۇ كۆچۈپ بارغان جايلارغا ئېلىپ كېتىپ، يەرلىك مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى خېلى بىر مەزگىل چۆلدەرىتىپ قويغان. مەسىلەن، قەدىمكى كۇسەن ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ ناھىيە «كۇسەن ناھىيىسى» ( 龟兹县 ) دەپ ئاتالغان. شۇ دەۋرلەردە يەنە ئاقسۇ ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەر ئۇنسۇدىن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لى چۈەن ناھىيىسىگىمۇ خېلى كۆپ شىنجاڭلىقلار كۆچۈپ بارغان. ئۇلاردىن باشقا مىلادىيەدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەر ئىچىدە شىنجاڭدىن نۇرغۇن رەسسام، راھىب، مۇزىكانت، تەرجىمان ۋە باشقا ساھەنىڭ ئادەملىرى بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ۋە باشقا رايونلاردىن ئەلەم ۋە قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تۈركۈملەپ كۆچۈشى بەكمۇ مەشھۇردۇر.

چەت ئەللەرگە كۆچكەنلەردىن قەدىمكى شىنجاڭدا ياشىغان ساقلار

(ساكلار) نىڭ ئىلى ۋادىسىدىن پامىرنىڭ غەربىگە كۆچىشى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا، تۆمۈرىيلەر دەۋردىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسانغا كۆچۈشى، خوجىلار زامانىسىدىكى ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ پەرغانە قاتارلىق جايلارغا كۆچىشى قاتارلىق كۆچۈشلەردە نۇرغۇن مەلىكىلىك كىشىلەر كۆچۈپ كېتىپ، كۆپلىگەن مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

3) سىياسىي داۋالغۇش

شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن دېگەندەك خەۋەردار ئەمەسمىز. ئەمما، تارىختىن كېيىنكى ئەھۋاللار يازما خاتىرىلەر ئارقىلىق بىرقەدەر ئېنىق ھالدا بىزگە بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ يازما تارىخقا ئىگە بولغان 2000 يىللىق سىياسىي تارىخى كۆپ چاغلاردا كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم ئەھۋالدا ئىنتايىن مۇرەككەپلىكلەرگىمۇ يولۇقۇپ تۇردى. بۇ خىل مۇرەككەپلىك دەماللىققا خېلىلا كەسكىن تۈس ئالدى.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەردە ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدە 36 بەگلىك بولغان. مىلادىيە IX — X ئەسىرلەرگە كەلگۈچە بۇ بەگلىكلەر 55 ئەتراپىدىكى بالىق بەگلىككە پارچىلانغان. بەزىدە نەچچە ئونغا يىغىنچاقلىنىپ قالغان. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ ھۆكرىمەشلىرى، سيانپى، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەيۋە قىلىشلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى ھالقىلىق پەيتلەردە جىددىيلەشتۈرۈپ تۇردى. مىلادىيە IX ئەسىرگە كەلگەندە شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىكى ئېغىر سۈركىلىشنى خېلى ئۆزگىچە ئۇنۇملۇك تىزگىنلەپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مىللىي

مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا نەمۇنىلىك ۋە كلاسسىك نەتىجە هاسىل قىلدى.

XII ئەسىرنىڭ ئالدى — كەيىندىن باشلاپ قىتانلا ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى شىنجاڭدا ئۈزۈن مۇددەتلىك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنى پەيدا قىلدى. XV — XVI ئەسىرگە كەلگەندە، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاھالىلەرنىڭ ئىككى ئەسىرگە يېقىن ئۇرۇش تالاپەتلىرىدىن سەل يېنىپ دېمىنى ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت تۇغدۇردى. ئەمما، XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ خوجىلارنىڭ ئۆكتەملىكى ھەددىدىن ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ دىن بىلەن سىياسىي ئارىلىشىپ كەتكەن، تەركىدۇنيالىق، مۇتەئەسسىپلىك زامان تەرەققىياتىنى ۋەھىملىك تۈيۈق يول بىلەن ماڭدۇرۇشقا جېنىنىڭ بارىچە تىركەشكەن دەۋرگە ئېلىپ كەلدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ بىرلىكنى، سىياسىي مۇقىملىقنى، ئىجتىمائىي تۇراقلىقنى جېنىدەك قەدىرلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تاسادىپىي يېتىلگەن سىياسىي كۈچلەرنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى ئىزچىللىقىقا ئېغىر هالدا خىرىس قىلىپ، ئۇنى دولقۇنسىمان هالەتكە يۈزلەندۇرۇشكە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

## بەشىنچى، شەرق — غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاقىسىدا كۆچەيتكۈچى تۇگۈنلۈك رول ئويناش

شىنجاڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۆلچەملىك مەركىزى سۈپىتىدە جايلاشقان، ئاسىيانىڭ بۇ مەركىزىي رايونى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاسىيا قىتئەسى بىلەن قوشۇلۇپ، ياۋروپا، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى ئارقىسىدا كەڭلىك (ماكرولۇق) چۈشەنچىسى بويىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىزچىل، دائىملىق مەدەنىي ھەرىكەت پائالىيەت چەمبىرىكىنىڭ تۇراقلىق ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن.

شىنجاڭ ئىنسانلار ئىقتىسادىنىڭ ئانا تۈۋرۈكى ياكى غول ئۆزەكى بولغان تۆت چوڭ گىرەلەشكەن ۋە تەڭ راۋاجلانغان مۇھىم ئىقتىسادىي بازىس ھېسابلىنىدۇ. ئىرقىي ئېتنىك تەركىبلەر جەھەتتە ئارىئان (ئاق) ئىرق، موڭغۇل (سېرىق) ئىرق، تۇرانى (ئاق - سېرىق) ئىرقىنىڭ ئارىلاشمىسى ئارىلىشىپ ياشىغان ئىجتىمائىي ئۇيۇلمىلىق جەمئىيەت تارىخىنى داۋاملاشتۇرغان؛ مىللىي تىل - تەلەپپۇز ئادەتلىرىدە تۆت چوڭ تىل سىستېمىسى قاتارلىق تىل ئۆز ئىگىلىرى ئارىسىدا ئالاقە - قوراللىق نوپۇزىنى ساقلاپ كەلگەن. ئىنسانغا خاس مەدەنىيەت - مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياندۇرۇپ لاۋۇلداتقان تۆت چوڭ مەدەنىيەت يەنى مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە كېيىنكى ئەرەب مەدەنىيىتى روشەن دوستلۇق رىقابەت بەيگىسىگە چۈشكەن؛ شامان دىنى، زورو ئاستېر دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق مەشھۇر دىنلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇچراشقان؛ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قاتناش راۋانچىلىقىدىكى ئۇمۇرتقا - لىنىيە ھېسابلانغان ئۈچ چوڭ يول مۇشۇ زېمىندىن ئۆتكەن. تىل - تەپەككۇرنى جۇغلاپ ۋە ساقلاپ، مەنىۋى خەزىنىگە ئايلاندۇرغۇچى يېزىق بەلگىلەردىن ئۈچ چوڭ يېزىق سىستېمىسى (خەنزۇ ‹خۇاشيا› يېزىق سىستېمىسى، ئارامى يېزىق سىستېمىسى ۋە براھمى يېزىق سىستېمىسى) بۇ ئورۇندا مۇرەككەپ ھەم تورسىمان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر بۇ رايوننى تارىخىي ئېقىمنىڭ نوقۇل سىلىق تاملىق كارىدورى سۈپىتىدە رول ئوينىتقۇزدى دەپ يەڭگىللىك بىلەن پىكىر بايان قىلىشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈش لازىم.

شىنجاڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى بىر - بىرىگە مەنپەئەتلىك قىلىشتىكى كۈچەيتكۈچى تۈگۈنلۈك ئورۇن بولۇشقا مۇناسىپ جاي. قەلبىگە مىڭ پاتمان ئۈمىدنى تولدۇرۇپ، گۈزەل كېلەچەككە تەلمۈرۈپ، يىراق مەنزىلنى كۆزلەپ، ئىشەنچ كەمىرىدە مەزمۇت بېلىنى

چىڭ باغلاپ سەپەرگە چىققان كارۋان ـ يولۇچىلار شەرق ـ غەرب مۇساپىسىگە قەدەم قويغان چېغىدا شىنجاڭ تۇپرىقىدىن ئۆتۈپ، ھامان ئۇ يەرنىڭ مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلماي ئۆتەلمىگەن. كارۋان ـ يولۇچىلار ۋاسىتىسى بىلەن توشۇلۇۋاتقان مەدەنىيەت يالداملىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ تۇپرىقىدا مۇستەھكەم ئۇلغا ئىگە مەدەنىيەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ تۈگىنى ئارقىلىق تېخىمۇ جەزبدار ۋە تېخىمۇ مەزمۇت قىياپەت بىلەن ئۆز مەنزىلىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالىغان ۋە شەرەپ قۇچقان. بۇ ھەقتە نەچچە ئون تىپىك مىساللارنى دىلغۇلدە بولماي كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئېلىمىز جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى — قەغەز ياساش ۋە مەتبەئەچىلىك پەقەت شىنجاڭ ئارقىلىقلا دۇنياغا تارقالغان بولۇشىغا قارىماي، بۇلارنىڭ شان ـ شەرەپ قۇچۇشىدا شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەلۇم نىسپەتتىكى ھەسسىسىنى چەتكە قايرىشقا بولمايدۇ.

دۇنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «يىپەك يولى» نى تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى مۇزاكىرىسىدە دۇنخۇاڭ مۇزېيىدىكى خادىملار دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىن تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەرپ ئويۇلغان ئالتە دانە ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنى تونۇشتۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى بۇ مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئىلىم ئەھلىگە رەسمىي مەلۇم قىلدى.

بى شېڭ دېگەن كىشى خەنزۇچە ھەرپ چۇشۇرۇلگەن مەتبەئە بۇيۇمىنى تۇنجى قېتىم ياسىغانلىق توغرىسىدىكى خاتىرىلەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن ئويۇلغان مەتبەئە ئەۋرىشكىسىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى ئەھمىيەتلىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېلىمىز جۇڭگونىڭ دۇنيا مەتبەئەچىلىك تارىخىدىكى تۆھپىسى.

بۇ يەردە ياۋروپادا XV ئەسىرگە كەلگەندە تۇنجى مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرى پەيدا بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش ھېسابلانمايدۇ.

1933 - يىلى جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ يەر ئاستىدىن چىگە تالالىرىدىن ئىشلەنگەن بىر ياپراق قەدىمكى قەغەزنى تاپقان ۋە بۇنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئىسپاتلاپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49 - يىلىدىن ئىلگىرىكى قەغەز دەپ قارىغان[19]. قەغەزنىڭ ئىلىمىزدىن غەربكە يېتىپ بېرىشى بەكمۇ كېيىن بولغان بولۇپ، ئەرەبىستانغا VII ئەسىردە، ياۋروپاغا X ئەسىر ئەتراپىدا بارغان.

شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەتبەئە ۋە قەغەزچىلىك ساھەسىدىكى بۇ خىل ھەسسىسى ئىلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنى تولۇقلاپ، سەلتەنەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ياراتقانلىقىدەك ئەمەلىيىتىنى ئىسپاتلاشتا رولى بار.

گىرېك مەدەنىيىتى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىپ، مودا بولۇش سەۋىيىسى بىلەن توختاپ قالماستىن، بەلكى يېڭى تىپتىكى ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت ھاسىل قىلىشقىچە بېرىپ يەتتى. ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ شىمالغا — ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىلىشى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ) تۈرتكىسىدە نەمۇنىلىك قەندىھار مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يىپەك يولى — شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار تەرىپىدىن ئېچىلغان قاش تېشى يولىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئالەمشۇمۇل دەبدەبە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن توپ - توپ يىپەكلەر شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئايرىۋېلىنىپ ۋە پەردازلىنىپ ھەم كۆپىيىپ، يىراق غەربكە تارقىلىش بىلەن غەربلىكلەر توپتوغرا شىنجاڭنى «سېرىس ئېلى — يىپەك ئېلى» دەپ ئاتاپ خاتالاشمىغان.

گېزى كەلگەندە، بۇددا دىنىنىڭ ئالدى بىلەن تارىم ۋادىسىغا دوقۇرۇپ، تارىم، ئۇدۇن - كۇسەن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى بەرقارار تاپقۇزۇش بىلەن بىرگە ئاستا - ئاستا شەرققە سۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا يېتىپ بارغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتمەي بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ گۈللەنگەن سۇي - تاڭ مەدەنىيىتى شان - شەرەپ قۇچۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا،

ئۇدۇن كۇسەن مەدەنىيىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۈلگىلىك ئەندىزە ۋە نەمۇنىلىك تىپلارنىڭ بىرى بولۇش رولىنى ئوينىاپ بولغان ئىدى.

يۇقىرىقىلارنى توچكىلاشتۇرغاندا، شىنجاڭ شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى تۈز لىنىيىلىك ئۇچرىشىش يولى ئەمەس، بەلكى كۆچەيتكۈچى، قايتا ئىشلەپ تارقاتقۇچى ماكان بولغان.

# 4. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۇگۈنى — شىنجاڭ[1]

ئىلىمىزنىڭ چاڭئەن (شىئەن) شەھىرىدىن باشلانغان «يىپەك يولى» — شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئوقىدۇر. «يىپەك يولى» نوقۇل ھالدا قەدىمكى سودا ئالاقە يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدۇر. شۇڭا ئۇنى ئومۇملۇق نۇقتىسىدا تۇرۇپ «دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسى» دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شىنجاڭ — «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ تۇگۈنى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «يىپەك يولى» نىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئۈچ چوڭ لىنىيىسى ئىچىدە تارىملىقلار ئاچقان «بوستانلىق يولى» نىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر مۇھىم بولۇپ، تار مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.

خەلقئارا «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى تاسادىپىي ۋەقە بولماستىن، بەلكى ئۇ يىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە. يەنى ئۇ، دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان «قاشتېشى يولى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونى قەدىمدىن باشلاپ «قاشتېشى ماكانى» بولۇپ، مۇشۇ رايوننىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، «يىپەك يولى» نى مۇھاكىمە قىلىشتا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قاشتېشى ئويمىكارلىقى ۋە يىپەك ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتىگە دائىر ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە

---

[1] بۇ ماقالىنى پروفېسسور ئابدۇكېرەم راخمان بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان.

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، يول، بېرىش ـ كېلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مال ئالماشتۇرۇش، سودا تارىخى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

كارل ماركس قاتناش ـ ئالاقە ۋە كارۋان سودىسىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «كارۋان سودىسى كارۋان يوللىرى ئۆتىدىغان رايونلار ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي ئامىل بولۇپ، ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئېنىقراقى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاھالىنىڭ جايدىن ـ جايغا كۆچىشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىدۇ. كونا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆرنىتىلىشىغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.»[20]

بىز دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىكى قاتناش ۋە يولنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تازا ئېنىق بىلەلمەيمىز. ئەمما، ھەر خىل تارىخىي پاكىتلار ۋە پەرەزلەرگە ئاساسلىنىپ، تارىختىكى ئەڭ چوڭ قاتناش يولىنى ئاسىيالىقلار باشلىغان ياكى ئاچقانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا قەدىمكى ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بېرىش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي ئاسىيا ـ شىمالىي ئامېرىكا مۇز دەۋر يولى»، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىئانلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ياۋروپا، ئىران ئېگىزلىكى ھەمدە ھىندىستانغا كۆچۈش جەريانىدىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى» ۋە «برونزا يولى»، شىمالىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى شۇنيۇن، دى، گۇيفاڭ قوۋملىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ھەم ئورال ـ ئالتاي رايونىغا كۆچۈش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي يايلاق يولى»، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ، 2000 ـ يىللاردا ئىران، مېسسوپوتامىيە، مىسىر، سۇرىيە ۋە ئاناتولىيە ئارىلىقىدا تۇتاشتۇرۇلغان «ياقۇت سودا يولى»[21]، مىلادىيىدىن بىرقانچە مىڭ يىل بۇرۇن باشلانغان، تارىملىقلارنىڭ شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربتە سۇمېر ـ بابىلون، شىمالدا ئورال رايونىغىچە سوزۇلغان «قاش تېشى يولى»، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە

ئاسىيا ـ ياۋروپا (جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرق، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى) رايونىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يولى بولغان دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە بولىدۇ.

ئاسىيالىقلارنىڭ يول ۋە قاتناش تارىخىدا شىمالىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان. چۈنكى، بۇ يوللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە كىشىلەر بىردەك ئۇنىڭ دەل مەركىزىي رايونى شىنجاڭ دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك، ئېلىمىز جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن لىنىيىسى شىنجاڭدا، ئۇنىڭ بىرلا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئەگەر جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي لىنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە قوشۇلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى قىسقىچە تەپسىلاتتىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن يول مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ يوللارنىڭ ئىچىدە «يىپەك يولى» ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك سالاپەت ۋە نوپۇز بىلەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدا سالماق ۋە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇڭا، كىشىلەر دۇنيا يول تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا «يىپەك يولى»غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراشماقتا.

«يىپەك يولى»نىڭ مۇنداق جەزبىدار قىياپەتتە تارىختىن ئورۇن ئېلىشى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللىقىدا.

«يىپەك يولى» بىر ماكرولۇق چۈشەنچە. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئالىملار ئۇنى مىكرو نۇقتىدىن شاخلىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزاھلاپ كەلدى. بىز بۇ يەردە «قاشتېشى يولى»نىڭ «يىپەك يولى» سەھىپىسىدە تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

يىپەك يولىنى دۇنيا مىقياسىدىن ئۈچ چوڭ غول لىنىيىگە ئاجرىتىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى شىمالىي يايلاق بەلۋېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولى، بۇ «يايلاق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇق رايونلىرىدىكى پارچە بوستانلىقلاردىن ئۆتىدىغان يول بولۇپ، بۇ «بوستانلىق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، جەنۇبىي جۇڭگودىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، سىرىلانكا، ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، پارس قولتۇقى ۋە قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان جەنۇبىي دېڭىز يولى، بۇ «دېڭىزدىكى يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.[22]

بۇ ئۈچ غول لىنىيىنىڭ ئىچىدە «بوستانلىق يولى»نىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر مۇھىم. گەرچە بۇ يول پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان، شۇنداقلا مېڭىش تەس بولغان، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلاردا بىرمۇنچە بوستانلىق بولغاچقا، بۇ يول تارىختا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن قاتناش يولى — بوستانلىق يولى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەتتە ئېيتىلىدىغان تار مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.[23]

جۇڭگو يىپەكلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە ئۇنى خۇاڭدى زامانى بىلەن باغلاپ بارلىققا كېلىش جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامانىمىزدىن 3000 يىل بۇرۇنقى يىن ـ شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلىلا ئومۇملاشقان. شۇ دەۋرگە خاس چىغىناق ـ تاغاق پۈتۈك (جياگۇۋېن) لەردە ئۈجمە، پىلە، يىپەككە ئائىت خەتلەر ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭگودا يىپەكچىلىك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ھەم جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بويۇمىغا ئايلاندى.

يىپەك بۇيۇملار ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سىرتقا ئاستا ـ ئاستا يۆتكەلگەن. تۇرپان

بوستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V — III ئەسىرگە تەئەللۇق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك توقۇلمىلار چىققان. بۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭدا يىپەك بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. [24] يىپەك مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرلەردە ئالتاي رايونىغا يېتىپ بارغانىدى. مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى غەرب دۇنياسى تەدرىجىي چۈشەندى. جاڭ چيەننىڭ غەربىي ئەللەرگە قىلغان ئىككى قېتىملىق زىيارىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يىپەك يولىنىڭ بۇنداق ئېچىلىشى تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. ئۇ يىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە. يەنى ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ، راۋانلىشىپ ۋايىغا يەتكەن يوللارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ يول دەل قاشتېشى يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا نىسبەتەنمۇ خېلى بۇرۇن. ئۇ يەردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى، قاشتېشى سايمانلىرى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن تارقالغان [25]. دۇنيادا ئۆزگىچە خاس «شەرق سەنئىتى» نىڭ بىرى دەپ نام ئالغىنى ئەمەلىيەتتە «شىنجاڭ قاشتېشى سەنئىتى» ئىدى.

شىنجاڭ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ تارىخىنى تاش قورال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ [26]. ئۇ چاغلاردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى بىر خىل قورال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت بۇيۇمى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى.

شىنجاڭ قاشتېشى ئىچىدە خوتەن قاشتېشى ھەممىدىن مەشھۇر. قەدىمكى خوتەنلىكلەر قاشتېشىنى بايقاش، قېزىش، سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇش بۇيۇمى قىلغان. ئۇلار ئۆز دائىرىسى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سىرت بىلەن بىللە بولغان ئالاقىدە قاشتېشى بۇيۇمىدىن پايدىلانغان.

قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرگۈزۈلۈشى ئۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان.

غەربىي لياۋنىڭدىن بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇنقى قىزىل تاش مەدەنىيىتى خارابىسىدىن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملار تېپىلدى [27]. بۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قاشتېشىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇملار بولۇپ سانىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە قاشتېشى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا ناھايىتى زور مىقداردا توشۇلغان. تارىختىكى توشۇلۇش مىقدارىنى مۆلچەرلەش تەس. پەقەت، مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1200 يىل ئىلگىرىكى يىن دەۋرىگە مەنسۇپ فۇخاۋ قەبرىگاھلىقى ( 妇好墓 ) دىنلا 765 دانە قاشتېشى جابدۇقلىرى تېپىلغان.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى بازا قىلىپ تارىخ سەھىپىسىدە ئىز قالدۇرغان يىن ـ شاڭ، جۇ، چۇنچيۇ، جەنگو، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمكى خارابىلەردىن ۋە يازما ھۆججەتلەردىن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا توشۇلۇشىنىڭ مىقدارى ۋە كىشىلەر نەزەرىدىكى مۆتىۋەر ئورنى ھەققىدە بىر خىل چۈشەنچىگە كېلىشكە بولىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا قاشتېشى داۋاملىق توشۇلۇپ تۇرغان.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكىلەر قاشتېشىغا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغان، ئۇنى چەكسىز سىرلىقلارشتۇرغان. ھازىرقى زاماندىن 6000 ـ 8000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان، خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇق ئاقساقىلى خۇاڭدى قاشتېشى بىلەن تونۇشقان. يەنى يىراق قەدىمكى زامانلاردا قۇرغار خان ئانا ـ غەربىي خان ئانا شى ۋاڭمۇ خۇاڭدىغا ئاق قاشتېشى بېزىكى تەقدىم قىلغانمىش. «قومۇش كىتاب يىلنامىسى» ( 竹书纪年 ) دىكى خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئاقساقال شۇننىڭ 9 ـ يىلى «غەربىي خان ئانا ئوردىغا كېلىپ، ئاق قاشتېشى سايمانلىرى تەقدىم قىلغان» ئىمىش. بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر خەنزۇچە قەدىمكى يېزىق ـ پۈتۈكلىرى ۋە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكىلەر قاشتېشىغا بىر خىل سېھرىي خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، قاشتېشىنى قەدىرلەشتەك ئەخلاق ئۆلچىمىنى يېتىلدۈرۈپ چىققان. بۇنداق ئەخلاقىي تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئىچىگە قاشتېشىنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ تونۇش، بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ بىلىش، ھوقۇق، مەرتىۋە دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ ھېسابلاش، ئىلاھنىڭ مۇجەسسىمى دەپ چۈشىنىشتەك مەزمۇنلار كىرگەن.[28]

جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى بويىچە ئاتاقلىق ئالىم لى يۆسې ( 季约瑟 ) «جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «قاشتېشىنى سۆيۈشنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. 3000 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ سۈپىتى، ھالىتى ۋە رەڭگى بىردەك ئويمىكارلار، رەسساملار ۋە شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى.»[29]

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ئارىسىدىكى ئالاقە قاشتېشى ئالماشتۇرۇلۇشتىن باشلانغان. شۇنداقلا قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا توشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي ـ شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ھەم كەڭ توشۇلغان.

ياۋ لىخۇا 1933 ـ يىلى «يېڭى ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ جىلد 5 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «غەربىي شىمالنىڭ قاتناش تارىخى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا «بابىلون، سۈرىيىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەنلىرىمۇ بايقالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگىچە بايقالغان قاشتېشى جابدۇقلىرى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن قاشتېشى ئىدى. ئۇ

خوتەننىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان. [30]

ئۆزبېكىستان تارىخىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ قاشتېشى مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئۇ يەرلەردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى س. ۋ. كېسىلىف ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن مۇنۇلارنى يازغان: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئاق قاشتېشى جۇڭگو ئويمىكارلىقلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىدىغان خام ماتېرىيالى.

ئەنىياگىدىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا قاشتېشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش شاڭ دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، سىبىرىيە، ئورال دەريا ساھىلىگىمۇ قاشتېشى ئوخشاش ۋاقىتتا تارقالغان.

ئاق قاشتېشىنىڭ غەربكە تارقىلىشى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، سەيما دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XIV — XIII ئەسىرلەر) دە ۋولگا دەرياسى ۋە قاما دەريا ساھىلى، سىبىرىيە، بايقال كۆلى ھاۋزىسى جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرەپلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان.» [31]

تارىخىي يېزىلمىلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن ئىلگىرى پۈتۈن ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن. كاۋكاز تاغلىرى ۋە ۋابنلونوي (Vabnlonoi) تاغلىرىدىنمۇ قاشتېشى چىقسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدا بۇ جايدىن قاشتېشى قېزىلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. [32]

بىز بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىزكى، يىپەك يولىنىڭ ئەسلىي ئاساسىي «قاشتېشى يولى» بولۇپ، يىپەك يولى دەل تارىملىقلار تەرىپىدىن ئېچىلغان قاشتېشى يولىنى بويلاپ ئېچىلغان ۋە راۋاجلانغان. ئەنە شۇ «قاشتېشى يولى» كېيىنچە ماكرولۇق ھالدا خەلقئارادا ئومۇم نام بىلەن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە ياپونىيىلىك چاڭزى خېجۇننىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىپ ئۆتىمىز. «جۇڭگونىڭ يىن، جۇ سۇلالىلىرىدىن

تارتىپ، ئالتە سۇلالە دەۋرىگە قەدەر بولغان قەبرىلەردىن نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان، بۇنداق قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ چىققىدىغان ئورنىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ خوتەن رايونىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ قاشتېشىنى مۇنچىۋالا كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈشنى پەرەز قىلىش ناھايىتى مۇشكۈل. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەزىلەر ‹يىپەك يولى› نى قاشتېشى يولى دەپ ئاتاشقان.» [33]

شىنجاڭ — خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى تارىخىي نامى «غەربىي يۇرت» (西域) — دۇنيا يول - قاتناش مۇساپىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى. شۇنداقلا، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنىدۇر.

قەدىمكى ياۋروپالىقلار يىپەكنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئەمما، خېلى ئۇزۇنغىچە يىپەك ئېلىنىڭ كونكرېت جايىنى دەلىللىيەلمىگەنىدى. ئۇلار يىپەكنى «Seres» ، يىپەك چىقىدىغان جاينى «سېرېس ئېلى» دېگەن.

«Seres» دېگەن بۇ نامنى ئەڭ بۇرۇن گرېتسىيىلىك Gtesias (克泰夏斯) مىلادىيىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئالغان. [34] مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردە ياشىغان گرېتسىيىلىك شائىرلاردىن Vigile (维吉尔)، Horace (霍拉塞)، Properce (普罗倍塞)، Orode (奥维德) قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا Seres نامىنى تىلغا ئالغان. [35] ئۇلارغا زاماندا جۇغراپىيەشۇناس Strabon (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 - يىلدىن مىلادىيە 21 - يىلىغىچە ياشىغان) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا بولسا بۇ ھەقتە سەل كۆپرەك مەلۇمات بەرگەن. [36] مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅳ ئەسىردىن مىلادىيە XIV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن 90 دىن ئارتۇق غەرب ئاپتورىنىڭ ئەسىرىدە «Seres» دېگەن بۇ نام داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادىيە Ⅱ ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس پتولېمى (Ptolemye) يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابتا قەدىمكى دەۋرگە خاس، بىر قەدەر مول ۋە ئېنىقراق خاتىرە قالدۇرۇلغان. [37] كېيىنكى ئالىملار غەرب ئاپتورلىرىنىڭ سېرېس ئېلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى باياناتلىرىنى

تەكشۇرۇپ، دەلىللەپ چىقتى. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس گېئورگى كادۋىس ( George Caedes <1886 — 1969> ) پتولېمى تىلغا ئالغان سېرىس ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان: «كىشىلەر ئېنىق كۆرىۋالالايدۇكى، پتولېمى تىلغا ئالغان Emaus تېغى پامىر تېغى، Emodea تاغ تىزمىلىرى ھىمالايا تېغى، Kasia تاغ تىزمىلىرى قارا قۇرۇم تېغى، Auzakia تاغ تىزمىلىرى بولسا تەڭرىتاغلىرى، Oikhardes دەرياسىنىڭ ئۈچ ئېقىنى — قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت.»[38] گېڭ شىڭ سېرىس «… جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى كۆرسىتىدۇ.»[39] دەپ يازسا، چيەن بوچۈەن «سېرىس تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە، . . . سېرىس سۇلى (قەشقەر) دۇر» دېگەن[40] يەكۈننى چىقاردى. پروفېسسور سۇ بېيخەي ھەم بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (غەرب ئاپتورلىرى تەسۋىرلىگەن) «سېرىسنىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكىللىرى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى سۇلى (قەشقەر) نىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ، پامىر ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبارەت. بىراق، ئىسىملاردا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. پتولېمى سېرىس ئېلىنىڭ ئىچىدىكى 10 دىن كۆپرەك شەھەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. بۇ ‹ۋېي ئەستىلىكلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى ( 魏略 • 戎传 ) › دە خاتىرىلىگەن ‹قارام بەگلىكلەر 10غا يېتىدۇ› دېگەن خاتىرىگە ھەم كېيىنچە ‹ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى› ( 魏书 • 西域传 ) دە خاتىرىلەنگەن چوڭ شەھەرلىرى 12، كىچىك شەھەرلىرى 10، دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك.»[41] چيەن بوچۈەن سېرىس ھەققىدىكى مۇجمەل قاراشلارنى تۈزىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا قارىغاندا، سېرىس دەل جۇڭگو (ئاپتور بۇ يەردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى كۆزدە تۇتقان — ت) نى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، جۇڭگو ھىندىستان بىلەن Scythians ( 西梯亚人 ) نىڭ ئارىلىقىدا ئەمەس. تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرمايدۇ. باكتىرىيە ( 大夏 ) ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئەمەس. جۇڭگولۇقلارنىڭ (ئاپتور بۇ يەردە يەنىلا خەنزۇلارنى كۆزدە

تۇتقان — ت) نىڭ چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى چاغدا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا ئىسىم . . . بىلەن ئاتايتتى . . . پاكىتلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، سىرىس سۇلى (قەشقەر) دۇر.»

شىنجاڭ ھەم يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگىنى بولۇپ خىزمەت قىلغان، ھەم يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخىي كىتابلاردا «خوتەن ئېلىدا پىلىچىلىك قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى راۋاجلانغان. ھەممىلا يەرگە قارىسا ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن. ئۈجمە خوتەننىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەم پىلىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ قورغانىدۇر»[43] دېيىلىدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «ئىۋىرغول (قۇمۇل) دېگەن يەردە ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئۈجمە، كەندىر ۋە تەك — ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىكەن» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە «قوچو (تۇرپان) . . . پىلە بېقىشقىمۇ لايىق» دېيىلگەن. «ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە «سۇلى» (قەشقەر) دە «كىمخاب ـ دۇردۇن ئىشلىنىدۇ» دېيىلگەن. «تاڭنامە (221 ـ جىلد). غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە «ئۇدۇن (خوتەن) خەلقى توقۇمىچىلىق قىلىدۇ، ئاستانە ئوبلاستى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى يىپەك بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شەرقىي جىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشلەنگەن يىپەك، پاختىلار تېپىلدى. تۇرپاندىن جىن خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىدىن چىققان يازما ھۆججەتتە «قوچو كىمخابى» دېگەن سۆز يېزىلغان. قوچو خانى كۈۋىنتاي خانلىقىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن يىپەك بىلەن پاختا بىرىكمىسىدىن توقۇلغان فىئومېتىرلىك سىزىقلىق كىمخاب تېپىلغان. دېمەك، مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇش ئىجاد قىلىنغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرانومى لۇمىڭشەن ( 鲁明善 ) نىڭ «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك

قوللانمىسى» ( 农桑衣撮要 ) دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ پىلە بېقىشتىكى مۇھىم تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرىبىلىرىمۇ يەكۈنلەنگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان.

پروفېسسور سۇ بېيجەي مۇنداق يازغان: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا كىشىلەر بەكمۇ ياقتۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان. بەش دەۋرگە كەلگەندە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن يىپەك رەختلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭدىكى زەرباب، تاۋار تولىمۇ ئەتىۋارلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلمىلار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادىيىتى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتىلىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن.» [44]

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا يىپەكچىلىكنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بولمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى شىنجاڭنى «يىپەك ئېلى» دەپ چۈشەنگەن ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن.

دېمەك، «سېرىس ئېلى» (گرېكچە لۇغەت مەنىسى ـ «يىپەك ئېلى» ) توغرىسىدا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرىدا بەرگەن مەلۇماتى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن. مەيلى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى سېرىس ئېلىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك بەلگىلەر جەھەتتىن بولسۇن، قەدىمكى مەنبەلەردە كۆپ زىكرى قىلىنغان «سېرىس ئېلى» ، سۇلې ( قەشقەر ) نى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن ۋە

ئۇدۇن (خوتەن) نى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى سۇلې ۋە ئۇدۇن بەگلىكلىرى تارىخىي يوسۇندا جۇڭگوغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇملۇق نۇقتىنىسىدىن كەڭ مەنىدە «سېرىس» جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ خاتا ئەمەس.

يۇقىرىدا خوتەننىڭ يىپەكچىلىكتە باشقا رايونلارغا قارىغاندا ئىلگىرى ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئەنئەنىنىڭ تارىخىي يوسۇندا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىنى قىسقىچە كۆرسەتتۇق. يىپەككە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) يىپەكلىرى بىلەن خوتەن يىپەكلىرىنىڭ گۈل چىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرىدە مۇئەييەن پەرق بولغانلىقى مەلۇم. ئالايلۇق، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ يىپەكلىرىگە ئۆرۈش يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان بولسا، خوتەن يىپەكلىرىگە ئارقاق يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان. «برونزا دەۋرى» (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ــ 1000 يىللار ئۆپچۆرىسى) گە تەئەللۇق شىنجاڭ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇدى) قەبرىستانلىقى، خوشۇت سىنتىران ئىزى، قۇمۇل قارادۆۋە سۇ ئامبىرى يېنىدىكى قەبرىستانلىق، تۇرپان قاراغوجا ئىزى قاتارلىق خارابىلەردىن تېپىلغان يۇڭ ۋە يىپەك رەختلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

ياپونىيىلىك چاڭزى خېجۇن ئەپەندى يىپەك يولىنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، يىپەك يولى ئاسىيا ــ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ قان تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئوقىدۇر.

ئىككىنچى، يىپەك يولى دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسىدۇر.

ئۈچىنچى، يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكىدۇر. [45]

بۇ ئۈچ نۇقتىنى مۇۋاپىق باھا دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت سەھىپىسىدىكى شانلىق تارىخى

تۆھپىلىرىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىلارنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋملار تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولىنى مەدەنىيەت ئوق مەركىزى قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادكارلىقىغا تايىنىپ ھەمدە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قىممەتلىك ۋە شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس ھەسسە قوشتى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى بەدىئىي، گۈزەل - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يىپەك يولى مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە ئېچىلغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر دەستە گۈل.

قىياتاش سىزمىلىرى ئۈزۈندىن بېرى شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىۋاتىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تەڭرىتاغ ئىچىدىكى قىزىلتاش ( 唐家石门子 ) دېگەن يەردىكى قىيتاش سىزمىلىرى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەر. بۇ يەردىكى قىيتاش يۈزىدە يۇزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى رەتمىلىق نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدىكى جىنسقا تېۋىنىش ئادىتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاڭ بىڭخۇا ( 王炳华 ) مۇنداق ھېسابلىغان: «بىز ئۇچرانقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ تېمىدىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەر مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم بايقىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش ھەققىدىكى رەسىملەردىن تېخىچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات يولۇقتۇرمىدۇق.»[47] ھازىرقى قاراش بويىچە، ئادەمنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىنى سىزىش سەنئىتىنى كىشىلەر ئومۇمەن گرېك ئويمىكارلىق سەنئىتىگە مەنسۇپ، دەپ ھېسابلايدۇ. دەرۋەقە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن بۇرۇن گرېكلاردا ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزىش ۋە ئويۇش ئۇسلۇبى بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئاياللارنىڭ

يالىڭاچ ھالىتىنى سىزمىغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا بولسا شىنجاڭلىقلار ئارىسىدا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزىش ۋە قىيا تاشلارغا ئويۇش كەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسى، مايتاغ رايونى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى جىنسىي تېۋىنىشقا دائىر قىياتاش سىزمىلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلىرىدۇر.»

شىنجاڭنىڭ بۇنداق قىياتاش ئويمىكارلىق سەنئىتى يىپەك يولىنى بويلاپ، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن بۇددىزىم سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن ۋە ھۆسن قوشتى. بىز بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئالدى بىلەن كۇچا، باي مىڭئۆيلىرىدىكى تام سىزمىلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. «كۆسەن (كۇچا) تام سىزمىلىرى بۇددا دىنىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە بۇددا دىنىغا ئائىت نەرسىلەر. لېكىن، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بۇددا مەدەنىيىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن. ئۇ كۆسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى.» [47]

شىنجاڭ ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيادىكى قەدىمكى دىنلار ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە ئۇچراشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك دىن تارىخىغا مول مەزمۇن ئېلىپ كەلدى. دۆلەت ئۇستازى نامى ئالغان پروفېسسور جى شەنلىن (季羡林) ئەپەندى بۇ خىل ئەھۋالنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «... دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرى شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، جۇڭگو بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا، شىنجاڭ ئىنتايىن مول ماتېرىيالغا ئىگە.» [48]

شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئۆزەك قىلىنغان مەدەنىيەت سەھىپىسىدە يەنە تىل - يېزىق ۋە مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم. جى شەنلىن ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام تىلى سىستېمىسىدىكى

تىللار» ، [49]شۇنداقلا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللار شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئەڭ ئەسىرلىك، ئەڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى دېيىشكە ئەرزىيدىغان شىنجاڭنىڭ جاھانغا مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىچىدە بوستانلىق يولىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، موللىقى، رەڭمۇ رەڭلىكى، قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنىڭ كەڭلىكى، ئىنتېرناتسىئوناللىق خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىپەككە بېسىلغان جەزبىدار گۈللەردەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مانا شۇنداق يىراق مەنبەلىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە مىفولوگىيە دەۋرىگە خاس ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن تاشقىرى، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئەدەبىياتى، قوچو (تۇرپان) بۇددا، مانى شېئىر ـ قوشاقلىرى، قاراخانىيلار دەۋر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ «ئىككىنچى ئارىستىتولى» — ئەبۇ نەسىر فارابىي (مىلادىيە 870 — 950 ـ يىللار) نىڭ ئەسەرلىرى، جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى يىرىك ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» ، ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ تۇنجى سېلىشتۇرما لۇغىتى «دىۋانە لۇغەتىت تۈرك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكى ئەسىر) ، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى (رابغوزىنىڭ XII — XIII «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ئەسەرلىرى) ۋە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل چوققىسى ھېسابلانغان ئەلىشىر نەۋايى (XIV — XV) ئەسەرلىرى، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق سەئىدى، رەشىدى، قىدىرى، نەفىسى (ئامانىسا) ، ئايازى، مىرزاھەيدەر، مەھمۇد جاراس قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرى ۋە تارىخىي قىسسەلىرى، يىپەك يولى ئارقىلىق تەسىرى دۇنياغا تارالغان ئۇيغۇر «12 مۇقام» ھادىسىسى ۋە دۇنياۋى ئوبراز نەسرىدىن ئەپەندى

لەتىپىلىرى قاتارلىق مەشھۇر ئۆلگىلەر ھەم ئۆزىگە خاس ئورگىناللىقى بىلەن ھەم خەلقئارا «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى شۇكى، «يىپەك يولى» خاسىيىتى بىلەن شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ھەسسە قوشقان نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار ئۆتكەن. ئۇلاردىن بۈيۈك بۇددا ئالىمى كۇسەنلىك كومراجىۋا (مىلادىيە 344 — 413 - يىللار)، قەشقەرلىق بۇددا ئالىمى خۇيلىن ۋە فورتىدىڭ ( 佛图澄 )، ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس سۇجوب ( 苏祇婆 )، رەسسام ۋىساراسانگا ( 尉迟巳僧 ) قاتارلىقلار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىملاردىن تىلشۇناس ۋە پېداگوگ تاتاتۇڭا، يۈەن سۇلالىسى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئارغۇن سارىق، لۇمىڭشەن، تارىخشۇناس ليەن خۇيشەن قىيا، گېنېرال چاغان تۆمۈر ( 察罕帖木尔 )، ئارىق قىيا ( 阿里海牙 )؛ ئەدىبلەردىن سەيدۇللا ( 萨都剌 )، گۈەن يۈنشى ( 贯云石 )، مازۇچاڭ، نەيشەن قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

دېمەك، شىنجاڭ خەلقى ۋە ئۇنىڭ «يىپەك يولى»نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاساسلىق غول لىنىيىدە ياشىغان ئاتا - بوۋىلىرى ئۇزاق ۋە پەۋقۇلئاددە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول، رەڭگارەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «يىپەك يولى»دىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، بۇنداق ئېسىل خەزىنە بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «يىپەك يولى»دا تۇتقان ئورنىنى ھەمدە «يىپەك يولى»نىڭ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى رولىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 5. شىنجاڭنىڭ ئالتۇنى ۋە ئالتۇنچىلىقى

ئالتۇن «مېتاللار شاھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، پارقىراق ۋە كۆركەم، زىچلىقى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئۈستۈن، ئاسانلىقچە خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرمەيدىغان، ئوكسىدلانمايدىغان، ئۆزۈن مۇددەت ساقلاشقا بولىدىغان مېتال. ئۇنىڭ ئېلېمېنت بەلگىسى Au، خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار جەدۋىلىدە IB گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ، ئاتوم تەرتىپى 79، ئاتوم ئېغىرلىقى 196.9665، ئالتۇننىڭ خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن مۇقىم. ئۇنىڭ يەر پوستىدا ئېگىلىگەن مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاجرالما ـ تارقاق ھالەتتە ئۇچرايدۇ. كان تومۇرلىرىدىن ئېلىنغان ئالتۇن ئادەتتە «تاغ ئالتۇنى» (كاللەك ئالتۇن)، قۇم كانلىرىدىن ئېلىنغان ئالتۇن «كېپەك ئالتۇن» (قۇم ئالتۇن) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتۇن ئىنتايىن ياخشى سوزۇلۇشچانلىق ۋە كېڭىيىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ يانجىش ۋە سوزۇش ئارقىلىق 0.00001 مىللىمېتىر قېلىنلىقتا ئالتۇن قەغەز ۋە 0.5 مىللىمېتىر ئىنچىكىلىكتە زەر يىپ ياسىغىلى بولىدۇ.

ئالتۇن بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماتېرىياللىق قىممىتىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇرماقتا. ئامېرىكا قويۇپ بەرگەن ئالەم ئايروپىلانى «كولومبىيە» نى ياساشقا 40 كىلوگىرام ئالتۇن ئىشلىتىلگەن. 1979 ـ يىلى دۇنيا بويىچە پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت ساھەسىدە تەخمىنەن 1500 توننا ئالتۇن ئىشلىتىلگەن. بۇ شۇ يىلقى ئومۇمىي ئالتۇن سەرپىياتىنىڭ 81.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 1989 ـ يىلى دۇنيا بويىچە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سانائىتىدە 1 مىليارد 600 مىليون مېتىر ئالتۇن تالا سەرپ

قىلىندى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 16 تونна چىقىدۇ. ئېلېكترون ساھەسىدە سەرپ قىلىنغان ئالتۇنلارمۇ ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلىمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ئالەم قاتنىشى، ئالەم كېمىسىگە سەرپ قىلىنغان ئالتۇنلارمۇ ناھايىتى كۆپ.

ئالتۇننى ئىنسانلارنىڭ بايقىغانلىقىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئالتۇننى تونۇشقا باشلىغان.

ئالتۇننى تونۇش، ئادەملەر ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىش مەدەنىي مىللەتلەر تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىلا ئالتۇننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى قىممەتلىك مېتال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى، جۈملىدىن گۈزەللىك ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ «ئالتۇن، قاش تېشى ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى يىپەك يولى ئارقىلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ ئالتۇنغا ئالماشتۇراتتى. قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI – VII ئەسىرلەردە ساكلار (سكىفلەر) يايلاق يولى ئارقىلىق شەرقتىن ئالتۇن ئېلىپ كېلىشكە بارغان دېيىلگەن. چۈنكى، بۇ يول كېپەك ئالتۇن، باشقا قېزىلما بايلىق چىقىدىغان مەشھۇر ئورال تاغ تىزمىسى ۋە ئالتاي تاغ تىزمىسىدىن ئۆتەتتى.

بەنگۇ يازغان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئۇدۇندا ئالتۇن، قاش تېشى كۆپ» دەپ يېزىلغان. ئوۋ ياڭشۇي يازغان «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنە «كۇسەن (كۇچا) دىن ئالتۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى جىنفۇ يازغان «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت – ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىمۇ «ئېۋىرغول ئايمىقىنىڭ ئېۋىرغول (قۇمۇل) ناھىيىسىدىن ... ئالتۇن، تۆمۈر چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. تۇتۇ يازغان «سۇڭنامە. قوچو تەزكىرىسى»

دىمۇ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىدا . . . ئالتۇن، كۇمۇشلەردىن ئەسۋاب ياسايدۇ، بەشبالىق (هازىرقى جىمسار ئەتراپى) لىقلار تېرىسى ئاق، چىرايلىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قولى گول، ئۇلار ئالتۇن، كۇمۇش، مىس ۋە تۆمۈرلەردىن ئەسۋاب ياساشقا ماھىر» دەپ يېزىلغان. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې: «ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئەپچىل، هۇنەرگە ئۇستا، ئالتۇن - كۇمۇش، مىس، تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر. بۇ مېتاللاردىن ھەر خىل ئەسۋاب ياسىيالايدۇ. يەنە ئەسۋابلارغا نەقىش ئويىدۇ» دەپ يازغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەيندىكى يىللاردىن X - XI ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرلەردە شىنجاڭدا ئالتۇن - كۇمۇش قېزىلاتتى ھەم ئالتۇن - كۇمۇشتە ئەسۋاب ياسىلاتتى.

يەكەن خانلىقى دەۋرلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىمۇ شىنجاڭدا خېلى كەڭ دائىرىدە ئالتۇن قېزىش يولغا قويۇلغان. نۇرغۇن كانلار ئېچىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇنجى ھۆكۈمەت تەزكىرىسى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 43 - جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مۇسۇلمانلار يۇرتى (جەنۇبىي شىنجاڭ) دىن بەش خىل مېتال، ئالتۇن چىقىدۇ. چيەنلوڭ يىللىرىدا يەكەن، ئۇدۇن قاتارلىق ناھىيىلەر ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە 40 سەر ياكى 80 سەر ئالتۇن سېلىق تۆلەيتتى.

شىنجاڭنىڭ كان بايلىقىنىڭ مول بولۇشى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىغا ئېرىشكەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا ساياھەتتە بولغان ھەرقايسى ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر «جۇڭگو قېزىلما بايلىقلار جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دەپ قارىغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (新疆图志) نىڭ 29 - جىلدى (سودا - سانائەت 2 - بابى) دا شىنجاڭ، خېيلۇڭجياڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى

دېيىلگەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ھازىر شىنجاڭدا 87 ناھىيە، شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ 56 سىدە ئالتۇن بايلىقى بار ئىكەن.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئالتۇنچىلىق پائالىيىتى ۋە ئالتۇننى تونۇش چۈشەنچىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن بىلگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردىن بەزىلىرى ئالتۇنغا چوقۇنغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى ساكلارنىڭ ئالتۇنغا تېۋىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بار.

شىنجاڭدا قەدىمدە ياشىغان كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇقلارنى ئەتىۋارلىق بېزەك سۈپىتىدە تونۇغان. مەسىلەن، 1978- يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىنىڭ ئېۋىرغول - ئالغوي جىلغىلىرىدىن بۇنىڭدىن 2000 - 3000 يىل بۇرۇن ياشىغان غوزلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىن باشقا ئاخىرەتلىكلەر بىلەن بىرلىكتە بىر تۈركۈم ئالتۇندىن ياسالغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مۇنچە ھەمدەپنە بۇيۇملار، جۈملىدىن يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سەككىز دانە ئالتۇن قارتا (ھەر بىرىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 20 گىرام ئەتراپىدا)، بىر - بىرىگە خىرس قىلىۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆت دانە ئالتۇن كەمەر بېزىكى (ھەر بىر دانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 27.75 گىرام)، چىشىنى چىشلەپ چاپچىپ تۇرغان ھالەتتىكى شىرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ئالتۇن قاداق، ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋان يۈزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەك، رومبا شەكىلدىكى گۈل چىقىرىلغان ئالتۇن بېزەك، چەمبەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەكلەر تېپىلغان. ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئارۇسىت رايونىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII — V ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ھۇن قەبرىستانلىقىدىن تۈرلۈك زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى تېپىلدى. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇن تەزكىرىسى» دە بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، «ھۇنلار ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا . . . ئالتۇن - كۈمۈش . . . بىلەن بىللە سالاتتى»

دەپ يازغان. [50]

ئالتۇندىن ئاياللارنىڭ بېزەكلىرىنى ياساشمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېكەس ناھىيىسىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن مىلادىيە V ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئۈزۈم شەكىللىك ئالتۇن زىرە، ئاقچى ناھىيىسىدىن مىلادىيە I ـ III ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ئالتۇن زىرە قېزىۋالغان. ئۈرۈمچى تەۋەسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرگە مەنسۇپ مارجانلىق ئالتۇن باقان، پىچان ناھىيىسىدىن ئوخشاش دەۋرگە مەنسۇپ چېچەك شەكىللىك ئالتۇن باقان قېزىۋالغان.

قەدىمكى چاغلاردا ئاياللارنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى ھەر تۈرلۈك بولغان. باشقا جابدۇقلارمۇ ئالتۇندىن ياسالغان. بۇ توغرۇلۇق مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق ئۇچۇرلار بار:

«ئۆكمەك — خوتۇنلار قۇلىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا، زىرە» . [51]

«باقان — بويۇن ھالقا، چەمبەر. ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا ‹ئالتۇن باقان› دېيىلىدۇ» . [52]

«كىمسەن — زىننەت ئۈچۈن دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق» . [53]

«مۇنچاق — زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار» . [54]

«دىدىم — نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئوتوغات، تاج» . [55]

«بوغماق — بۇ نەرسە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە قىممەت باھالىق تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ؛ نىكاھ كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويىلىدۇ» . [56]

«كۆپە — ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى» [57]، «تېزىلدۈرۈك ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان

تەڭگىلەر» [58] (كۇپە ـ ھالقا) ».

«ئۇستىم — ئىگەر ۋە كەمەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا بېكىتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى» . [59]

يۇقىرىقى ئەھۋاللار خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان. [60]

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قىلىپ كېلىنىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈش زىرە، قۇلۇپلۇق سۆكە، يالاڭ چېچەك، قوش چېچەك ھالقا، چىغرىتماق شەكىللىك قۇلۇپلۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەزۈك، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن زىرە، قوڭغۇراق شەكىللىك ئالتۇن ـ كۈمۈش تۈگمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باقاننىڭ بىر قانچە خىل شەكىللىرى بار: مارجانلىق باقان. ئالتۇن زەنجىرنىڭ بىر نەچچە يېرىگە چىرايلىق ئۈنچە مەرۋايىت ئورنىتىلىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇلغان زىننەت بۇيۇمىدۇر؛ يۈرەك شەكىللىك ئالتۇن باقان. ئالتۇن زەنجىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈرەك شەكلىدە ياسالغان بىر تال ئالتۇن بۇيۇم ئېسىلىدۇ؛ يايما شەكىللىك ئالتۇن باقان. ئەينى زامانلاردىكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش پۇللارنىڭ چۆرىسىدىن تۆشۈك تېشىپ ئۇنىڭغا يىپ ياكى زەنجىر ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان زىننەت بۇيۇمى؛ چېچەك شەكىللىك ئالتۇن باقان. پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل ياكى چېچەككە ئوخشىتىپ ياسالغان بويۇنغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى. كۇپىنىڭ سۆكە، چېچەك، بوز مۇنچاق قاتارلىق تۈرلىرى بولغان. بىلەزۈكنىڭ يۇمىلاق، ياپىلاق، نەقىشلىك، ياقۇت كۆزلۈك ۋە چىغرىتماق شەكىللىك قۇلۇپلۇق تۈرلىرى بولغان. [61]

بۇنداق ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ۋە يازما ھۆججەتلەر ئارقىلىق دەلىللەنگەنلىكى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

ئالتۇندىن تۇرمۇش ۋە زىبۇ زىننەت بېزەكلىرىنى ياساش ھازىرقى

ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىدىن بىرى. قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ماھىر ئۇيغۇر زەرگەرلەر ئالتۇندىن خىلمۇ خىل كۆركەم زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، خەلق تەلىپىنى قاندۇردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ۋە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ئالتۇننى ھوقۇق - مەرتىۋىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئارۇست رايونىدىكى ھۇن قەبرىستانلىقىدىن ئالتۇندىن ياسالغان تەگرىقۇت تاجىسى تېپىلغان. «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى. كۇسەن ھەققىدە» دە كۇسەن خانى ئالتۇن كۆزلۈك كەمەر تاقاپ، ئالتۇندىن ياسالغان شىر سۈرەتلىك دىۋاندا ئولتۇرىدۇ، دېيىلگەن. «سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، سۇلې خانى ئالتۇندىن ياسالغان شىر شەكىللىك تاجنى خان تاجى قىلغان. تۈرك خانلىقى (552 - 744) قۇرۇلغان چاغلاردا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىسى زىمارېخوس غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى ئىستەمى (562 - 576 - يىللار ئارىلىقىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان) بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، خان ئولتۇرغان چېدىرنىڭ ئۈستى ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئەسلەتمە قالدۇرغان. ئۇ مۇنداق يازغان: «تۈرك يۇرتىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ سەنئىتى ۋە نازۇكلىقى رىم مەملىكىتىدىن قېلىشمايدىكەن. مەن ئىستەمى قاغاننىڭ بىر نەچچە ئوردىسىدىكى ئالتۇن ئەسۋابلار ۋە ئۆلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران بولدۇم. مېنى ئىستەمى قاغان ئوردىسىدا مۇراسىم بىلەن قوبۇل قىلدى. مېنى قوبۇل قىلغان ئوردىنىڭ ھەممە يەرلىرى يىپەك زىلچىلار، يىپەك پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ ئوردىدا بىر قانچە ئاپتۇۋىلارنى كۆردۈم. بۇ ئاپتۇۋىلار ناھايىتى چىرايلىق، سىپتا، نەقىشلىك قىلىپ ئىشلەنگەن. ئوردىدىكى جاھازلار ئالتۇن- كۈمۈشلەر ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەردىن نەقىشلىق قىلىپ ياسالغان» . تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭمۇ «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوردىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساپلا ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى» دەپ يازغان. خوتەننىڭ داڭلىق خانى ۋىسا سامبخاۋا (خەنزۇچە نامى لى شېڭتيەن، تەخمىنەن مىلادىيە 912 - يىلىدىن 966 - يىلىغىچە تەختتە

ئـولـتـۇرغـان) «ئالتۇن خان» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنداق بولۇشى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، خوتەن رايونىدا قۇرۇلغان ئۇدۇن خانلىقى تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 851 - يىلىدىن 1006 - يىلىغىچە «ئـالتۇن ئەل» (تەخمـىـنـەن 851 - يـىلـىـدىن تەخمـىـنـەن 917 - يىلىغىچە ؟) ، ئالتۇن قاش تېشى ئېلى (تەخمىـنـەن 983 - يـىلـىـدىن 1006 — يـىلـىـغـىـچـە) دېگەن خانلىق ناملىرىنى قوللانغان. مەھمۇد قـەشـقـىـرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ خىل ئەنئەنە قاراخانىيلار خانلىقى تېررىتورىيىسى تەۋەسىدىمۇ مەۋجۇت ۋە ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى زامانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەسىلەن، ئۇ «تارىم» دېگەن سۆزنى ئـىـزاھـلـىـغـانـدا مـۇنـداق بـىـر ئۇچۇرنى بېرىدۇ: «تارىم تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە) ، ئەفراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ - ئۇششاق باللىرىغا خاس سۆز. خاقان ئەۋلادىدىن باشقىلار ھەر قانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا ئۇنۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.»[62] بۇ بايانلاردىن تارىمنىڭ «ئالتۇن» دېگەن سۆز بىلەن قوشۇلۇپ يۇقىرى ئىمتىيازلىق سۆزگە ئىگە قىلىنغانلىقىنى بىلسەك، ئـۇنـىـڭ ئـەفـراسـىـيـاپـنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ سۆزلـەنـگـەنـلـىـكـىـگـە قارىغاندا تارىخنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ.

مـاتـېـرىـيـالـلاردا پـادىشاھلارنىڭ ئوردىلىرىدىكى خانلار تۇرىدىغان چېدىرلارنىڭ «ئالتۇن» بىلەن سۈپەتلىنىپ كېلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئـۇچـۇر بار. مەسىلەن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى «ئالتۇن تۇرمە» (ئالتۇن چېدىر) دەپ ئاتىغان. بۇلاردىن باشـقا، خانلىق تامغىلارمۇ ئالتۇندىن بولغان. مەسىلەن، قوچو ئۇيغۇر خـانـلـىقىنىڭ خانلىق تامغىسى، 1473 - يىللىرىدىكى قۇمۇل خانىنىڭ تامغىسى ئالتۇندىن بولغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە خانلارنىڭ، ھاكىملارنىڭ بۇيرۇق، نىشانە خەتلىرى «ئالتۇن نىشانە» ، «ئالتۇن دەستەك» دەپ ئاتالغان. يەنە باشقا

ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، خان جەمەتى چىقىدىغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئالتۇن ئۇرۇق دېگەن نام بىلەن تېخىمۇ مەشھۇر بولغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تەرجىمانى ۋە شائىرى كارۇناداس (? ـ 1311) نىڭ بىزگىچە ساقلىنىپ قالغان «ئىلتىنجا» دېگەن نامدىكى شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

قاغان خانىمىزنىڭ ئانقۇلايۇ يوق،
قاتۇنلارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇغلارنىڭ.
ئادالىرى تۇدالىرى ئامرىلىپ ئۇزۇن ياشاپ،
ئالىپ بولغۇلۇق بۇرخان قۇتىن بولماقلىرى بولسۇن.

قاغان، خاتۇنلارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەنگەن بۇ شېئىردا، يۇقىرىدىكى قاراشنى دەلىللەيدىغان جۈملىلەر بار. چىڭگىزخان كېلىپ چىققان ئۇرۇق ھەم ئالتۇن ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ھەم بەك ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەر ئۇرۇق ھېسابلانغان.

پادىشاھلار ۋە ئۇلۇغ سەركەردىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى يەر ـ جاي، نەرسىلەرنىڭ ناملىرى ھەمىشە ئالتۇن بىلەن ئالاقىدار بولۇپ كېلىش ئەنئەنىسى ئۇزۇن يىل ساقلانغان. مەسىلەن، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى قوغان يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇتۇرۇك دېگەن جايدىكى بىر قەدىمكى ئىزنى كىشىلەر «تەتارىغى ئالتۇن تۇغ قارا خان شەھىرى» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭغا يېقىن يەنە بىر يەرنى «ئالتۇن تۇغ» دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالتۇن تۇغ» دېگەن جايغا پادىشاھلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى قادىلار ئىكەن. قاراخانىيلار سەركەردىسى سەئىد ئەلى ئارسلانخان ھەربىي گازارما قۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ۋە شەرەپ بىلەن شېھىت بولغان داڭلىق تەۋەررۇك جاي «ئوردا خېنىم» (يەنى «ئوردام») دا سەئىد ئارسلانخان سۇ ئىچكەن بۇلاق «ئالتۇن چەشمەم» (چەشمە ـ بۇلاق مەنىسىدە)، ئارسلانخان تاماق يېگەن قازان «ئالتۇن داش»، سەئىد ئارسلانخان گۆلخان ياقتۇرغان جاي «ئالتۇن گۆلخىنىم» (ئالتۇن گۆلخان) دەپ ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. يەكەندە يەكەن خانلىقىنىڭ خانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالتۇن مەكتەپ، ئالتۇن دەرۋازا، ئالتۇن كۆل، ئالتۇن مەسچىت دەپ

ئاتىلىدىغان يەر ـ جايناملىرى بار.
قەدىمكى چاغلاردا پادىشاھلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مېيىتلىرى «ئالتۇن» دەپ ئاتىلىپ، بۇنداق ئالتۇن مېيىتنى دەپنە قىلغان قەبرىستانلىقلار ئالتۇن بىلەن سۈپەتلىنىپ كېلىنگەن.
شىنجاڭدا خېلى يىللار ئىلگىرى ئالتۇن پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە كۇچا توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى «ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىدۇ» دەپ يازغان. پۇلشۇناسلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، قارا خانىيلار، چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى دەۋرلىرىدە ئالتۇندىن تىللا ئىشلەپ كەڭ ئومۇمىي قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك ئەدىبى يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئالتۇننى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنى «ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر، بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئىرۇر» (3039 ـ مىسرالار) دېگەن مىسرالار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرسە، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رولىنى «تۇرۇلگەن قاپاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار، ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر» (3044 ـ مىسرالار)، «گەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ، قىلۇرلەر، پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ» (2411 ـ مىسرالار) دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئومۇمەن، قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ كىشىلەر ئالتۇننى «بايلىق ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى» دەپمۇ قاراپ كەلگەن.
قەدىمكى ئەجدادلار نەزەرىدە ئالتۇن مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرغان بولغاچقا، شىنجاڭدىكى بىر مۇنچە يەر ـ جاي ناملىرىدىن ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئالتاي»، بۇ قەدىمكى ئالتاي تىللىرى (تۈركىي، موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىنىڭ ئانا تىلى) دا «ئالتۇن» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «ئالتۇن تاغ» مەنىسىدە ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. «خارتۇ تېغى»، «خارتۇ» موڭغۇلچە «ئالتىن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، يەنىلا «ئالتۇن تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى مەشھۇر «سار بۇلاق» موڭغۇل تىلىدا «سېرىق بۇلاق سۈيى» دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە مەشھۇر سار بۇلاق ئالتۇن كېنى بار. «ئالتۇن تاغ» شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئالتۇن بايلىقى ئىنتايىن مول.

ئالتۇن كىشىلەر ئۈچۈن ۋاستىلىق مەنپەئەتتار بۇيۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ قالماستىن، بەلكى بىۋاسىتە ئىستېمال بۇيۇمى تەرىقىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. يەنى قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە تىۋىپلار ئۇنىڭدىن كېسەل داۋالاشتىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئالتۇن مۆتىدىل ئىسسىققا مايىل. ئۇ كۆڭۈلنى ئېچىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى تەبىئىي قىزىقلىقنى قۇۋۋەتلەش، ئەقىلنى، زېھىننى ئۆتكۈر قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئالتۇننى قائىدە بويىچە مۇۋاپىق ئىشلەتسە، يۈرەك، مېڭە، ئۆت، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋسۇن كېسەللىكلىرىگە، باھقا مەنپەئەت قىلىدۇ. نېرۋا ۋەسۋەسىسى (ھەر خىل ئورۇنسىز خىياللارنى قىلىش)، تەنھالىقنى خالاش، سەۋەبسىز غەم - ئەندىشىدە بولۇش، باش ئايلىنىپ بىھوش بولۇشقا ئوخشاش سەۋدا، سەپرا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ.

ئالتۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، قەدىمدىن بېرى ئۇ يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبراز يارىتىشنىڭ جانلىق دېتاللىرى بولۇپمۇ قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب دۇەن چىڭشى يازغان «يۇياڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىتا تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدە بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇھىم پېرسوناژ «ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا» ئوبرازى قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى تەسۋىرلەردە ئالتۇننىڭ تەسۋىرى تولىمۇ تەسىرلىك. ئۇنىڭدا ئوغۇزخاننىڭ «ئوڭ تەرىپىدە ئالتۇن قاغان» بار ئىدى، ئۇ «نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش» سوۋغا قىلدى؛ «كۆنلەرنىڭ

بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى.» ئوغۇز خاننىڭ كۈن، ئاي، يۇلتۇز دېگەن ئۈچ ئوغلى «يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇزخان شادلاندى ھەمدە ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى، ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار»... بۇلاردىن باشقا ئېپوسنىڭ باش قىسمىدا ئوغۇزنىڭ ئارقا- ئارقىدىن ئىككى ئايالغا ئۆيلىنىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن ئايال مۆتىۋەر ئورۇندىكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پورتىرېتى تەسۋىرىدە پېشانىسىدىكى پارقىراق مەڭنى «ئالتۇن قوزۇق» قا ئوخشىتىپ، ئۇ ئايالغا يۇقىرى سۈپەت بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار «يەتتە تىكەن يۇلتۇز» نى ھۆرمەتلەپ ئۇنى «ئالتۇن قوزۇق» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالتۇنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى چۆچەكلەر تارقالغان. مەسىلەن، «ئۇر توقماق» چۆچىكىدە ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك؛ «ئالتۇن شەمشەر» دە ئۆي- ئىمارەت پەيدا قىلالايدىغان شەمشەر؛ «ھېكمەتلىك ساندۇق» تا ئالتۇن- كۈمۈش بەرپا قىلالايدىغان ساندۇق؛ «ئالتۇن كەش» تە يېتىم قىزنى بەختلىك قىلىدىغان ئالتۇن كەش قاتارلىقلار. يەنە چۆچەكلەردە ئالتۇن تەخت، ئالتۇن ھاسا، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن تۇغىدىغان توخۇ قاتارلىق ئوبرازلار بار.

كىشىلەر سۆيۈملۈك يۇرتىنى «ئالتۇن دىيار»، «ئالتۇن بۆشۈك» دەپ ئاتىسا، پاك نىيەتلىك كىشىلەرنى «ئۇنىڭ كۆڭلى ئالتۇندەك» دەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ئالتۇنغا ئوخشىتىش ئەھۋالى بار. مەسىلەن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار تىنچلىق سوراشقاندا «خېنىم بوغۇمنىڭ ئالتۇن تەنلىرى ئامانمىكىن» دېگەنگە ئوخشاش سىپايە سۆزلەرنى قىلىدۇ؛ يەنە بەزى جايلاردىكى كىشىلەر «ئالتۇن بويلىرىڭىز ئامان بولغاي»، «ئالتۇندەك قوزام» دەپمۇ ئاتايدۇ. «ئالتۇنخان»، «ئالتۇنگۈل»، «ئالتۇنقىز»، «ئالتۇن بوۋى» دېگەن ئىسىملار پەرزەنتلەرگە خاس ئىسىم قىلىپ قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆمرىنى ئۇزۇن يىللار ئىناق، خاتىرجەم ۋە بەختلىك ئۆتكۈزگەن قەدىناسلار ئۆزلىرىنىڭ توبى بولغان قەرەلنى مەلۇم يىلدا تەبرىكلەپ ئۆتكۈزگەن مەرىكىگە «ئالتۇن توي» دېگەن چىرايلىق نامنى بەرگەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چوڭ كارۋان يوللىرىنى تەڭرى يولى مەنىسىدە «ئالتۇن يول» دېگەن نام بىلەن ئاتاش ئادىتىمۇ بولغان بولۇپ، بۇنىڭغا خاسىيەتلىك مەنە سىڭدۈرۈلگەن.

ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بەرگۈچى قۇياش، ئاي قاتارلىق جىسىملار ئالتۇن بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئاسماندىكى ئالتۇن ئاي»، «قۇياش ئالتۇندەك پارقىراق»، «قۇياش ئالتۇندەك نۇر چاچىدۇ»؛ ئوخشىغان بۇغداي باشاقلىرى «ئالتۇن باشاق»؛ بۇغداي دۆۋىلىرى «ئالتۇن چەش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتۇن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلار ئۇنى ھەممىگە قادىر، ئالىي نەرسە دەپمۇ قاراپ كەتمىگەن. مەسىلەن، كىشىلىرىمىز ئەڭ پەزىلەتلىك، كۆكسى قارنى توقلارنى «ئالتۇنغىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئادەم» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىسە، دۇنيادا يەنىلا ئەڭ قىممەتلىكى ئادەم ۋە تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى بولغان كۆڭۈل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئىسپاتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس سۇنغان كۆڭۈلنى» دېگەن ھېكمەتنى ياراتقان. شۇڭا، بىز ئالتۇننىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئوينىغان رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئالتۇننىڭ قۇلى بولۇپمۇ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ئەجدادلارنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىدىن چىقىرىلغان ئەقلىي خۇلاسىسى.

# 6. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇرلار شەرق مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا كېسىشكەن بىر مۇھىم مەدەنىيەت ئۆتكىلىدە ياشىغان. بۇ هال ئۇلارنىڭ قوشنا ئەللەر ۋە مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى ئۆگىنىشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى يازما هۆججەت شەكلىدە خاتىرىلەپ كەلگەن قەدىمكى ۋە مەرىپەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى. كىمدە كىم ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ هۆججەتلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇپەسسەل تارىخىنى يازماقچى بولىدىكەن، ئۆز ئەمگىكىدە غايەت زور چولتىلىقا يول قويغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ هۆججەتلىرىنى پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەنلا خاتىرىلىگەن ئەمەس. ئۇلار قوشنا مىللەتلەر تىللىرىنى ئىگىلەشكە ماهىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ مىللەت تىللىرىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ مۇنداق ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللاردا روياپقا چىققان.

### 1. خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى خەلقلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىمۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا باشلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەنزۇ تىلىنى

ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر مۇنچە خەنزۇ تىلى سۆزلۈكلىرى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن. خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. بۇنىڭغا مۇناسىپ، خەنزۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى، مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن. قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا بىر مۇنچە ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرىنىڭ بولىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بەزى ئاپتورلارنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشىنىڭ خىلمۇخىل سەۋەبلىرى بار. ئاساسلىقى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ

بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسىم قەبىلە ـ ئايماقلىرى ۋە جەمەتلىرى ۋېي، سۇي، تاڭ ۋە يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىغا بېرىپ پائالىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن.

ئىككىنچى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان.

ئۈچىنچى، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار تارىخنىڭ كۆپ دەۋرلىرىدە بىر ئەل، بىر مەملىكەتتە ياشاپ، كۆپچىلىك خەلق چۈشىنىدىغان تىل خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكىلەر خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكىلەر بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەئىتى ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلار بەلگىلىك ساننى تەشكىل قىلغان. خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ھۇنلار، ئېگىز قاڭقىلىقلار، تېلېلەر ۋە تۈركلەر قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ قالغان.

ھۇنلارنىڭ ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق قوشاق «ھۇن قوشىقى» (匈奴歌) نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان.[63] ليۇ سۇڭ (刘松) (? ـ مىلادىيە 318 ـ يىلى ۋاپات

بولغان)، قۇتقۇموگسۇن ( 沮渠蒙逊 ) (ميلادىيە 368 - 433 - يىللىرى ياشىغان)، خې لىيەن بوبو ( 赫连勃勃 ) (؟ - ميلادىيە 425 - يىلى ۋاپات بولغان)، لىيۇ يۈشى ( 刘禹锡 )، قولان جىن مىڭ ( 贺兰进明 ، ميلادىيە 772 - 842 - يىللىرى ياشىغان) قاتارلىق ئەدىبلەر ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتقۇموگسۇن[64]، لىيۇ يۈشى[65] قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان[66]، قولان جىنمىڭمۇ تەسىرلىك ئورۇندا تۇرغان.[67]

تېلېلەر ۋە ئېگىز قاڭقىلىقلاردىن قوغۇرسۇ شيەن ( 斛律羡 ، ميلادىيە 6 - ئەسىر)، قوغۇرسۇ ئالتۇن ( 斛律金 ، ميلادىيە 488 - 567 - يىللار)، شىدى لۇۋېن ( 库狄履温 )، قوشۇخان ( 哥舒翰 ، ميلادىيە 8 - ئەسىر)[68] قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆتكەن.

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان ھۆججەتلىرىمۇ بولغان. مەسىلەن، «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» (؟ )، «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۇ تېشى» (814 - يىلى تىكلەنگەن) قاتارلىقلار تۈرك - رۇنىك يېزىقى (ئۇيغۇر تىلى)، سوغد يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان.[69] كېيىنكى مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمى بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئەل ئۆگەسى ئىدى. «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۇ تېشى» نىڭ خەنزۇچە قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مەڭگۇ تاشلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە يېزىق ئۇسلۇبى پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمى تۈرك يېزىقى ۋە سوغد يېزىقىدىكى تېكىستنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئەل ئۆگەسى ئۆز قولى بىلەن ئايرىم يېزىپ چىققان. بۇ شۇ چاغدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەل ئۆگەسىنى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇشۇناسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.[70]

ميلادىيە I ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى مەدەنىيىتى زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ يىللاردا شىنجاڭدىن قانچىلىغان راھىب - ئۆلىمالار ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىككە بېرىپ بۇددا دىنىنى تارقىتىش، دىنىي ئىلىم بويىچە مۇتالىئە قىلىش، تەرجىمىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلار خەنزۇ تىلى بىلەن يۇرگۈزۈلگەن. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بارغان ئالىم - ئۆلىمالاردىن كومراجىۋا، ۋېيسا كۈيچى، سىكساناندا، خۇيلىن قاتارلىقلار ناھايىتى داڭلىق بولغان.

قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار، سۇلېلىقلار، كۇسەنلىكلەر ۋە قوچولۇقلار كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرگەن مۇھىم بىر ئېتنىك قاتلام بولغاچقا، مىلادىيە I ئەسىرلەردىن IX - X ئەسىرلەرگىچە بۇ رايوندا يېتىشىپ چىققان ئالىملارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشى لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

لياۋ سۇلالىسى دەۋرى (غەربىي لياۋ 1130 - 1218 - يىللىرى مەۋجۇت بولغان) دە شياۋ گۇەنيىن ( 萧观音 1039 - 1075) ، شياۋ سېسې ( 萧瑟瑟 ؟ - 1121) دېگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر سىياسىيونى لياۋ ئوردىسىدا تۇرمۇش كەچۇرگەندىن باشقا، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شياۋ گۇەنيىننىڭ «فۇخۇلىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار» ( 伏虎林应制 ) ، «كۆڭۈل قەسرىگە قايتىش» ( 回心院 ) ، «ئۆتمۇشنى ئەسلەش» ( 怀古 ) ، «نامدىن جۇدا بولماق» ( 色命词 ) قاتارلىق شېئىرلىرى بولغان. شياۋ سېسېنىڭ «ھەجۋىيات» ( 讽诗歌 ) ، «تارىخنى كۈيلەش» ( 咏史 ) قاتارلىق شېئىرلىرى داڭلىقتۇر.

يۈەن سۇلالىسى جۇڭگودا ھەرقايسى مىللەتلەر جۇملىدىن غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشنىغان بىر دەۋر بولدى. مىللەتلەر ئارىسىدا بىر خىل ئارىلىشىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئورتاق ئىلگىرىلەشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردە خەنزۇ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى سان جەھەتتە كۆپ، سۈپەت جەھەتتە يۇقىرىلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق.

لىيەن شىشەن (1231 ـ 1280) — قۇبلاينى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر سىياسىيون بولۇپ، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر يىلدا باش ۋەزىر بولغان. ئۇ ئادىل ئەمەلدار، ھەققانىيەت ئىزلىگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت تەسىرىدە تەربىيىلىنىپ چىققان ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئەدىب ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېزىش ناھايىتى تەس بولغان «سى» (词 ـ نەزمە) ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مائارىپقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. قۇبلايخان لىيەن شىشەنىڭ قابىلىيىتىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنى مۇتەپەككۇر مىڭزىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ «لىيەن مىڭزى» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «لىيەن» (مەنىسى پاك، ئادىل) لىيەن شىشەنىڭ فامىلىسى ئىدى.

گاۋ كېگۇڭ (1248 ـ 1310) — ئاتا ـ بوۋىسى غەربىي يۇرت (شىنجاڭ) لۇق بولۇپ، خې بېينىڭ فاڭ شەن دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە رەسسام ئىدى. ئۇنىڭ «فاڭ شەن توپلىمى» ناملىق داڭلىق شېئىرىي دىۋانى بار، «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا ئۇنىڭ 20 كۆپلېتتىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە زور نەتىجە ياراتقان. كېيىنكى كىشىلەر «تاڭ سۇلالىسى شېئىرلىرى جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، كېگۇڭ شېئىرلىرىنى تاڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ يۇقىرى تەقدىرلىنىشكە تېگىشلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ» دەپ يۇقىرى باھالاشقان.

مازۇچاڭ (1279 ـ 1338) — بۈگۈنكى توخسۇنلۇق بولۇپ، ئەسلىي ئەجدادى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەردىن ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مازۇچاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق سۆڭەك قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەشھۇر ئەدىب. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرى «يىللار خاتىرىسى»، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى»، «شىتيەن توپلىمى»، «لې خوۋ ئەينىكى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «يىڭ

زۇڭ خاتىرىلىرى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان، «پادىشاھ رەسىمىنىڭ ئۆرنەكلىرى» ، «چىڭ خۇا خاتىرىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان «شىتيەن توپلىمى» جەمئىي 15 جىلد بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە شېئىرلار بەش جىلد، نەسرىي ئەسەر 10 جىلد، «يۈەن ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلىرى» گە ئائىت شېئىرلىرىدىن 16 كۇپلېت، ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن 20 پارچە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. مازۇچاڭنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئەينى چاغدا يۇقىرى باھاغا ئىگە بولغان ۋە كەڭ تارقالغان ئىدى.

سەدۇللا (萨都剌، 1272 — 1308) — تاۋ زۇڭيى يازغان «كىتابلار جەۋھىرى» (书史会要) دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ سەككىز جىلدلىق «يەنمېن توپلاملىرى» (雁门) قاتارلىق ئەسىرى بولۇپ، 800 دىن ئارتۇق شېئىر - نەزمىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە نەقىللەر كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شىي يۇلى — ئاتا - بوۋىسى تۇرپانلىق، ئۆزى ئىچكىرىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ كۆپلىگەن ئەسەر يازغان، لېكىن ھازىر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگىنى «شىي يۇ توپلىمى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدۇر.

شۆ ئاڭفۇ (薛昂夫) — يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن سەنچۇ — نەسرىي غەزەل يازغۇچىسى بولۇپ، مول مەزمۇنلۇق، ياخشى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. پەقەت، «ئومۇمىي يۈەن نەسرى غەزەللىرى» (全元散曲) توپلىمىغا 65 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

نەي شەن (乃贤) — يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب، ناشىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەجدادلىرى ئالتاي تەرەپلەردە ياشاپ، كېيىن ئىچكىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ «ئالتۇن مۇنبەر توپلىمى» (金台集) غا 239 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا 145 كۇپلېت شېئىرى

كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرىمۇ بار.

گۇەن يۈنشى ( 贯云石 ، 1286 ـ 1324) — مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىب، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ جاسارەتلىك ھەربىي، ھۆسنىخەتچى، مۇزىكانت، ناخشىچى، تىۋىپ ئىدى. يۈەن دەۋرىدە تۈزۈلگەن «باھار قارلىرى» ( 阳春白雪 ) دېگەن كىتابقا ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئاپتورلار ئىچىدە گۇەن يۈنشىنىڭ ھەممىدىن كۆپ. ئۇنىڭ «تىنچ كۇيخانا» ( 太平乐府 ) دېگەن كىتابقىمۇ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ 3 ـ قىسمىدا گۇەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرىگە «ئوچۇق، دولقۇنلۇق» دەپ باھا بېرىلگەن.

سارابان ( 沙剌班 ) — يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تارىخشۇناس، «جىن سۇلالىسى تارىخى» ( 金史 ) نى تەھرىرلەشكە قاتناشقان، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان ئۇيغۇر ئالىمى.

لىيەن خۈيشەن قىيا ( 廉惠山海牙 ) — «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ( 辽史 ) نى تەھرىرلىگۈچى، ئەمەلدار بولغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى. ئۇ يەنە «يىڭ زۇڭ خاتىرىلىرى» ( 英宗实录 ) ۋە «شيەن زۇڭ خاتىرىلىرى» ( 显宗实录 ) نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

كارۇناداس (1312 ـ يىلى ۋاپات بولغان) — ئۇيغۇرچە، ھىندىچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە تىللارنى ئوبدان بىلىدىغان داڭلىق ئۇيغۇر تەرجىمانى. ئۇ قۇبلاي خانغا تەرجىمان بولغان، كۆپلىگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان.

جاۋ شىيەن ( 赵世延 ، 1260 ـ 1336) — تەخەللۇسى زىجىڭ ( 子敬 )، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقسۆڭەك قەبىلىسىدىن. بوۋىسى ئەن جۇئېر ( 按竺迩 ) چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم موڭغۇل ـ خەنزۇ يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ( 大元帅 ) بولغان، چېڭدۇدا ئولتۇراقلاشقان. ئاتىسى خې زىي ( 黑梓 ) سەركەردىلىك خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. جاۋ شيەن كىتاب كۆرۈشكە ھېرىسمەن ئادەم بولۇپ چوڭ بولغان. 20 ياشقا تولغاندا قۇبلايخان تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ

كېيىن موڭغۇللارنىڭ توققۇز نەپەر پادىشاھىنىڭ 50 يىللىق تارىخىدا ھەرخىل يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە دىۋان مۇئەككىلى ( 平章政事 ) قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ماھىر قەلەمكەش ئىدى. ئەدىب يۈجى بىلەن بىرلىكتە «نوم نەسەپلىرى قامۇسى» ( 经世大典 ) نى تۈزگەن، يەنە «پادىشاھ نەزىر - چىراغ قىلىدىغان نەنيۈ تېغىغا چىققاندا» ( 代祀南岳登祝融峰 ) «خۇاياڭداۋ قەسىرىدىكى راۋاق» ( 华阳道院石亭 ) قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان.

ماشىدې ( 马世德 ) — تەخەللۇسى يۈەن چېن ( 元臣 )، مازۇچاڭنىڭ تاغىسى. يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ تۇتقان. ئۇنىڭ «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» دا ئۈچ كۇپلېتلا شېئىرى بار. ئۇلار «لىڭ چۈەن ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتۈش» ( 过灵泉寺 )، «خۇچيۇغا بېغىشلىما» ( 题虎丘 ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.[71]

يى دۇخۇلى ( 亦都忽立 ) — غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلاردىن. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا جوڭگو رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن شائىرلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئەسەرلىرى ھازىرغىچە مەلۇم بولماي كەلمەكتە.

لۇمىڭ شەن ( 鲁明善 ) — تەخەللۇسى تيې جۇ ( 铁柱، تۆمۈر تۈۋرۈك )، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئاگرانوم. ئۇ «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قوللانمىسى» ( 农桑衣食撮要 ) يەنە بىر نامى «يېزا ئىگىلىك، پىلىچىلىك قوللانمىسى» ( 农桑撮要 ) ناملىق كىتاب يازغان.

پىراز ناشىرى ( 必兰纳识里 ) — (1332 - ؟، 感 ) گامىرۇ ( 木鲁 ) بەگلىكى (جىمسار تەۋەسىدە) دىن. بۇددا تەرجىمانى، ئۇ ئۇيغۇر ۋە غەربىي يۇرت تىللىرىدىكى ھۆججەت، ۋەسىقىلەرگە پىششىق ئىدى. چوڭ بولغاندىن كېيىن دۆلەت تىلى (موڭغۇل تىلى) ۋە بۇددا نوملىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ بۇددا دىنىغا دائىر بىر قاتار داڭلىق كىتابلارنى خەنزۇ،

ئەنەتكەك، تۇبۇت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ھەسسە قوشقان.

شيې ۋېنجى قىيا ( 谢文质海牙 ) — ئۇنىڭ كۆپ شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، ئەمما پەقەت چېن خاڭ ( 陈行 ) تۈزگەن «يۈەن نەزمىلىرى خاتىرىسى» ( 元诗纪事 ) دە «قاۋاقخانا تېمىغا بېغىشلىما» ( 题酒家壁 ) دېگەن بىر پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

خۇسخۇي ( 忽思慧 ) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئوزۇقلۇقشۇناس. مىلادىيە 1314 ـ 1320 ـ يىللىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئاشتائام بېگى ( 饮膳太医 ) بولغان. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇقلۇق تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەم مۇشۇ تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ( 饮膳正要 ) دېگەن بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ تائام تەييارلاش ساھەسىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان.

چېننان قىيا ( 倚南海涯 ) — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇنىڭ «ۋۇيى تېغى تەزكىرىسى» ( 武夷山志 ) گە «ۋۇيى تېغى» ناملىق داستاندىن بىر كۇپلېت كىرگۈزۈلگەن.

لىيەن خېڭ ( 廉惇 ) تەخەللۇسى گۇڭ مەي ( 公迈 ) يۈەن دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن. چوڭ دادىسى بۇرۇل قىيا ( 布鲁海牙 ) ، دادىسى لىيەن شىشەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇن ـ ۋەزىرلىرىدىن ئىدى. لىيەن خېڭ شېئىر، ماقالە ۋە بېيىت ( 词 ) لەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازاتتى. ئەدىبنىڭ «لىيەن ۋېنچىڭ ھەزرەتلىرى توپلىمى» ( 廉文情公集 ) دا ھەر خىل ژانىردىكى 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، يۈەن دەۋرىدە ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

لىيەن پۇگۇي ( 廉普逵 ) — بۇرۇل قىيا جەمەتىدىن. ئۇ كىچىكىدىن ياخشى مەدەنىيەت تەربىيىسى قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن. خەنزۇ تىلىدا ئەسەرلەرنى راۋان يازالىغان. ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن ئەسەرلىرى يوقۇلۇپ كەتكەن، پەقەت «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما دەۋرلىك توپلىمى» ( 元诗选癸集 ) دا «خۇاچېڭ»

( 华青 ) دېگەن بىر شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

سادىمىش ( 萨德弥实 ) — تەخەللۇسى چيەن جەي ( 谦斋 )، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى[72]. ئۇ «رۇيجۇتاڭ رېتسېپلىرى» ( 瑞竹堂经验方 ) نامىلىق 15 جىلدلىق تېببىي كىتاب يېزىپ، جۇڭگونىڭ مېدىتسىنا ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان.

ئارۇن تۆمۈر ( 阿怜帖木儿 ) — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر تەرجىمان. ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى سۇلمى ( 唆里迷 ) دىن. ئۇ ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن بىرگە «جېنگۇەن يىللىرىدىكى سىياسىي تەدبىرلەر» ( 贞观政要 )، «ئالىي بىلىم يۇرتى مۇھاكىمىلىرى» ( 大学行义 ) قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. «رېن زۇڭ خاتىرىلىرى»، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزەتكەن.

شيې جېدۇ ( 契哲笃 ) — تەخەللۇسى شى نەن ( 世南 )، شى يۈلىنىڭ ئىنىسى. خەنزۇ تىلىدا نۇرغۇن شېئىر يازغان.

سەن باۋجۇ ( 三宝柱 ) — ئۇ كۆڭزىچىلىق ئىلمى بويىچە ئالىم ۋە شائىر ئىدى. شائىرنىڭ «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما دەۋرلىك توپلام» دا ئىككى كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن.

كەيلىباش ( 凯烈拔实 ) — تەخەللۇسى يەنشۇ ( 彦修 ). ئۇ خەنزۇ تىلىدا راۋان شېئىر يازغان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا بەش كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن.

شېڭ شىمىڭ ( 盛熙明 ) — ئەسلىي كۇسەن (كۇچا) لىك، كېيىن جياڭشىنىڭ نەنچاڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. يۈەن دەۋرىدە ياشىغان شائىر، خەتتات، خەتتاتلىق تەتقىقاتچىسى، بۇددا ئالىمى. ئۇ 1344 - يىلى «خەتتاتلىق ھەققىدە تەتقىقات» ( 书法考 ) نامىلىق كىتاب يازغان. يەنە «بۇتولۇجا تېغى ھەققىدە تەتقىقات» ( 补陀洛迦山考 ) نامىلىق كىتابى بولغان، ئەمما بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما دەۋرلىك توپلام» دا «بۇتولۇجا تېغىغا ساياھەت» نامىلىق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇيان بۇقاتېگىن （伯颜不花的斤，？ - 1359） — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان، قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن يەنى خان جەمەتىگە مەنسۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان شائىر ۋە رەسسام. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما دەۋرلىك توپلام» دا بىر كۇپلېت شېئىرى بار.

چۈەن پۇيەن سالى （全普庵撒里） — يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن، ئەجدادى قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان شائىر ۋە نەسرىي غەزەلچى.

بيەنلۇ （边鲁） — جىمسار ئۇيغۇرلىرىدىن. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋە مەشھۇر رەسسام.

بيې لوشا （别罗沙） — يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر شائىرى.[73]

داۋتۇڭ （道童） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان قوچولۇق ئۇيغۇر شائىرى ۋە خەتتات.[74]

بيې لىشا （别里沙） — ئاتا - بوۋىسى جىمسىاردىن بولغان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر.

دادۇلۇ （大都闾） — بەشبالىقلىق شائىر، يۈەن دەۋرىدە ياشىغان.

تېگىن ساڭيا （的斤苍崖） — يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ «خۇاڭشەن» （黄山） ناملىق داڭلىق شېئىرى بار.

دىڭ گونيەن （丁鹤年，1335 - 1424）، داڭلىق شائىر.

بايان تۆمۈر （伯颜帖木儿） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان شائىر.

تۆمۈر （铁穆尔） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان شائىر.

نارون بۇقا （纳鹿 不花） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان شائىر.

يۈسى تۆمۈر （月思帖木儿） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان شائىر.

چۇس كىسخودزىر （捌思吉斡节儿） — يۈەن دەۋرىدە ياشىغان

مەشھۇر فىلولوگ، موڭغۇلشۇناس. ئۇ موڭغۇل تىلىغا دائىر « يۇرەك چەمبىرىكى» (心擤) ياكى گرامماتىكا ناملىق بىر كىتاب يېزىپ ، [75] موڭغۇل تىلىنىڭ گرامماتىكىسى، ئىملاسى توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان.

كوكو (巎巎، 1295 ـ 1345) — تەخەللۇسى ـ زى شەن (子山). يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى ۋەزىر بۇخۇمۇ (不忽木) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى. قاڭلى (康里) قەبىلىسىدىن. تارىخشۇناس چېيەن بوچۈەن (钱伯泉) «غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان جەمەتىنىڭ يۆتكىلىشى» ناملىق ماقالىسىدا قاڭلىلارنى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلار دەپ ھېسابلىغان [77]. ئۇ يەنە قاڭلى كوكو دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. كوكو داڭلىق شائىر ۋە خەتتات. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «خۇاڭيۈەن مەنزىرىلىرى» (皇元风雅)، «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما دەۋرىلىك توپلام» (元诗选癸集) غا كىرگۈزۈلگەن. كوكونىڭ «ئەجدىھاغا كايىش» (谪龙说) ناملىق ئەسىرى بولغان. كوكو خەنزۇ تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەر يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىمۇ قالتىس ئىدى. مەسىلەن، «قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» (高昌王世勋之碑) ناملىق داستان خاراكتېرلىك يادنامىنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى كوكو يازغان. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، تۈركىيىلىك ئالىم رەشىت راخما ئارات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىدىكى 19 ـ 20 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدە تىلغا ئېلىنغان كى كى (KiKi) نى كوكو بىلەن بىر ئادەم ھېسابلىغان [78]. مۇشۇ كىتابقا ئاساسلانغاندا، كى كىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ دەۋردە يەنە نۇرغۇن ئاپتورلار ئۆتكەن.

مىڭ (1368 — 1644)، چىڭ (1644 ـ 1911) سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەرلەر يېزىشقان. بۇلاردىن سارۇڭ (XVII ئەسىر)، سا يۇخېيڭ (XVII ئەسىر)، ساچالۇن (XVII — XVIII ئەسىرلەر)، سالوڭتيەن، ساداۋىن،

سادا نيەن، سادازى (XIX ئەسىر) قاتارلىقلار بار.

خەنزۇ تىلى يىراق ھىرات شەھىرىدە ياشاپ، ئىجادىيەت سەھنىسىدە جەۋلان قىلىشۋاتقان ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىنىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان. ئۇ بىر غەزىلىدە بىر مۇنچە خەنزۇچە سۆزلەرنى قاپىيە ئورنىدا ئىشلەتكەن. مەسىلەن:

باھارنىڭ كۆنلىرى كەلمىش كېتىپ باردۇ جۇ چۇ،
نە بولسا گۈلشەن ئارا بۇ نازاكەتنىڭ پىڭيۇ.
يۈزۈڭدىن خىۋار ئاچىلمىش لەبلىرىڭ يىڭتو،
كەرەشمىسىدىن جاھان ئارا ئىچىگە سالدىڭ غۇلغۇلۇ.
مەيلى بولسۇن يەھۇدى ـ ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ،
لەتافىتىڭ ئىچىدە قەددى ـ قامىتىڭ خېڭتو.
نىگارىم ۋەسلىنى ئىزلەپ قىشىڭغا لەيمۇ بۇلەي،
ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي كىشى بىلەن نە ئىشىڭ،
خىتاي يوسۇنىدا باردۇر لوتو جەنلى مويۇ.
نەۋائى يىغ تىلىڭنى ھەر تۇرلۇك بالالاردىن،
بۇ دەۋرى پانى ئارا لائىلاھە ئىللاللاھۇ. [79]

تارىخ XX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىغا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى. بۇ يىللاردا خەنزۇ تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن.

بۇ ئەسىردە خەنزۇ تىلىدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ شۆھرەت قازانغانلار ئىچىدە مەمتىمىن توختايوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەكبەر غۇلام، غەيرەت ئاسىم قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاپتورلاردىن روشەن بىر پەرقى، بۇلار ئۆز تىلىدىمۇ ئەسەر يازىدۇ.

مەمتىمىن توختايوپ 1945 ـ 1946 ـ يىلى قەشقەردە «قانلىق يەر» ناملىق بىر رومانىنى يازغان. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلدۇرۇش

ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1951 ـ يىلى «غەربىي شىمال ئەدەبىيات سەنئىتى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان. مەھمۇدجان ئىسلامىنىڭ قايتا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن بۇ رومان 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئابدۇكېرىم خوجا ۋە ئەكبەر غولاملار 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ھەم خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە بىمالال ئىجادىيەت قىلغان تالانتلىق ئاپتورلاردىن بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بۇيان بۇ سەپكە غەيرەت ئاسىم دېگەن بىر ياش ئاپتورمۇ قېتىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىتابخان ئەدىبنىڭ قوش تىللىق ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچلىرىدىلا ھەر خىل ئالاقىدە بولغان. بولۇپمۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر دەۋردىن تارتىپ، تارىختىن كېيىنكى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىنى مۇھىم بىر پائالىيەت سورۇنى قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى خەنزۇلار بىلەن قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ، شانلىق تارىخ يارىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ـ مەرىپەت سەھىپىسىگە مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە قوشۇپ، شەرق مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى» بولۇشقا ھەسسە قوشقان.[80]

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا سۆپەتلىك ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغىنىدىن باشقا، خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇلارنىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشىنىپ قويۇش ئوشۇقچە ئىش ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ بۇددا دىنى راسا گۈللەنگەن بىر دەۋر بولۇپ، بۇ خىل ھالەت تەرجىمە

ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. جۈملىدىن بۇددا دىنىغا دائىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش قوچو ئۇيغۇرلىرى، خىشى ئۇيغۇرلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئېقىمىغا ئايلانغان. بۇ دەۋردە سانسكرىت، توخرى (جۈملىدىن كۈسەن ۋە كىنگىت تىللىرى دىئالېكتىلىرى) تىلىدىن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا، خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنىنىڭ بارلىق نوم ـ سۇترىلىرىلار ئەمەس، بەلكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم بىتىگ» ( 大藏经 ) نىڭ ئىچىدىكى سۇترا ( 经 ) بىلەن ئابىدارما ( Abhidarma 论 ياكى Šastra ) لارنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. [81]

تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق نوم ـ سۇترىلارنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتى خەنزۇ تىلىدىكى نوم سۇترىلاردىن تەرجىمە قىلىنغان. [82]

خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلار

1. «ئالتۇن يارۇق» ( 金光明经 )
2. «گۇەن شى پۇسار» ( 妙法莲花经 )
3. «ئامىتابا سۇترا» ( 阿弥陀经 )
4. «نىلۇپەر سۇترىسى» يەنى «لىن خۇا چەچەك ئۇزەكى ئىتىگى يارا تىغى ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگ» ( 花严经 )
5. «كىمكوكى، ۋا مىراس چېتىكە سۇترا» ( 金刚经 )
6. «پراجنائا پارامىتا سۇترا» ( 般若波罗密多经 )

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەزمۇندىكى كىتابلارمۇ تارىخنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

خەنزۇچە كلاسسىك دەستۇرنىڭ شىنجاڭدا ئوقۇتۇلۇپ تۇرۇلغانلىقىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلار بار. مەسىلەن:

شىمالىي جۇ خانلىقى ( مىلادىيە 557 ـ 581 ـ يىللار ) نىڭ يىلنامىسى بولغان «جۇنامە» نىڭ 50 ـ جىلد قوچو تەزكىرىسىدە مۇنداق

دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ يەنى خۇ ( 胡人 — غۇزلار، نەقىلچىدىن) لارنىڭ ... يېزىقى خۇاشيا (خەنزۇ) لارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەنزۇ يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. ‹ماۋ نەزمىلىرى› ( 毛诗 )، ‹ۋاپادارنامە› ( 论语 )، ‹مۇھاكىمە ۋە بايان› ( 孝经 ) ناملىق كلاسسىك كىتابلار مەخسۇس خانلىق مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ».

سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەندە يازغان ئەلچىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «بۇددا ساڭرامىلىرى 50 تىن ئارتۇق ئىكەن، ساڭراملاردا تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان ‹ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم بىتىگ› ( 大藏经 )، ‹تاڭ نەزمىلىرى› ( 唐韵 )، ‹قاش تېشى سۇترىسى› ( 玉篇 )، ‹نوم كالاملىرى تەلەپپۇزى› ( 经音 ) قاتارلىق كىتابلار بار ئىكەن» دېيىلگەن.[83]

قوچو رايونى ۋە تارىم بوستانلىقلىرىدىكى ھەر قايسى قەدىمگاھلاردىن تېپىلغان ئاسار ئەتىقىلەر ئىچىدە خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر ۋە ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە دەرسلىك ماتېرىياللارمۇ خېلى بار.

چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» ( 学堂 ) مائارىپىنى يولغا قويۇپ، خېلى كۆپ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە بىلگەنلىرى تىلماچلىق ياكى ئەمەلدارلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىسىنى قوشۇشتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ مەمۇرىيەت تىلى خەنزۇ، مانجۇ تىللىرى بولغان. ئەمما ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بولغاچقا، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈلگەن. بولمىسا خەنزۇ، مانجۇ تىللىرى ئەمەلدارلار ئارا ئالاقىدە قوللىنىش بىلەن چەكلەنگەن.

مىنگو يىللىرى (1911 ـ 1949 ـ يىللار) دا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى بىلىشى ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆسۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى باشقۇرغان يېڭىچە مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغانلىقى ئالاھىدە يېڭىلىق بولغان. ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە ماسلىشىش ئاساسىدا بولغان دېگەن تۈزۈك. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرى تەڭ ئىشلىتىلگەن. ئەمما خەنزۇ تىلى يەنىلا دۆلەت تىللىق ئورنىدا بولغان.

مائارىپ ئىشلىرىدا شۆتاڭ مائارىپى، مەدرىس مائارىپى ۋە يېڭىچە پەننىي مائارىپتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. شۆتاڭ مائارىپىدا خەنزۇ تىل ـ يېزىقى ئاساس قىلىنغان. ئەمما، بۇنىڭدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك ئاز بولغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىر ناھىيىدە بىر ياكى بىر قانچە سىنىپ ئوقۇغۇچى ئاران دېگەندە قەرەللىك ئوقۇغان. ئىسلام مەدرىس مائارىپى يەنىلا ئەنئەنىۋى مائارىپ ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئۇيغۇر تىلىدا بولغاندىن باشقا، «قۇرئان» غا مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەرنى ئۆلۈك يادلاش ئاساس قىلىنغان. يەنە پارسچە ئەسەرلەرمۇ ئۇنلۇك ئوقۇلغان. ئىپتىدائىي مەكتەپ باسقۇچىدا ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئوقۇشلۇقلارنىڭ مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمىغان.

ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەدرىس مائارىپى باسقۇچىدا رەسمىي ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەرەب، پارسچە كىتابلار بىردەك دەرسلىك قىلىنغان. مۇتالىئە ۋە تەفسىر ـ شەرھىلەر بولسا ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلگەن.

يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە بولسا ئۇيغۇر تىلى ئاساس، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش باشقا ئادەتتىكى دەرسلەر قاتارىدا بىر خىل پەن شەكلىدە ئۆگىتىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى، گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت

تېپىشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۆزىنىڭ يۇكسەك قەدىر ـ قىممىتىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچى ئىككى تىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەن ئېلىندى. ئۇيغۇر تىلى جۇڭگودىكى بەش چوڭ مىللەتنىڭ بىر تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق پۇلىغا بېسىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن ئۇيغۇر كادىرلىرى، زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىق كىشىلەر خەنزۇ تىلىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى بىر تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە خىزمەت قىلدۇرماقتا.

## 2. پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر

پارسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي، مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار بىلەن تۇركىي تىللىق خەلقلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار يىراق ئۆتمۇش زامانلاردىن باشلاپلا ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن. بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتى، تىللىرىنى ئۆگىنىشكەن. پارسلارغا تەئەللۇق نۇرغۇن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۇركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان. تۇركىي تىللىق خەلقلەرگە مەنسۇپ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاشلا پارسلار ئارىسىغا تارقالغان. شۇڭا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بەزى بەدىئىي ئوبرازلار ئىككى خەلق ئارىسىدا پاراللېل ھالدا تارقىلىپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ روشەن بىر مىسالى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تىلى لېكسىكىسىدا پارس تىلىدىن كىرگەن كۆپلىگەن سۆز ـ ئاتالغۇ بار. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۇرك»، نەۋائىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بىر مۇنچە تۇركىي سۆز ـ ئاتالغۇلار پارس تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. مۇنداق ئۆزئارا تەسىر مەدەنىيەتنىڭ يەنىمۇ يۇكسىلىشىدە تۇرتكىلىك رول ئوينىغان. دېمەك، «تۇركىي تىل بىلەن پارس تىلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر ـ بىرىگە يانداش بولۇپ، غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمران تىللار ئىدى. بۇ ئىككى تىل قەدىمكى

زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، نۆۋەتلىشىپ كەلگەن؛ شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئامىللىرىنى بىر - بىرىگە سىڭدۇرۇپ كەلگەن. »[84] ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىنى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەمىر - پەرمان، خەت - چەكلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىدا بىۋاستە ئەسەر يازغانلىقىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇنى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلاپ سۈرۈشتە قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىمۇ بار. چۈنكى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى قوۋملاردىن بىر بۆلىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ياكى شۇ تىلنى قوبۇل قىلغان قوۋملار»[85] دىن ئىدى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى يارىتىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىنغان زامانلاردىن سۈرۈشتە قىلىشقا ئۆتكەن تەقدىردە، قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىشلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى يەكەن، خوتەن رايونلىرىدىن بىر قىسىم خەت - ئالاقە، ھۆججەتلەرنى تاپقان. بۇلار قارا خانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىق بولۇپ، بۇلاردا ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى خاتىرىلەنگەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئالىملار قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئەرەب تىلى، تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ۋە پارس تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئەدەبىي تىلنى بىرلىكتە قوللانغان. بۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ ھەممىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن. تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن[86] دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دېمەك، بۇ دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار، ئاشۇ زامانلاردا ئۇيغۇر ۋە باشقا قاراخانىيلار ئاھالىسىنىڭ پارس تىلىنىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى، تارىخىي ئەسەرلەر

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پارس تىلىدا يازغان تارىخىي ئەسەرلىرىنىڭ يىل دەۋرى ناھايىتى بۇرۇن بولۇپ قالماستىن،

بەلكى سانىمۇ ئەڭ كۆپ. قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردىن مىلادىيە 581 ـ يىلى تاشقا ئويۇپ تىكلەنگەن «بۇغۇت مەڭگۇ تېشى» نى تىلغا ئالىمىز. بۇ تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما سوغد تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مىلادىيە 808 ـ 821 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر قاغانى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان» نىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» نىڭ بىر تەرىپى سوغد تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سوغد تىلى دېگىنىمىز ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ھىندى ـ ئىران تىلى ئائىلىسىنىڭ ئىران تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، [87]پارس تىلى بىلەن بىر ئائىلە تىلىغا تەۋە. يەنى ئەينى چاغلاردا پارس تىلى بىلەن سوغد تىلى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ ئەمەس ئىدى.

كېيىنكى زامانلاردا شىنجاڭدا ياشىغان ئۇيغۇر ئاپتورلار ئارىسىدا خېلى كۆپ تارىخىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

«تارىخىي رەشىدى» ئىككى توملۇق ئەسەر، 1 ـ تومى ھىجرىيە 948 ـ (مىلادىيە 1541 ـ 1542) يىللىرى، 2 ـ تومى ھىجرىيە 952 ـ (مىلادىيە 1545 ـ 1546) يىللىرى يېزىلغان. ئاپتورى مىرزا ھەيدەر (1500 ـ 1501) يەكەن خانلىقىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ھەم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى. «تارىخىي رەشىدى» كەشمىردە يېزىلغان ئەسەر. 1541 ـ 1545 ـ يىللىرى مىرزا ھەيدەر يەكەن خانلىقىدىن ئايرىلىپ، كەشمىردە يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىللەپ تۇرىۋاتقان يىللار ئىدى. ئەينى چاغدىكى يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان بولغاچقا، ئاپتور كىتابىنى ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلاپ «تارىخىي رەشىدى» دەپ ئاتىغان. مىرزا ھەيدەر دوغلات قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قەبىلە ئەينى چاغدا قەشقەر تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان ھەم قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، مىرزا ھەيدەر «XIV ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسى ۋە ھەربىيشۇناسى» [88]بولۇشقا مۇناسىپ.

«ئوۋەيسنامە». بۇ ئوۋەيسىيە مەزھىپى ھەم ئەقىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھەم دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەر بولۇپ[89]، ئۇنى مۇھەممەد شېرىپ (1470 ـ 1565) يەكەندە يېزىپ چىققان. مۇھەممەد شېرىپ يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ دىنىي ئۇستازى، ئوۋەيسىيە مەزھىپىنىڭ ئىجادچىسى ئىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى يەكەندە.[90]

«تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس» (1672 ـ 1676)، «ئانىسىت تالىبىن» (1696 ـ يىل) بۇلارنى يەكەندە ياشىغان داڭلىق تارىخچى مەھمۇد جوراس (شاھ مەھمۇد بىننى مىرزا فازىل جوراس ياكى مىرزا مەھمۇد بىننى مىرزا فازىل جاراس ـ جوراس ـ چاراس، 1620 ـ 1698) يازغان. جاراس موغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، بۇ قەبىلە چاغاتاي خانلىقىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، مەھمۇد جاراس ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي كاتېگورىيىسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.[91]

«ئىبىسلىزادە باتۇرنىڭ ئاجايىباتلىرى» (بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەمەس، تىلدىن تىلغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مەنە تەرجىمىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن). بۇنى مەھمۇد بىننى ۋەلى 1641 ـ يىلى يېزىپ چىققان[92]. بۇنىڭدا يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن ئابدۇللاخان قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن.

«زۇبدەتۇل نەمائىل». بۇنى تەخمىنەن XVIII ـ ئەسىرلەردە مەۋلانە مۇھەممەد سىدىق يېزىپ چىققان.[93]

«رىيازۇل مۇزەككىرىن». بۇنى 1770 ـ يىلى ئاخۇن موللاكالان يېزىپ چىققان.[94]

«ھىدايەتنامە» («تەزكىرە ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئى خوجە ئافاق») بۇنى مىرخالىدىن كاتىپ قازى شاھ (كىچىك) يەركەندى 1730 ـ يىلى يېزىپ چىققان.[95][96]

«نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قازى». ئاپتورى خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەركەندى. بۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن يېزىلغان.

«مەجمۇئەتۇلمۇھەققىن» (مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى). ئاپتورى ۋە يېزىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتابنى ھىجرىيە 1103 ـ (مىلادىيە 1696 ـ 1697) يىلى مۇھەممەد سادىق ياڭىھىسسارى تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىپ «تەرجىمەئى مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» دەپ نام بەرگەن.[97]

«تەزكىرەئى بۇغراخان». بۇنى مۇھەممەد گۇدا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم (لەقەبى خوجا گۇدا) ھىجرىيە 1193 ـ (مىلادىيە 1769 ـ يىلى) يىلى يازغان. خوجا گۇدا يەنە جوجا مۇھەممەد شىرىپ يەركەندى يازغان «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى» نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ 1786 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولغان. بۇ ئەسەر «تەزكىرەئى بۇغراخان» نامى بىلەن 1829 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن.

«تەزكىرەئى خوجاكان». بۇنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى (1725 ـ 1850) ھىجرىيە 1182 ـ (مىلادىيە 1770 ـ يىلى) يازغان[98]. مۇھەممەد سادىقنىڭ تەزكىرىچىلىككە بېغىشلانغان يىرىك ئەسىرىدىن ئىككى پارچىسى بار. بۇنىڭ بىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (بۇ «تەزكىرەئى جاھان»[99] ياكى «تەزكىرەئى جاھان، تەزكىرەئى خوجا جاھان»[100] دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ھىجرىيە 1182 ـ (مىلادىيە 1768 ـ) يىلى يېزىلغان[101]، [102]. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىنى قايتا ـ قايتا تۈزەتكەن. 1817 ـ يىلى بۇ ئەسەر ئۈستىدە قايتا ئىزدىنىپ، ئۇنى داستان شەكلىگە كەلتۈرگەن؛ يەنە بىرى «تەزكىرەئى خوجىكان». بۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» نى ئاساس قىلىپ، كېڭەيتىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇپ[103]، ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى بولغاندىن باشقا، شەرقشۇناس ئا. ئا. سىمونوۋنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا ئۇنىڭ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قەلەمىگە مەنسۇپ پارس تىلىدا يېزىلغان ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار.[104]، [105]

«تەزكىرەئى ئابدۇل مانان». بۇ ئەسەر شىنجاڭدا تەخمىنەن XVII ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورى ئابدۇشكۇر.[106]

«جالىس ئەل مۇشتەققىن». بۇنىمۇ تەخمىنەن XVII ـ ئەسىردە شاھ

مۇھەممەد پەيرەۋى يېزىپ چىققان. [107]
«تەزكىرەئى پىرياران». بۇنى 1811 ـ يىلى موللا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۇچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرى بىرلىشىپ يازغان. [108]
«چوڭ خوجا تەزكىرىسى». ئاپتورى نامەلۇم، تەخمىنەن XVIII — XIX ئەسىرلەردە يېزىلغان. [109]
«دۇررۇل مەجالىس». بۇنى 1910 ـ يىلى گۇمىلىق مۇئەللىپ موللا مۇھەممەد توختى ئىبنى تۇردۇش يېزىپ چىققان. [110]
«نەفەھاتىل ئۇنس». بۇنى ئابدۇراخمان ھاجى 1915 ـ يىلى يازغان. تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان.
ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەر
ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇلارنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىشاق مۇنداق بولىدۇ.
تۈركىي كىشى ئەيلاقى X — IX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يەنى قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان [111]. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھىسامىدىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى دېگەن بىر ئالىم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەرەب، پارس، تۈرك تىلىدا ئەسەر يازغان. بۇ دەۋردىكى لىرىك شائىر مۇھەممەد خارەزمى 1353 ـ يىلى يازغان «مۇھەببەتنامە» دېگەن داستانىنىڭ سەككىز پارچىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا، ئۈچ پارچىسىنى پارس تىلىدا يازغان. تۆمۈرىيلەر دۆلىتى (1370 ـ 1507) ۋاقتىدا خوراسان ۋە ماۋارەئۇننەھردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن لۇتفى (1366 ـ 1465)، ئەھمەد ھاجىبەگ، شاھ قولى ئۇيغۇر، يۇسۇپ ئەمىرى قاتارلىقلار پارس تىلىدا شېئىر يازغان. لۇتفىنىڭ پارسچە شېئىرلىرىنىڭ داڭقى ئىراق ۋە خوراساندا كەڭ تارقالغان. لۇتفى، يۇسۇپ ئەمىرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىمۇ بار. ئۇلۇغ شائىر نەۋائى (1441 ـ 1501) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە تىكلىگەندىن باشقا، تاجىك ـ پارس تىلى بىلەنمۇ بىر قاتار ئەسەرلەرنى يازغان.

«دىۋانى فانى» (1499 ـ يىلى) خوجا ھافىز ئۇسۇلى بويىچە ئالتە مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (ئەلىشىر نەۋائى سۆزى) دىۋان بولۇپ، 11 قەسىدە، 485 غەزەل، بىر مۇسەددەس، بىر تەرجىبەند، 36 قىتئە، 68 رۇبائىي، 16 ماددەيى تارىخ[112]، ئالتە لوغىز[113]، 500 دىن ئارتۇق مۇئەممما كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ ھەرخىل قول يازما نۇسخىلىرى پارىژ، ھىرات، تېھران ۋە ئەنقەرەدىكى ئىلمىي ئورگانلاردا ساقلانماقتا.

«مۇنشەئات» (مەكتۇپلەر) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاساسلىق قىسمىمۇ پارس تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ھۇسەيىن بايقارا ۋە باشقا زامانداشلىرى بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلىرى كىرگۈزۈلگەن.

«خەمسەتۇل مۇتەييىرىن» (كىچىككىنە يېزىلغان خەمسە). بۇ ئاساسەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا جامىنىڭ نەۋائىغا ئەۋەتكەن 15 پارچە مەكتۇپى ۋە نەۋائىنىڭ يوللىغان 13 پارچە مەكتۇپى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەردە ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ بىر ـ بىرىگە جاۋاب تەرىقىسىدە پارس تىلىدا يېزىشقان رۇبائىي، قىتئە ۋە بېيىتلىرىمۇ بار.

«تۇھفەتۇل ئەفكار» (تەپەككۇر سوۋغىسى) داڭلىق قەسىدىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا شائىرنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ـ تەربىيىۋى قاراشلىرى، ئىرپانىي مەسىلىلىرىگە بولغان تونۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نەۋائىنىڭ يەنە پارس ـ تاجىك تىلىدا يازغان «رىسالەئى تىرەنداز» (ئوقيا ئېتىش رىسالىسى)، «مۇفرەداد» («رىسالەئى مۇئەممما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسەرلىرى بار.[114]

ئۇلۇغ شائىر نەۋائى ئاساسى بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئېلىپ بارغان ھەم «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسەر يېزىپ، تۈركىي تىل بىلەن پارس ـ تاجىك تىلىنى بەدىئىي نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىل بىلەن گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق يارىتىش زۆرۈرلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پارس ـ تاجىك تىلىغىمۇ يۇكسەك ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىشنى چەتكە قايرىپ قويماي،

بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى تىلدا يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلىرىدە «نەۋائى»، پارس — تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرىدە «فانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان ۋە «زۇللىسەنائىن» (ئىككى تىللىق شائىر) دەپ شۆھرەت قازانغان.

بەزى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، نەۋائى دەسلەپكى غەزەل ئىجادىيىتىنى پارس تىلى بىلەن باشلىغان. ئومۇمەن، نەۋائىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنى تىلدىن باشقا شەكىل، ژانىر، ئۇسلۇب، ئەنئەنە، مەزمۇن قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

نەۋائى ئۆزىنىڭ بىر قاتار پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى بىلەن پارس ـ تاجىك ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.

نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۆز زامانىسىدا نامى چىققان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەدىبلەردىن 459 نەپىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن 35 نەپەر ئەتراپىدىكىسى تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغان بولسا[115]، قالغانلىرى تاجىك ـ پارس تىلىدا يېزىشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىي قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ بىر مۇنچە ئەدىبلەر بار.

يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1680) دەۋرىدە سەئىدخان (1486 ـ 1533)، ئابدۇرەشىتخان (1510 ـ 1560) قاتارلىق خانلار پارس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شېئىر يېزىشقان[116]. خوجا ناسىر ئاخۇن دېگەن شائىر بولسا، ئابدۇللىتىپ 1618 ـ 1619 ـ يىللىرى خانلىق تەختىگە چىققاندا، ئۇنى تەبرىكلەپ پارس تىلى بىلەن رۇبائىي يېزىپ چىققان[117]. ئوچتۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان تارىخچى موللا خۇدابەردى خەلپە 1877 ـ يىلى يازغان «سىلسىلەتۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق كىتابىدا زىلەيخا بېگىم (1608 ـ ؟) دېگەن بىر شائىرە ۋە تەرجىمان توغرۇلۇق توختىلىپ: «زىلەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى، شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابتا ئېيتىلىشىچە، زىلەيخا بېگىم پارس

شائىرى ھاپىز شىرازى (1300 ـ 1390) نىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم ئۇلارنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ مۇتالىئە قىلغان. زىلەيخا بېگىم قەشقەرلىك شائىرە ئىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قەبرىسى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى قارا ساقال كەنتىدە.

«سىلسىلەتۇز زەھەب» تە يەنە ئاپپاق خوجىنىڭ ئايالى خانىم پادشاھ بىلەن يەكەن قازىسى ئابدۇلباقى ئاخۇننىڭ ئاغىچىسى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلغان پارسچە شېئىرلار بېرىلگەن ھەمدە يەكەن قازىسى ئابدۇلباقى ئاخۇننىڭ ئاغىچىسىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان تولغان شائىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان[118]. ئەپسۇسكى، بۇ ئايالنىڭ نامى بۇ كىتابتا ئېيتىلمىغان.

«ئەشئار دەرنىئەت ھەزرەتخان خوجام پادشاھ». ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى، پارسچىنى نەجمىدىن ۋە غىياسى، ئۇيغۇرچىسىنى مۇھەممەد سالىھ يەركەندى يازغان. يەنە باشقا ئاپتورى نامەلۇم شېئىرلارمۇ بار. بۇ ئەسەر 1864 ـ 1865 ـ يىللىرى يېزىلغان. [119]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا XVII — XX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان زەلىلى (1676 — 1756) [120]، ئەرشى (1685 ـ 1756) [121]، گۇمنام [122]، غۇربەتى، [123]ناقىس (1840 ـ 1920) [124]، موللا مۇسا سايرامى (1836 ـ 1917) [125]، تەجەللى (1856 ـ 1925) [126]، ئىسمائىل ھاجى (1867 ـ 1950) [127]، ئابدۇكېرىم زىيائى (? ـ1899 ـ يىلى) [128]، شەمشىدىن داموللام (1874 ـ 1933) [129]، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم (1896 ـ 1934) [130]، [131]قاتارلىقلار بىر قىسىم شېئىرلىرىنى پارسچە يازغان. شائىر ئاقسۇ ئايكۆللۈك موللا شاكىر (1805/7 ـ 1870) «زەپەرنامە» دېگەن داستانىنى دەسلەپ پارسچە يازغان. كېيىن، 4380 مىسرا قىلىپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن قايتىدىن ئىشلەپ چىققان. [132] داستان 1866 ـ يىلى تاماملانغان. ھەتتا XX ئەسىردە ياشىغان شائىرلاردىن دانىش ھەنەفى (1898 ـ 1970) [133]، ئەھمەد زىيائى (1913 ـ 1989،

1928 ـ يىلى قەشقەردە يازغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى)[134]، ئەھمىدى (1907 ـ 1941)[135]، شەھىدى (1907 ـ 1978)[136]مۇ بەزى ئەسەرلەرنى پارسچە يازغان.

تۆتىنچى، لۇغەت، پەلسەپە، دىن ۋە تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەر

«سۇراھۇل لۇغەت» (Alsurahfial Lugha). بۇنى جامال قارشى ھىجرىيە 681 ـ (مىلادىيە 1282 ـ 1283) يىلى يازغان. جامال قارشى (ئەبۇ ئەل فادىل ‹فازىل›، بىن مۇھەممەد، 1230 ـ 1315 ـ يىللىرى ياشىغان)[137] ئۇيغۇر تارىخچىسى بولۇپ[138]، ئالمىلىقتا تۇغۇلۇپ، 662 ـ (مىلادىيە 1263 ـ 1264) يىلى ئالمىلىقتىن قەشقەرگە كېلىپ پائالىيەتتە بولغان. قەشقەردىكى بىر مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۈركىي ئالىم جەۋھەرى (DJawhari)[139] ئەبۇ ناسىر ئىسمائىل)[140] نىڭ «ساھاھ» (Alsahah ياكى Alsihah) ناملىق كىتابىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھىجرىيە 681 ـ يىلى (مىلادىيە 1282 ـ 1283) ئەرەبچە يېزىلغان بۇ لۇغەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن پارس تىلى بىلەن يۇقىرىقى لۇغەتنى يېزىپ چىققان.

سەئىددىن قەشقەرى (1377 ـ 1456) قەشقەردە[141] ئۇلۇغلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان[142]. ئۇنىڭ دادىسى زەيىندىن كاغراقى (قەشقەرى) ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى ئىدى. سەئىددىن قەشقەر ۋە بۇخارا، خۇراسان رايونىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان ھەم كاتتا ئالىم، مۇددەرىس بولۇپ تونۇلغان. ئۇ پارس ۋە ئەرەب تىلى بىلەن «مۇنيەتۇل مۇسەللى ۋە غەينەتۇل مۇفتەدە»، «تۆھفەتۇل مۇسەللى، مۇنيەتۇل مۇسەللى»، «كەلىمات خوجا باھائىددىن»، «رىسالەئى لەتائىف»، «ۋۇجۇتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. پارس تىلىدا يېزىلغان «تۆھبەتۇل مۇسەللى، مۇنيەتۇل مۇسەللى» ناملىق كىتابى 1986 ـ يىلى يېڭى دېھلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ 15 پارچە ئەسىرىنىڭ قوليازما نۇسخىسى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خادىملارنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. زەيىندىن كاغراقىنىڭ ئەۋرىسى شەيخ ئالەمدىن «مۇناقىپ خوجا زەيىندىن»، سەئىددىن كاشغەرىنىڭ نەۋرىسى مەۋلانە مىر فازىل

«سىررەل ئەسرار» ناملىق كىتابىنى پارس تىلىدا يازغان.[143]
تەجەللى «تۆھبەتۇل بەررەين» دېگەن ئەسىرىنىڭ بەزى قىسىملىرىنى پارسچە يازغان.
تارىخچى ئىبىن ئەرەبشاھ (1388 ـ 1450) نىڭ بايانىغا قارىغاندا تۈركىي ئالىم ئابدۇلقادىر مەراغالى 1418 ـ يىلى «مەقاسىدۇل ئەلخۋان» (ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى) ناملىق ئەسىرىنى پارسچە يازغان.[144]
شىنجاڭدا پارس تىلى بىلەن يېزىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەر خېلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن «دەستۇرۇل ئىلاج» (داۋالاش دەستۇرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.
بۇنى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان داڭلىق تېبابەت ئالىمى ھەكىم سۇلتان ئەلى مىلادىيە 1520 ـ 1533 ـ يىللىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن پارس تىلى بىلەن يېزىپ چىققان، كېيىن يەنە پادشاھ قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا ئايلاندۇرغان. بۇ كىتاب بىر مۇقەددىمە، ئىككى ماقالە (بۆلۈم) دىن تۈزۈلگەن.[145]
بەشىنچى، پارس تىلىدىكى ئەسەرنىڭ نامىغا ئوخشىتىپ نام قويۇلۇپ يېزىلغان ئەسەرلەر
ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن شىنجاڭدا ياشىغان ئاپتورلار ئىجادىي تەقلىد قىلىش ياكى مەقسەتسىز يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ نامىنى پارس تىلىدىكى ئەسەرلەردىن، قىسمەنلىرىنى ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلەردىن ئېلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: «قىسسەسۇل ئەنبىيا» بۇنى رابغۇزى (تەخمىنەن 1279 ـ 1351 ـ يىللىرى ياشىغان) 1310 ـ 1311 ـ يىللىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇنداق نامدىكى ئەسەرنى دەسلەپ مىلادىيە XII ئەسىردە ياشىغان ۋاھاب ئىبنى مۇنەببەھ ئەرەب تىلىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ئىسھاق نىشاپۇر پارس تىلىدا يازغان[146]. موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر روزى قەشقەرىمۇ ھىجرىيە 1262 ـ يىلى (1845 ـ 1846) مۇشۇ نام بىلەن بىر ئەسەر يازغان.
«زۇبدەتۇلتەۋارىخ». بۇ خىل نام بىلەن دەسلەپ تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى

(1370 ـ 1507) نىڭ تارىخچىسى ھاپىز ئەبرۇ (؟ ـ 1430) پارس تىلىدا تارىخىي ئەسەر يازغان. ئەلىشىر نەۋائىمۇ شۇ نام بىلەن ئەسەر يازغان.

«مەنتىقۇتتەير» (قۇش تىلى). بۇ پارس ـ تاجىك شائىرى پەرىددىن ئەتتارى (1145 ـ 1229) نىڭ ئەسىرى، ئەلىشىر نەۋائى پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرگە مەپتۇن بولۇپ، 1498 ـ 1499 ـ يىلى «لىسانۇتتەير» (قۇش تىلى) ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، خوتەندە ياشىغان شائىر ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ 1774 ـ 1775 ـ يىلى «مەنتىقۇتتەير» نامىدا يېڭى بىر داستان يازغان. [148]

«لەيلى ۋە مەجنۇن». بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان رىۋايەت بولۇپ، كېيىن ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1209)، ھىندىستاندا ياشىغان تۈركىي تىللىق شائىر خۇسرەۋ دېھلىۋى (1253 ـ 1325) [149]، ئابدۇراخمان جامى (1414 ـ 1492) لار پارس تىلىدا يېزىپ چىققان. ئەلىشىر نەۋائى، يەكەن خانلىقىدىن كېيىن ياشىغان شائىر موللا فازىل (1653 ـ ؟)، ئابدۇرەھىم نىزارى قاتارلىقلارمۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» نامىدا ئايرىم داستان يازغان.

«زەپەرنامە». داستاننى دەسلەپ ئەمىر تۆمۈر (1336 ـ 1405) نىڭ تارىخچىسى مەۋلانە شەرىپىددىن ئەلى يەزدى 1419 ـ يىلى پارس تىلىدا يازغان. يەنە 14 ـ 16 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان نىزامىددىن شەمئىمۇ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسەر يازغان. ئاقسۇلۇق شائىر موللا شاكىرمۇ دەسلەپ «زەپەرنامە» نامى بىلەن پارسچە داستان يېزىپ، 1866 ـ يىلىغا كەلگەندە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قايتىدىن داستان شەكلىدە يېزىپ چىققان. [150]

«سىلسىلەتۇززەھەب». ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسىرى. ئوتتۇرپان ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان تارىخچى موللا خۇدابەردى خەلىفە مۇشۇ ماۋزۇدا ئۆزگىچە بىر تارىخىي ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ تولۇق نامى «نەفاھەتى ئۇنس ۋە سىلسىلەتۇززەھەب» بولۇپ قىسقارتىلىپ «سىلسىلەتۇززەھەب» دەپ ئاتالغان [151]. بۇنىڭ تىلى چاغاتاي

ئۇيغۇر تىلى.

«چاھار دەرۋىش» . بۇنى خۇسرەۋ دىھلىۋى پارسچە يازغان. XVIII — XIX ئەسىرگە كەلگەندە ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە نورۇز ئاخۇن زىيائى دېگەن ئىككى نەپەر قەشقەر شائىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «چاھار دەرۋىش» نامىدا يېزىپ چىققان. [152]

«ئىسكەندەرنامە» . ئابدۇراخمان جامىنىڭ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان پارسچە بىر ئەسىرى بار. 19 ـ ئەسىردە يەكەندە ياشىغان شائىر زاھىد ئاخۇن پازىلباي 1881 ـ 1882 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ نام بىلەن بىر ئەسەر يازغان. [153]

«يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» . بۇ ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسىرى. يەكەندە ياشىغان شائىر موللا يۇنۇس 1807 ـ يىلى مۇشۇ داستان ئاساسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى بىر داستان يازغان. ئۇنىڭ ھەر خىل قولىيازمىلىرىنىڭ بىرىدە «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» [154]، بىرىدە «مۇھەببەتنامە» . [155] ئەمما ئاساسىي مەزمۇنى ئابدۇراخمان جامى ئەسىرىنى مەنبە قىلغان.

بۇنداق بىر ئەسەرنىڭ نامىغا ئوخشىتىپ يەنە بىر ئەسەرگە نام قويۇش نىسبەتەن ئاسانراق بولسىمۇ، ئاساسەن ئىلھاملىنىش ۋە تەسىرلىنىش ئاساسىدا بولغان دېيىشكە ئىمكانىيەت يار بېرىدۇ.

ئالتىنچى، پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇزاق يىللاردىن بېرى پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن بەھىر ئالغاندىن باشقا، بىر قىسىم ئاپتورلار پارس تىلى بىلەن ئەسەر يازغان؛ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشتۇرغان. بۇ خىل تەرجىمە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بىرى، پارس ـ تاجىك ئاپتورلىرىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى.

«گۈلىستان» (شەيخ سەئىدىنىڭ ئەسىرى) . بۇنى ساراي شەھىرىدە ياشىغان سەيفى سارايى (1396 ـ يىلى) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «گۈلىستان بىت تۈركىي» دەپ نام بەرگەن.

«سىدبادنامە» . بۇ سەئىد مالىك قەزۋىنىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇنىمۇ سەيفى سارايى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«بوستان» (شەيخ سەئىدىنىڭ ئەسىرى)، بۇ ئەسەرنى مەشھۇر ئەدىب ئۆمەر تەفتازانى (1332 ـ 1390) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[156]

«خۇسرەۋ ۋە شىرىن» (نىزامى گەنجىۋىنىڭ ئەسىرى) نى ئالتۇن ئوردا شائىرلىرىدىن قۇتىب تەخمىنەن 1330 ـ 1336 ـ يىللىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان[157]. ئەمما، بىر بۆلۈك ئالىملار قۇتىب بۇ ئەسەرنى نىزامى گەنجىۋى ئەسىرى ئاساسىدا ئىجادىي ئىشلەپ چىققان، دەپمۇ ھېسابلايدۇ.[158]

«نەفاھاتىل ئۇنس» (تەرجىمىدە «نەسائىمۇل مۇھەببەت» — مۇھەببەت سەلكىنى)، «شەۋاھىدۇن نوبۇۋۋەت» (بېشارەتلىك ئابىدىلەر) جامىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، نەۋائى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[159]

«مەنتىقۇتتەير» . بۇ پارس ـ تاجىك مۇتەپەككۇرى پەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرى. نەۋائى ياشلىق چاغلىرىدا بۇ ئەسەرنى بىرىلىپ ئوقۇغان ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەسەرگە تەقلىد قىلىپ «لىسانۇت تەير» ناملىق ئەسەر يازغان. ئەمما، ئايرىم نەۋائىشۇناسلار بۇ ئەسەرنى تەرجىمە ئەسەر دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مۇنداق پىكىر قىلىدۇ:

نەۋائى كېيىنكى دەۋرلەردە بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزىگە سىرداش بولۇپ كەلگەن بۇ ئەسەرنى «لىسانۇت تەير» نامى بىلەن چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلىدۇ. تەرجىمىدە ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ ۋەزنى، كۆپلىگەن قاپىيە ۋە رادىپلىرى، ئاساسلىق مەزمۇنى، نۇرغۇن بېيىتلارنىڭ شەكلىي ئالاھىدىلىكلىرى، ئەسەرنىڭ روھىي ۋە غايىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ساقلاپ قالىدۇ، ئەتتارنىڭ ئىرپان مەسىلىلىرى ۋە سوفىستىك ئىدىيىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەينەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ بۇ ئەسەردىكى بەزى مەسەل تىپىدىكى ھېكايىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز تەسىراتىنىمۇ قوشۇپ كىرگۈزىدۇ. تەرجىمىدە شۇنداق ئەركىن ئۇسۇل

قولىنىلغاچقا ئى. بېرتېلىس: «كۆرۈنۈشتە بۇ داستان ئەتتارنىڭ ‹مەنتىقۇتتەير› داستانى توغرىسىدا يېزىلغان داستانغا ئوخشاپ كېتىدۇ» [160] دەپ ئېيتقان.

مەزكۇر تەرجىمىدە ئەركىن تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى بەزى تەتقىقاتچىلاردا بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلىنى ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ۋاھاب رەھمانوف رەت قىلىپ «… ‹لىسانۇت تەير› نىڭ مۇئەللىپى ھەم بۇ قاراشنى (ئەتتارنىڭ ئىدىيىلىرىنى) ئەينەن تەكرارلايدۇ ۋە ئىنساپ يۈزىسىدىن ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەتتارى داستانىنىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ» [161] دەپ كۆرسىتىدۇ [162].

«زەپەرنامە». ئەمىر تۆمۈرنىڭ تارىخچىسى يازغان بۇ ئەسەرنى مەۋلانە لۇتفى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [163]

«نەسرۇل لەئالى». بۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسىرى. ئۇنىڭ پارس تىلىدىكى نۇسخىسى بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان نۇسخىسى ئاساسىدا، ئەلىشىر نەۋائى ئۇنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا نەسرىي ئۇسلۇبتا ئىشلەپ چىققان.

«ئەخلاقۇل مۇھسىنىن». بۇ پارس- تاجىك ئاپتورى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ ئەسىرى. موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى 1709 - يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [164]

«كەلىلە ۋە دىمنە». بۇنىمۇ يۇقىرىقى تەرجىمان قەشقەر ھاكىم بېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە تەرجىمە قىلىپ، «ئاسارى ئىمامىيە» (1717 - يىلى) نامى بىلەن ئاتىغان. [165]

بۇ تەرجىمان يەنە «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا» ناملىق ئەسەرنىمۇ تەرجىمە قىلغان. [166]

«قىسسەسۇل ئەنبىيا». شەيخ پەترىدىن قاتارى پارسچە يازغان بولۇپ، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [167]

«مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» (مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى). بۇ

ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس، ھىجرىيە 1103 ـ (1696 ـ 1697) يىلى مۇھەممەد سادىق ياڭىھىسسارى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىنىپ «تەرجىمەئى مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.[168]

«سىيەرى شېرىف». بۇ خۇراسانلىق مەۋلانە موئىن (? ـ 1230) نىڭ ئەسىرى بولۇپ، 1695 ـ يىلى مۇھەممەد رىھىم قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[169]، [170]

«تارىخىي بىناكىتى». بۇ سۇلايمان مۇھەممەد ئەلى بىننى ئەبۇل فازىل داۋۇت بىننى مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدۇل بىناكىتى تەرىپىدىن 1317 ـ يىلى پارسچە يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، يەنە بىر نامى «رەۋزەتۇلۇلباب فى تاۋارىخىي ۋەلئەنساپ». بۇنى ھىجرىيە 1118 ـ يىلى (1706 ـ يىلى) يەكەن ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزەناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر تەرجىمان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «تارىخىي خەزەناچى» دەپ ئاتىغان.[171]

«تارىخىي رەۋزەتۇسسەفا». بۇنى ھىجرىيە 1150 ـ يىلى (مىلادىيە 1737 ـ يىلى) ئەمىر قۇربانبەگ بىننى نىيەزى (بەلكى يۇقىرىدىكى ئەمىن قۇربانبەگ بىننى خەزەناچى بولسا كېرەك) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل كىچىك ساقى ناملىق كىشى تەرىپىدىن قەشقەر (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «تارىخىي خاۋەندىشاھ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.[172]

«شاھنامە». ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ ئەسىرى. بۇ دەسلەپ 1682 ـ يىلى موللا خامۇش يەركەندى تەرىپىدىن «شاھنامەئى تۈركىي» دېگەن نامدا نەسرىي ئۇسلۇبتا تەرجىمىسى ئىشلەنگەن[173]. 1751 ـ 1752 ـ يىللىرى يەكەندە ياشىغان يەنە بىر تەرجىمان شاھ ھىجران (شاھ مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن ئىبنى خوجا نىزامىدىن) خوجا جاھان (ئەرشى) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىپ چىققان[174]. ئۈچىنچى قېتىملىق تەرجىمىنى شاھ مۇھەممەد ئىبنى خوجا نىزامىدىن 1837 ـ يىلى ئىجادىي ۋە جانلىق تەرجىمە بىلەن تاماملىغان.[175]، [176]

«تەرجىمەئى يۇسۇف ۋە زۇلەيخا جامى» . ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «يۇسۇپ زۇلەيخا» نى يۇقىرىقى نام بىلەن ھىجرىيە 1169 - يىلى (مىلادىيە 1755 - يىلى) نامەلۇم تەرجىمان تەرجىمە قىلغان. [177]

«تارىخىي تەبەرى» . بۇ ئەرەب تارىخچىسى تەبەرىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان ئەسىرى بولۇپ، كېيىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مانا مۇشۇ پارس تىلىدىكى نۇسخىسىدىن دەسلەپ ھىجرىيە 1210 - يىلى (مىلادىيە 1795 - 1796 - يىللىرى) دىن كېيىن مۇھەممەد سادىق كاشغەرى [178]، [179] ئاندىن ھىجرىيە 1257 - يىلى (مىلادىيە 1841 - يىل) ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم ئايرىم - ئايرىم تەرجىمە قىلىپ چىققان. [180]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ بۈيۈك ئەسەرنى ھىجرىيە 1210 - يىلى (مىلادىيە 1796 - يىلى) پازۇخ ئاخۇن ھاشىم يەركەندى دېگەن بىر تەرجىماننىڭمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بار. [181]

«تەزكىرەتۇلقاۋۇلىيە» . بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى شەيخ پەترىدىن قاتارى. يەكەن ھاكىم بېگى مۇھەممەد ئىبراھىم بەگ بىننى كىپەك ئۇنى مۇھەممەد سىدىق بارشىدى (بەرشىدى - رەشىدى) غا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان [182]. بۇ تەرجىمە ھىجرىيە 1190 - يىلى (مىلادىيە 1777 - يىلى) ئىشلەنگەن.

«ئىسكەندەرنامە» . بۇ ئەسەرنى مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم پارس تىلى بىلەن يېزىپ چىققان. ھىجرىيە 1290 - يىلى (مىلادىيە 1878 — 1879 - يىلى) مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تۆمۈر ئاقسۇدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. [183]

«تەرجىمەئى قابۇسنامە» . بۇ مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ھىجرىيە 1201 - يىلى (مىلادىيە 1787 - يىلى) تەرجىمە قىلىپ چىققان كىتاب بولۇپ [184]، ئاپتورى ئەمىر نەسىر كەيكاۋۇس ئىدى.

«ھېكايەتى ھۆرلىقە» . XIX - ئەسىردە موللا توختىنىياز بىننى موللا

مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [185]

«ئىسكەندەرنامە». بۇ نىزامى گەنجىۋىنىڭ داستانى بولۇپ، نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن XVIII — XIX ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان. [186]

«مەئاراجىل نەبۇۋە». موئىن مىسكىن فەررائى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد رېھىم مىسكىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «تەرجىمەئى مەئاراجىل نەبۇۋە» (پەيغەمبەرنىڭ مىئراجغا چىققانلىقى) دەپ ئاتىغان. [187]

«چاھار دەرۋىش». خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ بۇ ئەسىرىنى 1800 - يىلى خوجا ياقۇپ يەركەندى، ئۇنىڭدىن كېيىن قاسىم بېگىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [188]، [189]

«ئاجايىبۇل مەخلۇقات» (تولۇق ئاتىلىشى «ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات»). بۇ كىتابنى ئاقسۇدا مىرزا ئەھمەد ۋاڭ نامىغا بېغىشلاپ موللا مۇھەممەد ھەسەن مۆتەۋەللە ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1270 - يىلى (1835 - يىلى) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. [190]، [191]

«باھار دانىش». بۇ ئىرانلىق يازغۇچى شەيخ ئىنايىتۇللا (؟ - 1677) نىڭ ئەسىرى. سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ياڭىھىسسارى (يەنە بىر تەخەللۇسى «ناقىس»، 1840 - 1920) ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، «گۈلزارى بىنىش» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان [192]، [193]. ۋەھالەنكى، ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، «گۈلزارى بىنىش» «باھار دانىش» نى خام ماتېرىيال قىلىپ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىجادىي يازغان ئەسەر ئىكەن. [194]

«نەۋابىغۇل كەلىم». بۇ زەمەخشەرىنىڭ كىتابى بولۇپ، مەكىتلىك ئەھمەدى تەرجىمە قىلغان. [195]

«گۈلىستان»، «بوستان» بۇ ئەسەرلەرنىمۇ ئەھمەدى 1930 - يىللاردا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان. [196]

«گۈلىستان» نى يەنە موللا مۇراد خوجا ئىشان شاشى دېگەن داڭلىق تەرجىمانمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. تەخمىنەن XIX - ئەسىردە ياشىغان غۇربەتى تەخەللۇسلۇق بىر شائىر

بۇ تەرجىمىگە قارىتا مۇلاھىزىلىرى ھەققىدە بەش پارچە شېئىرىي مەكتۇپ يازغان. [197]

«تۇتىنامە». بۇ ھىندىستاندا ياشاپ، پارس تىلىدا ئەسەر يازغان مەۋلانە نەخشەبى (? ـ 1330 ـ يىلى، سەئىد زىيائىدىن بەدايونى، بەدايۇن دېگەن يەردە تۇغۇلغان بولسا كېرەك) نىڭ ئەسىرى بولۇپ، نامەلۇم تەرجىمان 18 ـ ئەسىردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان [198]. بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئەسەر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «دارابنامە» (ئەبۇ تاھىر ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا تەرسۇسى يازغان) [199]، «زەفەرنامەئى بۇزۇرج مىھىر» (ساسانىيلار سۇلالىسىدىن پادىشاھ نۇشىرۋان ھەم ۋەزىر بۇزۇرج ھەققىدە بايان قىلىنىدىغان، يەنى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سۇيەتلىرى بايان قىلىنىدىغان قىسسە)، «داستانى مېھرىماھ»، «داستانى سەيفۇل مۇلۇك» (يەنى «سەيفۇل مۇلۇك ۋە بەدىئۇل جەمال ھەققىدە ھېكايە»)، «داستانى مالىك ئەژدەر» (يەنى ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۇسەيىن توغرىسىدىمۇ بايان قىلىنىدىغان ھېكايە) قاتارلىق ئەسەرلەر نامەلۇم تەرجىمانلار تەرىپىدىن XVIII — XIX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. [200]

بۇ تەرجىمە ئەسەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى كېڭەيتىشتە زور رول ئوينىغان.

پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىككىنچى تۈركۈم ئەسەرلەر ئۇيغۇر، جۈملىدىن شىنجاڭلىق مۇئەللىپلەرنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

«سۇراھۇل لۇغەت». جامال قارشى 1282 ـ 1283 ـ يىللىرى قەشقەردە يېزىپ چىققان ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما غايىب بولغان. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن قەشقەردە مۇھەممەد پەيزى (1909 ـ 1967)، ئابدۇرەشىت قارى ھاجى (1927 ـ 1997)، مۇھەممەد ئىمىن

داموللام (? 1910 ـ 1960) قاتارلىقلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[201]

«قىسسەسۇل ئەنبىيا». رابغۇزىنىڭ ئەسرى بولۇپ، 1310 ـ 1311 ـــ يىللىرى يېزىلغان ھەم «قىسسەئى رابغۇزى» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنچە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ھىجرىيە 1109 ـ يىلى (1697 ـ يىلى) ئەمىرى ئەئزەم ناسىردىن دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر تەرجىمان قايتا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «قىسسەئى رابغۇزى» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.[202]

بۇ كىتابنى پوسكاملىق موللا ئابدۇشكۇر 1796 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەرچە ئۇسلۇبىدا تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دەپ ئاتىغان.[203]

«تارىخىي رەشىدى». بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئەمىرلىرىدىن مىرزا ھەيدەر 1545 ـــ يىللىرى پارسچە يازغان ئەسەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر مەزكۇر كىتابنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەنمۇ يازغان، يەنە بىر قاراشتا ئۇ ئۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان دېگەن قاراشمۇ بار[204]. ئەمما، بۇ نۇسخىلار توغرۇلۇق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (1965 ـ 1975) مەزگىلىدىن كېيىن ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. ۋەھالەنكى، XVIII — XIX ئەسىرلەردە باشقا تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بار. مەسىلەن، 1750 ـ يىللىرى قەشقەردە ھاجى يۇسۇپ ئىبنى موللا ئوشۇر خەلىپەم[205] بىلەن مۇھەممەد سادىق قەشقەرىلەر ئايرىم ـ ئايرىم تەرجىمىلىرىنى قولدىن چىقارغان.[206]، [207]

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابتا «تارىخى رەشىدى» 1751 ـــ يىلى بىر قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېيىلگەن. لېكىن، تەرجىمان ۋە تەرجىمە قىلغان ئورۇن توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيىلمىگەن[208]. بۇ يۇقىرىقى ئىككى تەرجىماننىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى بولۇشىمۇ، ياكى ئايرىم بىر تەرجىماننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

XIX ـ ئەسىرگە كەلگەندە، موللا مۇھەممەد نىياز ئاخۇن يەركەندى[209] خوتەندە 1845 ـ 1846 ـ يىللىرى يەنەبىر قېتىم بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى[210]. 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشكارە نەشر قىلىنمىدى. 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

«ئانىست تالىبىن». بۇنى مەھمۇد جوراس 1696 ـ يىلى يەكەندە پارسچە يازغان بولۇپ، ئەبۇ ناسىر يەكەندە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم «رەفىقۇل تالىبىن» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. بۇنىڭ موللا ئەھمەد ئىبىن موللا 1864 ـ يىلى كۆچۈرگەن بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا.[211]

«مىسكىنى مۇنتەقىن» (72 ئېتىقاد). بۇنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى پارسچىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[212]

«مۇناقىپ خوجا زەينىدىن». قەشقەرلىك شەيخ ئالامىدىننىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئابدۇ ئەلى سەرمەنى (قەشقەرى) 1797 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«تارىخىي شاھ مەھمۇد جاراس» (تەۋارىخ). بۇ ئەسەر XVIII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شىۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان ۋە «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»ناملىق بىر نۇسخىسى بولغان[213]. بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ناملىق شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.[214]

«مەلۇماتى ئافاق». بۇ XVI ـ ئەسىردە ياشىغان پارس ئالىمى ئەبۇل ھەسەن هاراۋىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. قىممەتلىك يېرى يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭدا XIV ـ، XV ـ ئەسىردە ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەلچى

شاھرۇخنىڭ خاتىرىسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارمۇ بايان قىلىنغان. لۈكچۈنلۈك موللا مۇھەممەد سېيىتنىياز (1843 ـ 1931) تەخمىنەن XIX ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ 627 بەتلىك نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان.[215]

قارا خانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تا XX ـ ئەسىرلەرگىچە پارس تىلىدا يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنمىغان كلاسسىك كىتابلار شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

قارا خانىيلار دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىپ ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى يازما ۋە ئاغزاكى شەكىلدە ئۆگەتكەندىن باشقا، قوشنا خەلقلەر، جۈملىدىن پارس مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، شۇنداقلا «شاھنامە» دىنمۇ مۇئەييەن تەسىر ئالغان.

رابغۇزى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نى يازغاندا ئەبۇ ئىسھاق نىشاپورىنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنى كۆرمەي قېلىشى گۇماندىن يىراق. جامال قارشىنىڭ ئەسىردىكى بايانلارغا قارىغاندا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلىپىدە قەشقەردە داڭلىق مەدرىس ۋە كۇتۇپخانا بولغان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدار مەسئۇد بەگ (مەسئۇد يالۋاچ) 1260 ـ يىللىرى قەشقەردىكى «ساچىيە مەدرىسى» نىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» ناملىق بىر مەدرىس، ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» ناملىق كۇتۇپخانا بىنا قىلغان. بۇ كۇتۇپخانىغا تۈرلۈك تىللاردىكى كىتابلار قويۇلغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسكە «ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەرلا ئوقۇتۇلۇش بىلەن قالماي، ئارستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبىن سىنا ۋە خارەزمى (مۇسا خارەزمى ـ نەقىلچىدىن) پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»[216]

دېمەك، ئەينى زاماندا قەشقەردە پارس قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مول بولۇشى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان تارىخچى مەھمۇد جوراسنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئەرەب، پارس تىلىنى پىششىق بىلگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە ئابدۇراخمان جامى تەرىپىدىن يېزىلغان «نەفاھاتۇل ئۇنس»، «تەزكىرەتۇ شىشۇئارا»، مىرخۇەندى (1433 ـ 1498) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەۋزە تۇسسەفا»، جامال ھۇسەين (؟ ـ 1523) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەۋزەتۇل ئەھباب»، ھۇسەين ۋائىز كاشىفى (مىلادىيە 1533 ـ يىلى) تەرىپىدىن يېزىلغان «رەشاھات ئەينەلھايات»، غىياسىدىن خۇندەمىر (1475ـ 1536) تەرىپىدىن يېزىلغان «خۇللۇ سۇتتۇلئەخبار» ۋە «ھەبىبۇسسىيەر» قاتارلىق ئەسەرلەردىن نەقىل ئالغان بولۇپ، بۇ ھال شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەينى زاماندا يەكەندە ئوقۇلۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

XIX ـ ئەسىر ئاپتورلىرىدىن مۆجىزى، موللا مۇھەممەد نىياز ئاخۇن يەركەندى، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىشارەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار «رەۋزە تۇسسەفا»، «تەۋارىخي ئەجەم»، «تاجۇلقەسەس»، «ئەرايىس»، «نۇرھەقۇل قۇلۇب»، «تارىخي جاھان كۇشاي»، «مەجمەئۇل تەۋارىخ»، «تارىخي گۇزىدە»، «تارىخي مۇنقەرىدا»، «زەپەرنامە» (بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەبچە) قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان.

پارس تىلى شىنجاڭدا ئىسلام مەدرىس مائارىپى ۋە خانىقا مائارىپى ساھەسىدە ئەرەب تىلى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلغان. بولۇپمۇ پارس تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ زوروۇر ئوقۇشلۇقلىرىدىن بىرى بولغان. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

«خوجا ھاپىز». بۇ شىنجاڭدا سوفىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بولۇپ قالغان. خوجا ھاپىز تاجىك ـ پارس شائىرى ھاپىز شىرازىدۇر.

«مەسنەۋى شېرىف» (جالالىدىن رۇمى ‹1207 ـ 1273› نىڭ ئەسىرى)، سوفىزمنىڭ كلاسسىك كىتابى. بۇ جەمئىي ئالتە توم، 27 مىڭ مىسرا.

«راشاھات». سوفىلارنىڭ قوللانمىلىرىدىن بىرى.

«جامىئىنىڭ نەفائات 30 جۇزئى» ، ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسىرى.

«شەرھى قۇرئان» ، پارسچە ئىزاھلانغان قۇرئان. [217]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا پارس تىلىدا يېزىلغان كىتابلارمۇ غەيرىي رەسمىي ئوقۇشلۇق قىلىنغان.

يەنە بىر خىل ئەھۋال باركى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، تاكى XX ـ ئەسىرگىچە يازغان بەزى ئەسەرلەرگە ئەرەبچىدىن باشقا پارسچە ئىسىم قويۇشنى بىر ئادەت قىلغان.

ھەر تەرەپلىمە ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ كۆرگەندىن كېيىن، شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، يېقىنقى 1000 يىل مابەينىدە ئىران مەدەنىيەت ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، مېدىتسىنا قاتارلىقلارغا دائىر داڭلىق ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي پارس ـ تاجىك خەلقلىرىنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇپ بولغان، پەيتى كەلگەندە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولغان، ئۆگەنگەن، مۇتالىئە قىلغان.

بۇنىڭ روشەنرەك ئىپادىسى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك ئۆلىما ـ زىيالىيلىرى ئالدى بىلەن پارس تىلىنى ئۆگەنگەن، پارس ـ تاجىك تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغان، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پارس تىلى بىلەنمۇ ئەسەر يېزىشقان، ھەتتا ئۇلۇغ شائىر نەۋائىغا ئوخشاشلا پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان گىگانت ئەزىمەتلەر بىلەن مۇسابىقىلەشمەكچى بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشىنى پارس تىلى كاتېگورىيىسىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە خېلى زور دەرىجىدە ئۇچرىشىدىن، شۇنداقلا يىراق ھەم چوڭقۇر تارىخىي ـ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلار بىلەن پارس ـ تاجىك تىللىق خەلقلەر ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بېرى بىرگە ياشىغان، ئارىلاشقان، ئىتتىپاق تۇرغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII — VIII ئەسىرلەردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ

تارىخ سەھنىسىدە سوغدىيانا دۆلىتى، باكتىرىيە (توخارىستان) دۆلىتى، خارەزم دۆلىتى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، سېلۋكىلار خاندانلىقى، ئارساكلار سۇلالىسى، گرېك باكتىرىيە خانلىقى، توخرىلارنىڭ كوشان خاندانلىقى، ساسانىيلار خاندانلىقى، تاھىرىيلار سۇلالىسى، سافارىيلار سۇلالىسى، سامانىيلار خاندانلىقى، گور خاندانلىقى، مىلادىيە VI — VII ئەسىردىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلگەن تۈرك خانلىقى، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى، قارا خانىيلار خانلىقى، سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى، خارەزم شاھلىقى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى، خۇراسان شەيبان خانلىقى، بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى، قوقان خانلىقى، يەكەن خانلىقى قاتارلىق سىياسىي ھاكىمىيەتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالمىشىپ تۇرغان، بەزىلىرى تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. گرېك ئىمپېرىيىسى، ئەرەب ئىمپېرىيىسى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر ئارىلاشما ھاكىمىيەتلەر ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتلەر تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ، پارسلارمۇ بار ئىدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىپ زورىيىشىدا پارس ـ تاجىك تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، جۈملىدىن ئارىيانلار ۋە كېيىنكى بۆلۈنگەن قوۋملاردىن ساكلار (ماسساگېت، ئىسكىف)، سوغدلار ۋە باشقىلاردىن خېلى كۆپ ساندىكى مىللىي تەركىبلەر ئۇيغۇر مىللىتى تەركىبىگە قوشۇلغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قان تەركىبلىرى، خاراكتېرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئارىيان ـ پارس ئامىللىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان. بۇ توغرۇلۇق مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغىنىغا ئوخشاش، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ»[218] دەپ يازغان بولسا، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىدىن بىر بۆلىكىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەمدى تاجىك ئالىمى ب. گ. غاپۇروپ (1908 ـ 1977) بىر قەدەر چوڭقۇر بايان قىلىپ مۇنداق يازغان: «تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان

قەبىلىلەر يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئەزەلدىنلا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە قوۋملىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن، يالغۇز تاجىكلارنىڭ تەركىبىگە ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگىمۇ سىڭگەن.» «كېيىنچە، مۇشۇ ئاساستا هازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى.» [219]

مانا مۇشۇنداق بىر ئېتنىك بىردەكلىكمۇ بۇ ئىككى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قولايلىق كەيپىيات يارىتىپ بەردى.

ئۈچىنچى، پارس مەدەنىيىتى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيان مەدەنىيىتىنىڭ مۇهىم بىر ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى نىسبەتەن مۇقىم تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز زورىيىش هالىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا «كلاسسىك مەدەنىيەت» هادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا تارىخىدا هىندىستان، جۇڭگو، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە «تۆت چوڭ مەدەنىيەت تىپى»نى يارىتقان مەرىپەت بايراقدارلىرى بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئەهۋال هەر دائىم مەرىپەتكە، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، ئەمما تارىختا كۆپ قېتىم قاتتىق دىشۋارچىلىققا ۋە پېشكەللىككە يولۇقۇپ تۇرغان ئۇيغۇر مىللىتىنى قىزىقتۇرۇپ تۇرغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرىپەتلىك قوشنىسى بولغان پارس ـ تاجىكلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنى مىڭ يىللاپ تاشلاپ قويماي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئامېرىكا ئالىمى گاۋىن هامبلىي بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بايانىنى مۇنداق ئىزهار قىلغان: «تاكى XII ئەسىرگە قەدەر ماۋارا ئۇننەهر ۋە قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى هەر قايسى شەهەرلەردە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق هىد ـ پۇراقلىرى ساقلىنىپ كەلدى. شۇڭا، ئىسپاهان ياكى مەشهەدتىن بۇخارا ياكى يەكەنلەرگە قاراپ يولغا چىققان سەيياهلار ئۆزلىرى كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ يەرلەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن هېچقانچە يات

تۆيۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان.»[220]

تۆتىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى يەنە بىر تەرەپتىن پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ تۇرۇشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ بولۇپ قالغان. مەلۇمكى، ئىسلام دىنى يارىتىلغان دەۋردە ئەرەبلەرگە قارىغاندا پارسلار مەدەنىيەت جەھەتتە يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. ئىسلام مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرى (750 ـ 1258) دە ئەرەبلەر ۋە ئەرەبلەر ئۇچۇن ئىشلەۋاتقان غەيرىي ئەرەبلەر قوشنا خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۇملىدىن يۇكسەك مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلانغان پارس مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ، بۇ ئاساستا ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇردى. ئەرەبلەر پارسلارنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن پارسلارغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا قۇرۇپ چىقتى. ئاباسىيلار دەۋرىدە خەلىپە مەنسۇردىن خەلىپە ھارۇن رەشىدگىچە بولغان مەزگىللەردە باش ۋەزىر پارسلاردىن بولدى ۋە پارسلارنىڭ تەسىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەتتا بەزىلەر ئاباسىيلار خەلىپىلىرىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ساسانىيلار پادىشاھى»[221] دەپ ئاتىدى. «ئەرەب خەلىپىلىرى باغداتتا ساسانىيلارنىڭ خۇسرەۋ شەكلىدىكى ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە پارسلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى... ئەرەبلەر ئىككىلا نەرسە — دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنى بىلەن دۆلەت تىلى بولغان ئەرەب تىلىنىلا ساقلاپ قالدى.»[222] «سەنئەت، قۇرۇلۇش، پەلسەپە، تېببىي ئىلىم، تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات ۋە سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرەبلەرنىڭ باشقىلارغا بەرگۈدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. بەلكى ھەممىنى باشقىلاردىن ئۆگەندى.»[223] «خەلىپىلىك دەۋرىدە پارسلار ۋە مىسىرلىقلار يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئىسلام مۇرتلىرى سۈپىتىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ماڭغان ئىدى.»[224]

IX ئەسىردىن باشلاپ، ئىراندا بىر قانچە يەرلىك خانلىقلار قۇرۇلۇپ، مىللىي مەدەنىيەت، جۇملىدىن مىللىي تىل — پارس تىلىنىڭ ئىناۋىتى

تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر پارس تىلىنىڭ بەدىئىي ھەم ئەدەبىي تىل بولۇش ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ھەسسە قوشقان. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەريان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغىنىدا تەبىئىي يوسۇندا پارس خەلقلىرىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ھەم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە سەپەر قىلغاندا دەسلەپتە پارس مەدەنىيىتىنىڭ گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان خۇش پۇراق ھىدىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام مەدەنىيىتى شەرققە يوپۇرۇلۇپ ماڭغىنىدا ئۆزىنىڭ شەرقىي گىرۋەك مەدەنىيەت جاۋاھىراتى بولغان پارس مەدەنىيىتىنى تۇرتۇپ، شىنجاڭغا ئەكىرىپ قويغان.

ئۈچىنچى بىر نۇقتا شۇكى، يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىچىدە يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىران ـ پارس مەدەنىيىتىمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان ئىران ـ پارس مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلماسلىقتا ھېچقانداق توسالغۇ بولىدىغان كۈچ يوق ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. تۆتىنچىدىن، پارسلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنى شىمال ۋە شەرققە، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تارقىتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئىشتا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار پارس مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلاردىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، پارسلار ئارىلاشتۇرىۋەتكەن ئىران مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان.

پارس ـ تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغانلىرى تىل، دىن، ئەدەبىيات، پەلسەپە،

پىسخىك ئادەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پارس تىلى ئارىيان تىلىنىڭ بىر تارمىقى، بۇ تىل بىلەن قېرىنداش تىل ھېسابلانغان تىلدا شىنجاڭدا ۋە شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەردىن ساكلار (ماسساگېت، ئىسكىف، سىكتاي، سارمات ۋە باشقىلار)، سوغدلارمۇ سۆزلەشكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ساكلار، سوغدلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، ھەتتا سوغدلار پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا، ئارىيان، جۈملىدىن پارس ـ تاجىك تىلى تۈركىي تىللارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىي گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە تەسىر قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما لېكسىكا ۋە مورفولوگىيىلىك تەركىبلىرىمۇ ئاز بولمىغان ئارىيان، تاجىك ـ پارس تىلى تەركىبلىرىنىڭ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىنى ئۆگىنىشىنى قولايلاشتۇرغان. پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاسان ئۆزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارس ـ تاجىكلاردىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئارىلاش ياكى قوشنا ئولتۇراقلاشقانلىرى تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشنى بىئەپ كۆرمىگەن. بۇ ئىككى مىللەت خەلقلىرى بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى خۇددى تۇغقان تىللاردەك كۆرۈپ، قىزغىن ئۆگىنىشكەن، بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىيانغا ئۇچراتماي، پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنى يات كۆرمەسلىككە ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار پارس ـ تاجىك تىلىنى مەدەنىيەت، مائارىپ بىلىملىرىنى ئىگىلەشنىڭ بىر ۋاسىتىسى دەپ ھېسابلىغان.

ئۆلىما ـ زىيالىيلار ئۇچۇن پارس تاجىك تىلىنىمۇ بىلىش بىلىملىك، مۆتىۋەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارس ـ تاجىك تىلى يېپىشقاق تىللاردىن بولۇپ، سۆز ئاتالغۇلىرى كۆپ، سۆز ياساشقا ئەپلىك، ئاھاڭدار ۋە يېقىملىق، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوڭاي ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. تۈپ سۆزلىرى قىسقا، سۆز بوغۇملىرى ئۇرغۇلۇق،

ئىسىم ـ ئاتالغۇلار خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرچە قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈچىلەرنى ئۆزىگە ئاسان ئۇيغۇنلاشتۇرۇۋالالايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، پارس ـ تاجىك تىلى تەركىبلىرىنى ئازايتىش توغرۇلۇق كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۇمىنىڭ ئاز بولىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن پارس ـ تاجىك تىلى تەسىرىنىڭ تولىمۇ تىرەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئالدىراپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دىن جەھەتتە، ئىران دۇنيا دىن تارىخىغا چوڭ ھەسسىلەرنى قوشقان مەملىكەت. زورو ئاستېر دىنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن VI ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا قەدىمكى ئىراندا بارلىققا كەلگەن. مۇقەددەس ئوت (ئاخۇرا) غا چوقۇنۇش بۇ دىنىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى. «ئاۋېستا» بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئاخۇرا مازدا زورو ئاستېر دىنى (ئاتەش دىنى) دىكى ئالەمنىڭ يارىتقۇچىسى، دۇنيانى بەرپا قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر ئەڭ ئالىي ئىلاھ. زورو ئاستېر دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن. مىلادىيىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىنجاڭدا زور ئاستېر دىنى خېلى تەسىرلىك ئورۇندا تۇرغان. جۈملىدىن شۇ چاغدا بۇ رايونلارغا تارقالغان بۇددا دىنى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ تۇرغان. زورو ئاستېر دىنىنىڭ تەسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقى ئايدىڭلاشماقتا.

مانى دىنىمۇ شىنجاڭغا تەسىر قىلغان دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىن ئىران ساسانىيلار دەۋرىدە مانى (مىلادىيە 215 — 276 ـ يىللىرى ياشىغان) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. مۇقەددەس كىتاب «شابۇگىراخان»، «ئىككى مەنبە، ئۈچ پەيت» ئاساسىي دىنىي ئەقىدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىنمۇ بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىرگەن. مىلادىيە 763 ـ يىلى ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقىنىڭ خاقانى بۆگۈخان (ئېدىكىن) بۇ دىننى خانلىق دىنى دەپ ئېلان قىلغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (? 850 ـ ? 1250) دەۋرىدە، بۇددا دىنى بىلەن بىرگە

خانلىق ئىنتىراپ قىلغان دىن بولۇشتەك نوپۇزىنى ساقلىغان.

X ـــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇ دىن ئەرەبىستاندىن شىنجاڭغا بىۋاسىتە تارقالغان بولماستىن، بەلكى پارس- تاجىكلار ئارقىلىق، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيا پارس - تاجىكلىرى ئارقىلىق كىرگەن. ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان قارا خانىيلارنىڭ ئۇلۇغ پادشاھى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانى دەل تاجىك ئىدى. دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ تېز بولىدۇ. ئۇيغۇرلارغا پارسلاردىن ۋە پارسلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن دىنىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى كېيىنكى زاماندا يېتەكچى ئىدىئولوگىيىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئەنە شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار.

پارس تىلىدىكى ئەدەبىيات ك. ماركسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە XI ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن يازما ئەدەبىيات ياراتقان جۇڭگو، ھىندىستان، ئەرەبلەر بىلەن بىرگە تۆرالايدىغان تۆت چوڭ يازما ئەدەبىياتقا ئىگە ئىدى. پارسلار تىلىدا يارىتىلغان قەدىمكى ئەدەبىيات تارىخىدا «ئاۋېستا»، «شاھنامە»، «مەسنەۋى شېرىف» قاتارلىق دۇنياۋى ئەسەرلەر بولغان. رۇداكى، فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامى، جالالىدىن رۇمى، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي- ئىلمىي ئەسەرلىرى ئاجايىپ زور شۆھرەت تاپقان. بۇلار كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئۆلىما - زىيالىيلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرىغا چوڭقۇر ئىلھام بەخش ئەتكەن. پارس ئەدەبىياتىدىن مەنىۋى زوق ئېلىش بىر خىل زۆرۈرىيەتكە، ئادەتكە ئايلانغان.

پارسلار پەلسەپىگە باي خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇلار قەدىمكى ئارىيان خەلقلىرىنىڭ ئالەم، دۇنيا، جەمئىيەت، ھايات توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلغان. يەنە كېيىنچە قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان، ئەرەب، جۇڭگو ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ

ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىدىكى ئىلغار تەركىبلەرنى يۇرەكلىك قوبۇل قىلىپ، باي تەپەككۇر، پەلسەپىۋى قاراشلار سىستېمىسىنى ياراتقان. پارسلارنىڭ تولغان پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەدەبىي ئەسەردە، جۈملىدىن شېئىرلىرىدا تولىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن. دۇنيا تارىخىدا پارسلار پەلسەپىنى شېئىرىيەتكە جىپسىلاشتۇرۇشتا ئاۋانگارت خەلقلەردىن ھېسابلىنىدۇ. پارس مۇتەپەككۇر - شائىرلىرىنىڭ پەلسەپىگە تويۇنغان مەنتىقىي شېئىرلىرى ئۇيغۇر شائىرلىرىنى ئەقلىي تەپەككۇر جەھەتتە يەنىمۇ ئۆسۈپ بېرىشقا، شېئىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈشنى روشەنلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

پسىخىك ئادەتلەر بىر مىللەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. پارسلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئوخشاش تېررىتورىيىدە ئۇزاق زامانلار بىرگە ياشاش جەريانىدا ئايرىم تەرەپلەردە ئوخشاش ياكى نىسبەتەن يېقىنلىشىدىغان پسىخىك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. مىللەتشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەملەر ۋە مىللەتلەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرى جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتى بار ئىكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي مۇھىت، ئالاقە، ماكان، زامان، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بار. پارس - تاجىك خەلقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا چىقىشقاق، كەڭ قورساق، مېھماندوست، ۋاپادار، مەرد، ئەمگەكچان، چىداملىق، ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ، باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇ ئىككى مىللەت كىشىلىرى ئۆزئارا ئۇچراشسا ئوڭايلا چىقىشىپ كېتىدۇ. ئىناق بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالىدۇ. قۇدا - باجا بولۇش جەھەتتە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ ئىككى مىللەت خەلقلىرىنىڭ بارنى تەڭ كۆرگەن، يوق نەرسىلىرىنى ئۆتنە - بېرىم قىلىشقان، بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەندە مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، راھەت، ھۆرلۈك، تىنچلىققا ئىنتىلگەن تارىخىنىڭ سەھىپىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن

ۋە تولىمۇ كۆركەم.

دېمەك، پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلەر يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ.

پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن؛ ئۇ ئىسلامىيەت دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا شەكىللىنىپ، ئىسلامىيەتكە كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە چىققان. ھالبۇكى، بۇ خىل رەڭگارەڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلەر پارس تىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى. مۇشۇنداق كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى مۇھىم تەتقىقات سەھنىسى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىي ھادىسىنى توغرا، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلغىلى ھەم ھەل قىلغىلى بولىدۇ. [225]

### 3. ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر

ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي ئالاقىسى ناھايىتى قەدىمكى زاماندىلا باشلانغان. ئېنىق مەلۇماتلارنى ئىسلام دىنى كېڭىيىشكە باشلىغان يىللاردىن بىلىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇمەييە سۇلالىسى (مىلادىيە 661 ـ 750 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. خەلىپە ۋەلىد (705 ـ 715) ۋاقتىدا سەركەردە قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىش يۈرۈشىنى باشلاپ، كۆپ يىللىق جىددىي جەڭلەردىن كېيىن 712 ـ يىلى بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرغانە ـ قەشقەر ۋادىسى، تالاس ـ يەتتە سۇ بوستانلىقلىرى، ھەتتا بېشبالىقتا ئىسلام مۇخلىسلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن قارا خانىيلار خانلىقى ئارىسىدىكى كەسكىن ھەربىي زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى ئارىسىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى. پەقەت، سۇتۇق بۇغراخان 935 ـ يىللىرى (؟ ) ئاتۇشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ماۋارائۇننەھر رايونىدا ئېلىكخانلارنى بەرپا قىلىپ، 300 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرىشى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان جايلاردا ئۇيغۇر ـ تۈركىي شەكلىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئالامەتلىرى شەكىللەندى. بۇ ئەھۋال ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىسلامىيەت شەكلىدە يەنىمۇ راۋاجلىنىشقا ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشكە ئېلىپ كەلدى. ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشتى. [226]

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىشىنى ئىسلام دىنى ۋەكىللىكىدىكى ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب يېزىقى قارا خانىيلار دەۋرىدىلا ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ ئۆزلەشكەنلىكى مۇھىم بىر تەرەپ بولۇپ قالدى. بۇ يېزىق كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ ئۇيغۇر ئىملا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. ئەرەب يېزىقى بىلەن بىرگە بىر قىسىم ئەرەبچە سۆزلۈكلەر ۋە مەلۇم سالماقتىكى پارس سۆزلۈكلىرى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ كەلدى. ئەرەب يېزىقى شەكلىدە ئۆزگەرتىلگەن يېزىق قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە خاقانىيەچە يېزىق سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، موڭغۇللار ھەم چاغاتايلارنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، خاقانىيە يېزىقى تەدرىجى يوسۇندا چاغاتاي يېزىقى نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي، موڭغۇل ۋە باشقا بەزى خەلقلەرنىڭ مىللىي يېزىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، باشقا يېزىقلار بىلەن ئوخشاش ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ناھايىتى باي يازما مەدەنىيەت قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە 1950 ـ يىللارغىچە ئۆز رولىنى ئۇنۇملۇك جارىي قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئەرەب يېزىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەتتاتلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى بەرق ئۇرغۇزۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆججەتشۇناسلىق مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ قالماستىن، بەلكى بىناكارلىق، نەقىش ـ زىننەت، ئويمىچىلىق ـ

قىرمىچىلىق ئىشلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەرەب تىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» تىلى ھەم ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىكى ئامما ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان ئامىل بولغان. چۈنكى، «ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، بولۇپمۇ بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى.» (فىلىپ ھىتتى «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 - كىتاب، 105 - بەت، 1973 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى ئېتىقاد قىلغان ھەم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان (بايتاش) بۇ دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلى تېز سۈرئەتتە قارا خانىيلار خانلىقى زېمىنىدا مۆتىۋەر ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە سەۋەب بولغان.

بىرىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ۋە باشقا ئەقىدە - چۈشەنچىلەرنى ئاڭلاپ بىلىش، كۆرۈپ چۈشىنىش، ئىمانىنى پاكلاپ، ئېتىقادىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى بىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار خانلىق تەۋەسىدىكى ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئىسلام تەلىماتىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بارغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەرەب تىلىنى بىلمىسە بولمايدىغان ھالەتنى پەيدا قىلغان.

ئۈچىنچى، قاراخانىيلار خانلىقى جەمئىيىتى مۇسۇلمانچىلىقنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جاي - جايلاردا مەدرىس، مەكتەپ، خانىقالارنى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەردە ئەرەب تىلى مائارىپ ئوقۇتۇشىنىمۇ يولغا قويغان. بۇنداق مەدرىسلەر ۋە باشقا ئىلمىي ئورگانلاردا تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان مۇدەررىس، ئۆلىما - ئالىملار خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، باغداد قاتارلىق جايلاردىن ئەرەب تىللىق يېتىلگەن ئەللامە - ئۆلىمالارمۇ كۆپلەپ كېلىپ، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى تارقاتقان.

تۆتىنچى، قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران جەمەتى ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم غازات ئۇرۇشلىرىنى قوزغىغان. خوتەن ۋە قوچو ئۇيغۇرلىرىغا يۈرۈش قىلغان. شۇنداق ئۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئەرەب خەلىپىلىكىدىن، ئىراندىن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان پىدائىيلار ۋە ئىماملار، سەركەردىلەر كېلىپ، قارا خانىيلار قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېھىت بولغانلىرىنىڭ جەسەتلىرى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا قالغان؛ ئامان قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى قايتىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلار جەمەتىدە قېلىپ، ئۇلار بىلەن توي قىلىشىپ، ياشاپ تۇرۇپ قالغان.

مانا مۇشۇنداق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەرەب تىلى بىلىشكە تېگىشلىك بىر خىل تىل بولۇش نوپۇزىنى تىكلىگەن. 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، ئەرەب تىلىنى بىلگەندىن باشقا، ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىش ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازغانغا ئوخشاش كەيپىياتقا ئايلانغان.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىشى ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدا قالتىس مۇھىم بىر ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ھادىسىنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. ئىلمىي ئەسەرلەر. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشى قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرى (? 850 ـ 1212) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە بارلىققا كېلىپ غايەت زور يۈكسىلىش باسقۇچىغا كىرگەن. دەسلەپ تېلې قەبىلىلىرى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يەتتە سۇ، پەرغانە، ماۋارائۇننەھر ۋە خارەزم رايونلىرىدا مۇستەھكەم يىلتىز تارتىشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى بىر قاتار گىگانت ئەزىمەتلەرنىڭ يېتىلىشىگە مۇنبەت زېمىن ياراتتى، قارا خانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا مۇھەممەد خارەزم دۇنياغا كەلدى.

مۇھەممەد مۇسا خارەزمىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبىن ئابدۇللا ئەل خارەزم ئەل مەجۇس (780 ـ 850) بولۇپ،

خارەزمگە قاراشلىق خىۋە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەينى زاماندا خارەزمدە ئوغۇزلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئويلاشقان ئالىملار مۇھەممەد خارەزمىنى ئوغۇزلارغا (ياكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە) مەنسۇپ، دەپ ھېسابلايدۇ[227]. مۇھەممەد خارەزم 20 ياشلىرىدا باغداتقا بېرىپ، تۈرلۈك ئىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ھەم ئەرەب تىلى بىلەن بىر قاتار كىتابلارنى يېزىپ، ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ مەرىپەت تارىخىغا غايەت زور ھەسسە قوشقان. بۇ دۇنياۋى ئالىم يازغان ئەسەرلەردىن «مۇختەسەر سىندى ـ ھىندى» (ھىندى رەقەملىرىنىڭ قىسقارتىلغان كىتابى)، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» (تەڭلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى ـ ئالگېبرا)، «كىتابۇس ـ سۇرەتۇل ئەرز» (يەر سۈرىتى كىتابى)، «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل» (زىج)، «ئاسترولىيەبىيە ھەققىدە رىسالە»، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە»، «يەر تەسۋىرى»، «يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» قاتارلىق ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيىگە ئائىت ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

مۇھەممەد مۇسا خارەزم (ئەل خارەزم) خەلىپە مەمۇن دەۋرى (813 — 833 ـ يىللار) دە باغدادتا تەسىس قىلىنغان «بەيتۇل ھىكمە» ئاكادېمىيىسىدە ئىلمىي مۇتالىئە ۋە تەتقىقات يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىگە غايەت زور ھەسسە قوشقان.

ئەل فەرغانى (? ـ 861 ـ يىلى) ياكى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل فەرغانى يەنى ئەبۇ ئاببas ئەھمەد ئەل فەرغانى، پەرغانىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلغان زامانلاردا پەرغانە تۈركىي خەلقلەرنىڭ پائالىيەت مەيدانلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا، ئالىملار ئۇنى ئەل فەرغانى ئەتتۈركى دەپمۇ ئاتايدۇ[228]. يەنە غەربىي تۈرك ـ ئوغۇز ـ ياغما ئالىمىدۇر[229] دېگەن قاراشمۇ بار.

ئەل فەرغانى قارا خانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى باغدادقا

بېرىپ، خەلىپە مەمۇن ئاكادېمىيىسى «بەيتۇل ھىكمە» دە پەلسەپە ـ تەبىئەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە مىسىردا ئاسترو ـ ماتېماتىكا، گېئودىزىيىلىك ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەل فەرغانى بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن: «كىتاب فى ئۇسۇل ئىلمۇننۇجۇم» (ئاسترونومىيە ئۇسۇللىرى ھەققىدە كىتاب)، «ئەل فەرغانى جەدۋەللىرى»، «ئاي يەرنىڭ ئۇستىدە ۋە ئاستىدا بولغاندا ۋاقىتىنى ئېنىقلاش رىسالىسى»، «ئۇستۇرلاپ بىلەن ئەمەل قىلىش ھەققىدىكى كىتاب»، «يەتتە ئىقلىم ھېسابى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىغا قوشقان كاتتا ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەل فارابى (870 ـ 950 ـ يىللار) قارا خانىيلار خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ فاراب (ئوترار ـ جەۋھەر) شەھىرىدە توققۇز ئۇيغۇر چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان[230]. ئۇنىڭ تولۇق نامى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبىن ئۇزلۇق ئىبىن تارقان. ئەل فارابى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئىدى.[231]

ئۇ ياشلىق چاغلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 30 ياشتىن ھالقىغاندا ئەينى زامان مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىگە بېرىپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە ئىلىم ـ پەن بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن.

ئەل فارابى ئۆز ئانا تىلى تۈركىي تىلىنى بىلگەندىن باشقا پارس، ئەرەب ۋە گرېك تىللىرىنىمۇ بىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 160 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرىنى ئاساسەن ئەرەبچە يازغان. ئۇ سۇرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئەل فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

«ئىھسالۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «ئۇيۇنۇل مەسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «كىتاب مەبۇدى ئاراي ئەل ـ مەدىنەت ئەل فازىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە كىتاب)، «كىتابۇن فى ئىقسە ئىلۇلومى ۋەتتەرىپ» (ئىلىم ـ پەنلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇش ھەققىدە).[232]

ئەل برۇنى (973 ـ 1048) يەنى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەد ئەل بىرۇنىي قەدىمكى خارەزمىنىڭ مەركىزى قىيان شەھىرى يىىندىكى «بىرۇن» (ھازىرقى شاباش) يېزىسىدا تۇغۇلغان. خارەزم گرېك ـ باكتىرىيە زامانىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغد ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى، قەدىمكى زورو ئاستىر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك) ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت ئاپىرىدىگاھى ئىدى. [233]

ئەل برۇنى يىگىتلىك چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، جورجان (شەمسۇل قابۇس ئىبىن ۋە شىمگىر سارىيى جايلاشقان شەھەر) دا 25 يىل تۇرغان، ئاندىن ئۆز يۇرتى خارەزمىنىڭ يېڭى پايتەختى ئۇرگەنچگە كەلگەن، ئۇ تەرەققىيپەرۋەر ئەمىر مەئمۇن ئىبنى مەئمۇن سارىيىدا ئىشلىگەن. 1017 ـ يىلى، مەخمۇد غەزنىۋى خارەزمنى ئىگىلىگەندە غەزنىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 31 يىل ياشىغان. ئەل برۇنى ئۆمرىدە بىر قاتار ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلار: «ئەلئەسەرەل باقىيە ئەنەل قۇرۇنەلھالىيە» (ئۆتمۈش ئەۋلادلاردىن قالغان يادىكارلىقلار، 1000 ـ يىلى)، «گېئودىزىيە»، «ھىندىستان»، «ئەل قانۇن مەسئۇدى»، «مىنېلورگىيە»، «فارما لوكنوزىيە»، «خارەزم تارىخى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەل برۇنى مەشھۇر ئالىم، تارىخشۇناس ۋە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ ئەرەب، تۈركىي، ئىبرانى، سۇرىيە ۋە سانسكرىت تىللىرىنى بىلگەن. ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇچۇن مىسلىسىز تۆھپە قوشقان. «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، برۇنى تۈرك ئاقسۆڭەك ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.» [234]

ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقەرى (1007 ـ 1093) ياكى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف قەشقەرى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى، قارا خانىيلارنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى، ھەدىسشۇناس ئىمام ھەم مۇددەرس. ئۇ ئۆمرىدە 200 رىسالىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان[235]. بىر قانچە پارچە ھەدىسى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە نەقىل

ئېلىنغان.

چىڭگىزخاننىڭ دەھشەتلىك قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرىشى بۇ يەردىكى يەرلىك تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى سۇسلاشتۇرمىدى. بۇ رايوندا پارس تىلى، تۈركىي تىلى بىلەن بىرگە ئەرەب تىلىمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ بىر ۋاسىتىلىق رولىنى ئويناۋەردى. بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركىي ئالىم ھىسامىددىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى ئۆزىنىڭ بۇ ئۈچ خىل تىلنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىستېمالغا سالغانلىقىدەك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بۇ ئالىمنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا توختالغان بارتولد ئىسلام دۇنياسىدا بۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ سىلىشتۇرما قىلىنىشى شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم بولغان، دەپ يەكۈنلىگەن.[236]

چاغاتاي خانلىقى زامانىسىدا يۈسۈپ سەككاكى (1160 ـ 1228) دېگەن بىر ئۇيغۇر ئالىمى ياشىغان[237][238]. ئۇ بىر مەزگىل چاغاتاي خاننىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى بولغان. شائىر 1190 ـ يىللىرى ئەرەب تىلى بىلەن «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم» («مەتلىئول ـ ئۇلۇم» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭدا نەچچە ئون تۈرلۈك ئىلىم تارماقلىرى توغرۇلۇق مۇلاھىزە بايان قىلىنغان.

ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى قەشقەردىن مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەم باي بارسىيە مەدرىسىگە مۇددەرس بولغان ۋە 1363 ـ يىلى «تاجۇل سائادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادات» (سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى) دېگەن بىر كىتابنى يازغان.[239]

ئىككىنچى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق ئالىملارنىڭ ئەرەب تىلىغا مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلىرى ۋە قامۇسلىرى.

لۇغەت ۋە قامۇسچىلىق قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە داۋاملاشقان. ئۇلاردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

«دىۋانۇل ئەدىب» (Divan aladib)، تولۇق نامى «دىۋانۇل ئەدىب فى بايان لۇغەتئۇلئەرەب». بۇنى فاراب (ئوترار) شەھىرىدىن بولغان

تۈركىي ئالىم ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل فارابى (مىلادىيە 966 ـــ ؟) ئەرەب تىلىدا يازغان ئەسەر، بەزىلەر بۇ ئەسەر مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نى يېزىشىغا ئۈلگە بولغان، دەپ ھېسابلايدۇ. [240]، [241]

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى (1020 ـ 1117) مىلادىيە 1072 ـ 1077 ـ يىللىرى يېزىپ چىققان سەككىز جىلدلىق ئەسەر. ئۇنىڭدا تۈركىي سۆزلەر ئەرەبچە ئىزاھلانغان [242]. كىتاب باغدادتا يېزىلىپ، ئاббاسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاغا ھەدىيە قىلىنغان.

«كىتابۇ جەۋاھىرۇن نەھۋ فى لۇغەتىت ـ تۈرك» (تۈركىي تىللار گراماتىكىسىنىڭ جەۋھىرى). بۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئەرەبچە يېزىلغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇ پىنھان بولغاچقا، تىل ـ يېزىق تەۋەلىكى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش تەس.

«مۇلاقات ئەل سۇراھ» (Mulhaqatal Surah). بۇ جامال قارشىنىڭ 1302 ـــ 1303 ـــ يىللىرى جەۋھەرىنىڭ «ساھاھ» ناملىق لۇغىتىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە يازغان لۇغىتى. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن پارچىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى داڭلىق شەيخلەرنىڭ تەزكىرىسىگە دائىر ماتېرىياللار، بەزى شەھەرلەرنىڭ يول، مەنزىللىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار. ئالىم بۇ ئەسىرىنى قەشقەردىكى دىنىي زاتلارنىڭ تەكلىپى بويىچە يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسىنى م. س. ئاندىروف XIX ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بايقىغان. 1898 ـ يىلى ۋ. ۋ. بارتولد ئۆزىنىڭ «موڭغوللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئەسەردىن ئۈزۈندە ئېلىپ، ئىزاھات يېزىپ، ئۆز كىتابىنىڭ 1 ـ تومى «تارىخىي ماتېرىياللار» (128 ـ 152 ـ بەتلەر) قىسمىغا كىرگۈزگەن.

«مۇكاشەفۇل لۇغەت». بۇ مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرۇلغان لۇغىتى

بولۇپ [243]، XVIII — XIX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تۈزۈلگەن.

«ئۇنئۇنۇل سەرف» . بۇ سالىھ داموللا ھاجى (1895 ـ 1957) نىڭ ئەرەب تىلى ۋە گىراماتىكىسىغا دائىر ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسىرى. [244]

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەر. ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا جىق گەپلەرنى قىلىشقا ئىمكانىيەتلەر تولۇق. X ئەسىردىلا بۇنىڭغا جاۋاب بېرىلگەن. مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس ئەبۇ ناسىر ئىبىن مۇھەممەد ئاسسائالىبىن (961 ـ 1038) نىڭ «يەتىمە تەددەھرفى ماھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ يېگانە دۇردانىلىرى) ناملىق ئەسىرىدە ئۆز زامانىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۈلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن. XV ئەسىردە نەۋائىي «ئەرەبى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن 40 پارچە دىداكتىك رۇبائىي يازغان. شۇنىڭدىن باشلاپ XIX — XX ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر جەرياندا، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەرەب تىلىنى قوللىنىشى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. يېقىنقى زاماندا ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىپ نەتىجە ياراتقانلار ئىچىدە ناقىس، سالىھ دامولا ھاجى (نىزامى)، مۇھەممەد پەيزى، مۇھەممەد روزى قاتارلىقلار بار. قاغىلىقلىق شائىر تەجەللىنىڭ «دىۋانى ئەرەبى» ناملىق توپلىمى خاس ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار بىلەن جەملەنگەن، «بەرقى تەجەللى» ئۇيغۇر، ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان قەسىدىلەر، مەرسىيىلەر، مۇھەببەت غەزەللىرى ۋە ساتىرالار كىرگۈزۈلگەن؛ قەسىدىلەر توپلىمى «تۆھبەتۇل بەھرەيىن» بولسا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا يېزىلغان. ئۇ يەنە «سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىنىمۇ ئەرەب، پارس تىلىدا يازغان. بۇ «بەرقى تەجەللى، سەبەقى مۇجەللى» دەپمۇ ئاتالغان. ئاتۇشلۇق سالىھ داموللا ھاجى (1895 ـ 1957) «ئەرەبى دىۋان» نى، دانىش ھەنىفى (1898 ـ 1970)، كاشغەرلىك مۇھەممەت پەيزى (1909 ـ 1967) بىر قاتار شېئىرلىرىنى، مۇھەممەد روزى (1907 ـ 1978) «دىۋانى مۇھەسسە» نى

ئەرەب تىلىدا يازدى. ئابدۇقادىر داموللام (1862 ـ 1924) ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىشنى مەقسەت قىلغان «مىفتائۇل ئەرەب» (ئەرەب تىلى ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب كلاسسىكلىرىنىڭ قەسىدىلىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىپ تۈزۈپ چىققان. ئابدۇجېلىل ئابدۇللا (1896 ـ 1937) مۇ بەزى مۇشائىرە، قەسىدە ۋە سالامنامىلەرنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى (1860 ـ 1955) «غەزەلىيات دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئەزەربەيجان تىللىرىدا يېزىلغان غەزەللەر توپلىمىنى 114 پارچە غەزەللەر بىلەن تاماملىغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» گىچە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە يېزىشقان خەتلىرى، ئېيتقان مەرسىيىلىرى، بىنالارغا يازدىغان تارىخىي مىسرالىرى، غەزەل، چاقچاقلىرى پۈتۈنلەي ئەرەب، پارس تىلى بىلەن بولدى. [245]

شىنجاڭ تارىخىدىكى ھەر قايسى يەرلىك ئەمەلدارلار پۇل ـ ئاقچىلارغا ئەرەب تىلى بىلەن خەت چۈشۈرۈشنىمۇ بىر ئادەت قىلغانلىقىنىڭ جەريانى ھەم ناھايىتى ئۇزۇن.

تۆتىنچى، خەت ـ چەكلەر ۋە ۋەسىقىلەر. خەت ـ چەكلەر ۋە ۋەسىقىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ۋاستە. ئۇ تۇرمۇشنىڭ مەدەنىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

قارا خانىيلار خانلىقى ئەرەب يېزىقىنى دۆلەت يېزىقىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرەب تىلىمۇ قارا خانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە قەشقەر، يەكەندە ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن ھەم بۇ رايونلاردا ئەرەب تىل ـ يېزىقى بىلەن خەت ۋە ھۆججەتلەر قالدۇرۇلغان. بۇنداق ۋەسىقىلەر ئىچىدە 1911 ـ يىلى يەكەن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باغدىن تېپىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى گېئورگى ماكارتىنىيىنىڭ قولىغا چۈشكەن ۋەسىقە بىلەن يەنە خوتەندىن قولغا چۈشۈرگەن ۋەسىقىلەر مىسال بولىدۇ. يەكەن

ۋەسىقىلىرى 1080 — 1135 - يىللىرى ئارىلىقىدا، خوتەن ۋەسىقىلىرى 1000 — 1100 - يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان.

قارا خانىيلار خانلىقىدىن باشلاپ XX ئەسىرگىچە شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ۋە بەزى مۇسۇلمان ئاممىسى ئايرىم ئەھۋالدا خەت - چەكلەر، ھۆججەت - توختامنامىلارنى ئەرەب تىل - يېزىقى بىلەنمۇ يېزىپ كېلىشكەن.

بەشىنچى، تەرجىمە ئەسەرلەر. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرى ئەرەب تىلىدىكى كىتابلارنى بىۋاسىتە ئوقۇپ چۈشەنگەندىن باشقا، يەنە ئايرىم ئۆلىمالار ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان كەڭ ئاممىنى مەنپەئەتدار قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىنغان ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

«ئەلقانۇن». بۇ تاجىك ئالىمى ئىبنى سىنا ئەرەب تىلىدا يازغان تېبابەت قامۇسى بولۇپ، قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان تېبابەت ئالىمى ئىماندىن قەشقەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.[247]

«مىفتائۇل ئۇلۇم». يۇسۇپ سەككاكىنىڭ بۇ ئەسىرىنى سەئىددىن مەسئۇد بىننى ئۆمەر تەفتازانى (1332 - 1390) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىدىن شەرھلەپ چىققان[248]. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوردىسىدا ياشىغان ئالىم ئەلى شەرىف جورجانى (? - ۋاپاتى 1413 - يىلى) مۇ شەرھى يازغان.

«مىفتائۇل ئۇلۇم» نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى XX ئەسىرگىچە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ساقلانغان، دېگەن گەپ بار. ئەمما، 1950 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ نۇسخىنىڭ دېرىكى بولمىغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1950 - يىللاردىن كېيىن قەشقەر ئۆلىمالىرى ۋە مۇدەررىسلىرىدىن مۇھەممەد بەيزى، مۇھەممەد ئىمىن داموللام، ئابدۇرەشىت قارى ھاجى قاتارلىقلار «مىفتائۇل ئۇلۇم» نى يېڭىباشتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ نۇسخا 1956 - يىلى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ش

ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى يېزىش ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنىپ، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلانغان ھەم تەرجىمە شەرھى قىلغۇچىلارغا دۆلەت تەرىپىدىن ئۆلچەملىك ھەق بېرىلگەن. [249]

«تەرجىمەئى قۇرئان» ، «قۇرئان» قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرى يەنى XII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە ئىلگىرى - كېيىن ئالتە قېتىم تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان [250]. ئەمما بۇ نۇسخىلارنى كىم، قەيەردە تەرجىمە قىلغان، بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى [251]، تەجەللى [252]، موللا سابىد ھاجى [253]، زىرىپ قارى ھاجى، ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى (1860 - 1955) ، مۇھەممەد سالىھ [254] قاتارلىقلار XVIII ، XIX ، XX ئەسىرلەردە ئىلگىرى - كېيىن «قۇرئان» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە تەفسىرىنى ئىشلىگەن.

«تەفسىرى قۇرئان» نى يەكەن ھۆكۈمدارى خوجا ياقۇپ (ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئەرشى» ، 1685 - 1756) 1735 — 1756 - يىللىرىغىچە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان چاغدا دىۋان خىراجىتى بىلەن ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. ئۇ يەنە «تارىخ ئەل ئىسلام» ، «فىقىق» ، «ھەدىس» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل، ئوخشاش شەكىل بىلەن تەرجىمە قىلدۇرغان. [255]

«تارىخىي تەبەرى» . بۇ ئەرەب تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرى يازغان كىتاب. بۇنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىملەر ئۇنىڭ پارسچە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان دېيىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ كىتاب ئەسلىي ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن؛ يەنە بىر جەھەتتىن، يۇقىرىقى تەرجىمانلار، بولۇپمۇ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئەرەب تىلىنىمۇ ئوبدان بىلگەچكە، «تارىخىي تەبەرى» نى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەرەبچە

نۇسخىسىمۇ ئاساس قىلىنغان بولىشى كېرەك، دەپ قارالسا مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچ قانداق يېرى يوق.

«مىڭ بىر كېچە» (AlifLay walayla). ئەرەبلەرنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۇ ئەسىرىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاقسۇدا ياشىغان تەرجىمان مۇھەممەد ئابدۇللاخان ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[256]

«چىھىلھال». ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. 1800 ـ يىلى ئەلى مۇھەممەد بارچۇق ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[257]

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئەرەبچە يېزىلغان دىن، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر خېلى كۆپ كىتابلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبى بويىچە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە تەرجىمە قىلىپ چىقىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى مائارىپى يولغا قويۇلغان 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە ئاساسلىق دەرسلىكلەر ئەرەب تىلىدىكى كىتابلار بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى شىنجاڭدىكى مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىنغان ئەرەبچە كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى مۇنداق بەرگەن:

1. «قازى بەيزاۋى تەفسىرى». ئاپتورى ئابدۇللا ئۆمەر بىننى بەيزاۋى (1282 ـ 1292)
2. «فىققە»
3. «سەرف»
4. «مەكتۇبات شېرىف»
5. «مىشكات شېرىف»
6. «ھىدايە»، ئاپتورى بۇرھانىدىن ئەلى (1135 ـ 1196)
7. «مۇختەسەر ۋەقايە»
8. «شەرھى ۋەقايە»
9. «ئۇسۇلى فىققە»
10. «تەجۋىد»
11. «شەرھى موللا»

12. «قوۋائىد»
13. «مەنتىق»
14. «ئەقــايــــدۇل ناســافــيــە»، ئاپــتورى سەدرىــدىــن تەفــتــازانى (1322 ـ 1389)
15. «شەمسىيە ئاتا بولمەنتىقىنىڭ تەفسىرى»
16. «ئۇسۇلى فىقھى»
17. «شاتىم»
18. «تەفسىرى كەبىر» [258]

ئــومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئۇ تاسادىپىي ھادىسە سۈپىتىدىلا توختاپ قالغان ئەمەس. مىڭ يىللىق ئىسلام مەدەنىيىتى ھادىسىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە بېيىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خاس ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھادىسىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، يېڭى بىر ئىلىم تــارمىقىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى؛ ئــۇيــغــۇرلار يەنە ئىسلام مەدەنىيىتىنى زورايتىش ۋە دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتىرىشتە غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، بۇنى تونىماسلىق ئىسلام مــەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە مۇكەممەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4. بــاشــقــا مىللەت تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ خاس تىلى بار مىللەت. بۇ تىل ئاز كەم 1000 يىلدىن ئارتۇق يازما ھۆججەتلەرگە چۈشۈرۈلۈش تارىخىغا ئىگە. ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840 ـ يىلى) دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ بىر پۈتۈن مىللىي تىل دەرىجىســىگە كۆتۈرۈلگەنلىكــىگە 1300 يىل بولدى. قــوچو ئۇيــغــۇر خانلــىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» باسقۇچىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «مىللىي تــىلى» بولۇش رولىنى ئۇنۇملۇك جارىي قىلدۇرغاندىن باشقا، ئوتتۇرا

ئاسىيادا بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «ئۆلگىلىك ئەدەبىي تىلى» بولۇپ خىزمەت قىلغان. ھەتتا مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇر تىلى ۋەكىللىك قىلغان تۈركىي تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى شاش ئاتقا ئوخشاتقان. قوچو ئۇيغۇر تىلى بىلەن «ئالتۇن يارۇق» ، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق ئەسەرلەر، قارا خانىيلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى ئىپادىلەش قۇۋۋىتى نامايان قىلىنغان.

مەھمۇد قەشقىرى بۇ دەۋردە «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتاب يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقى، ئىپادە قۇۋۋىتى ۋە تىل مەدەنىيىتىنى ئىسلام دۇنياسى ئارقىلىق دۇنياغا كۆرسەتكەن.

XII — XIII ئەسىرلەردە مۇڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋام ئېتىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ قىسمەن تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق «چاغاتاي تىلى» شەكىللەنگەن ۋە بۇ تىل XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ تىلنى ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەر، چاغاتايلار ۋە باشقا خەلقلەرمۇ قوللانغان. چاغاتاي تىلى «تۈركىي» (تۈرك) تىلى، «قەشقەر تىلى» ، «ئۇيغۇر ئىبارىتى» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. زامانىمىز ئالىملىرى ئۇنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتاشماقتا.

بۇ تىل مۇھەممەد خارەزمى («مۇھەببەتنامە» نىڭ ئاپتورى) ، لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى، ئاياز شىكەستە («جاھاننامە» نىڭ ئاپتورى) ، ھىرقەتى (گۇمنام) ، زەلىلى، نىزارى، موللا بىلال قاتارلىقلار پاساھەتلىك ۋە كامالەتكە يەتكەن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىتابى فورمىسىنى بىلىشنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى يارىتىپ بەرگەن. كېيىنكى 1000 يىللىق تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلى ۋە قوللانغان ھەر خىل يېزىقلىرى ئارقىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن يازما ھۆججەتلىرى نەچچە مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. بۇلار يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنىڭ

ئۆز تىلىنى قوللىنىشىنى يېتەكچى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، بەلكى بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يازما ھۆججەتلىرىنىڭ بولماسلىقى ۋە كەملىكى تۈپەيلىدىن، خالىس ۋە سېخىيلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى شەرەپ بىلەن ئۆتەپ كەلمەكتە.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئالدى بىلەن ئۆز تىل - يېزىقىدا خاتىرىلەپ كەلگەن. بۇ ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ ئومۇمى مىللەت ئىچىدە يېتەكچى تىل قىلىنغانلىقىنى روشەن كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان بىر تۈگۈندە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، تارىختىن بۇيان قوشنا خەلقلەر تىللىرىنى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. بىز ئەجدادلارنىڭ كۆپ خىل تىل ئىگىلەش ماھارىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە شۇنداقلا، باشقا مىللەت تىللىرىدا يازغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى كۆرگىنىمىزدە چەكسىز ئىپتىخارغا چۆممەي تۇرالمايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا ئەسەر يېزىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل، ئاساسلىق سەۋەبلەر:

بىرىنچىدىن، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى باشقا خەلقلەرگە بىلدۈرۈش. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نى يېزىشتا، تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەرەب دۇنياسىغا بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئىككىنچىدىن، باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنى ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش. مەسىلەن، سىڭقو سەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر بەزى ئەھۋاللارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يەتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، باشقا مىللەت تىللىرىدا

يېزىلغان نادىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان تەرجىمانلارنىڭ ئەمگىكىنىمۇ شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىل ئىگىلىيەلىگەنلىكى ۋە بۇنداق تىللاردا سۈپەتلىك ئەسەر يازالايدىغانلىقىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن باشقا مىللەت تىللىرىدىمۇ ئەسەر يازغان. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ 30 نەچچە پارچە ئەسىرىنى ھەتتا «خەمسە نەۋائىي»، «چاھار دىۋان» (خەزائىنۇل مەئانى) دەك 100 مىڭ مىسراغا يېقىن (قوشۇپ ھېسابلىغاندا) شېئىري ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلىدا يېزىپ، تۈركىي تىلىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى نامايان قىلغاندىن باشقا، «پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تېخى مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇق بىلمەس» دەپ ھېسابلاپ، ئون مىڭ مىسرادىن ئارتۇق «دىۋانى فانى» توپلىمىنى پارسچە يازغان.

تۆتىنچىدىن، باشقا مىللەتلەرنىڭ بېشىغا ئاپەت قوشى قونۇپ، جاھان سورىغان چاغلاردا زۆرۈر ۋە مەجبۇرىيەت تۈپەيلى شۇ مىللەت يولباشچىلىرىغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە زېھنىنى بەھۇدە زايا قىلىۋەتمەي، ئىلىم ـ پەن، مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلاپ، ئىلمىي ئەسەر يېزىشنى رويابقا چىقارغان. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت سەھنىسىنىڭ كۆرنەرلىك يېرىدە جەۋلان قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بەشىنچىدىن، ئۇيغۇر يۇرتلىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي داۋالغۇشنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغاندا، ھايات يولى ئىزدەپ، مۇقىم ئىلمىي مۇھىتقا تەلپۈنۈپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ، شۇ يەردە جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدىلا بولماستىن، بەلكى ئامال بار ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي، تىرىشىپ ئىلىم مۇتالىئە قىلىپ، بىلگەنلىرىنى كىتاب يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئەبەدىي يادىكارلىق قالدۇرغان. مەسىلەن،

سەئىددىن قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ جەمەتى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

ئالتىنچىدىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات يۆزلىنىشى، بولۇپمۇ دىن، مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجى، ئۆلىما - ئەللامەلەرنىڭ بىر قانچە خىل تىلنى بىلىشنى ھەم گېزى كەلگەندە بۇ خىل تىل بىلەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنى تەقەززا قىلغان. مەسىلەن، 1000 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئىسلام دىنى ئېتىقادى ۋە ئىسلام دىنى مائارىپى ئۇيغۇر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىلىنى بىلىشنى شەرت قىلغان ۋە بۇ تىل زىيالى - ئۆلىمالارنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ھەم ئىجادىيەت تىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

يەتتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەرىپەت، ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلىغۇچى ئەزىمەتلىرى تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەش، يۈكسەك مەرىپەت مەركەزلىرىگە ئىنتىلىش ئۈچۈن قوشنا مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىلىم بۇلاقلىرىدىن مەرىپەت سۇلىرىنى ئىچىپ، ئالىم - ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم زاپىسىنى بېيىتقان، بەزىلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن، بەزىلىرى ياقا - يۇرتلاردا قېلىپ قالغان. بۇنداق ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بوي سۇنۇش ئۈچۈن ياقا يۇرت، باشقا مىللەت خەلقى ئارىسىغا بارغاندا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشى ئەقەللىي ساۋات بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق غەيرىي ئالاھىدىلىكى يوق. باشقا مىللەت تىلىنى ئۆگىنىش قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيەت تارىخىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىش.

بۇلاردىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار بولۇپ، قالغىنىنى ئوقۇرمەنلەر مەنتىقىي خۇلاسە ئارقىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ چىقسا ئارتۇقچە ئىش ھېسابلانمايدۇ.

باشقا مىللەت تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى زادى قانداق بولىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىلىدىكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بىر ئۆلۈش ئورۇنغا ئىگە. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دېگەندەك چوڭقۇر

ئەمەس. بۇ ئەسەرلەر باشقا مىللەت تىللىرىدا يېزىلغان ئىكەن، ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دائىرىسى ئىچىگە قويۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدىغان خاھىش ئۇزۇندىن بېرى مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ ئىدىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلساق، مۇنداق بىر قانچە تەرەپ، يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سېلىپ قويىدىغان مۇنداق بىر مەسىلە بار. بىر پارچە ئىلمىي ئەسەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىش ئۆلچىمى بويىچە مۇلاھىزە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپقانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش. چۈنكى، مەيلى ئىلمىي ئەسەر بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ئەسەر بولسۇن، ئوخشاشلا مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاپتورى چوقۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدىغان «ئەدەبىي ئەسەر» دېگەن ئۇقۇمنى «ئىلمىي ئەسەرلەر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن چۈشىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىرىنچى، ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل - يېزىق مەسىلىسى.

بەزىلەر، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى مىللىي تىل - يېزىقتا دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلەتكەندە ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى؛ پائالىيەتلىرى ۋە خاراكتېر پسىخىكىسىنى تېخىمۇ چىن ھەم جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. مىللىي تىل- يېزىق ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى تولۇق نامايان بولۇپ كەلدى.

ئەمما، بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەھۋاللارنى بايقايمىز. يەنى بىر مىللەت يازغۇچىسىنىڭ خىلمۇ خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باشقا مىللەت تىل - يېزىقىدا ئەسەر يېزىپ، باشقا مىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ، ئۆز مىللىتى

ئارىسىدىمۇ تەسىر قوزغىغانلىقى تارىخىي ئەمەلىيەت. بەزىلىرى يەنە باشقا
مىللەت ئىچىدىلا تەسىر قوزغىغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن بىر
مۇنچە ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغانلىقىدىن باشقا
ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدا ئەبۇ
ئىبراھىم ئىسھاق بىن ئىبراھىم ئەل فارابى (? ـ 966)، ئەل فارابى
(870 ـ 950)، ئەبۇ ناسىر ئىسمائىل (جەۋھەرى، XI ئەسىر)، يۇسۇپ
سەككاكى (1160 ـ 1228) قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان
شائىر، ئالىملىرىدىن تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللا، سالىھ داموللا
(1895 ـ 1957)، مۇھەممەد پەيزى (1909 ـ 1967)، مۇھەممەد روزى
(1907 ـ 1978) . . . لار ئەرەب تىل ـ يېزىقىدا؛ تۈركىي كىشى ئەيلاقى
(X ـ XI ئەسىرلەر) نىزامى گەنجىۋى، مىرزا تاراغاي ئۇلۇغبېك، مەھمۇد
جوراس (1620 ـ 1696)، ئابدۇقادىر مەرغالى (XV ئەسىر) قاتارلىقلار
پارس تىل ـ يېزىقىدا ئەسەر يازغان؛ جامال قارشى (1230 ـ
1315)، سەئىددىن قەشقەرى (1377 ـ 1456) ئەرەب ۋە پارس تىل
يېزىقىدا ئەسەر يازغان بولسا، لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى، مىرزا ھەيدەر
(1500 ـ 1551)، زەلىلى (1676 ـ 1755)، گۇمنام، ئەرشى
(1685 ـ 1756)، موللا شاكىر (1805 ـ 1870)، موللا مۇسا سايرامى،
ئەھمەد زىيائى قاتارلىقلار ھەم ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھەم پارس تىل ـ يېزىقى
بىلەن ئەسەر يازغان. تەجەللى قاتارلىق شائىرلار ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر
تىل ـ يېزىقلىرىدا ئەسەر يازغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئارىسىدىكى
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تۈرتكىسىدە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەت
ئاپتورلىرى خەنزۇ تىلىدا، خەنزۇ ئاپتورلىرى باشقا مىللەت تىلىدا ئەسەر
يازىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلمەكتە. مەسىلەن، خەنزۇ ئەدىب سۇئاماڭ
دۇنيا تىلىدا ئەسەر يېزىۋاتىدۇ. موڭغۇل يازغۇچىسى مالىچىنخۇ، يىزۇ
يازغۇچىسى لى چياۋ، بەيزۇ شائىرى شاۋشۇ، جۇاڭزۇ يازغۇچىسى لۇدى،
خۇيزۇ يازغۇچىسى خاكۇەنگۇيلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىل يېزىقىدا
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇنىڭغا

ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. دېمەك، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەملەر ئىچىدە تىل - يېزىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇ ئىككىنچى ئورۇندىكى تولۇقلىغۇچى ئامىل بولۇپ، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

ئىككىنچى، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى. بۇنى تېمىچىلىق كۆز قارىشى دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار. بىر قاراشتا، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇشقا قاراپ، بۇنداق ئەسەرلەرنى قايسى مىللەتكە تەۋە قىلىشنى بەلگىلەش لازىم، دېگەن خاھىشنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مىللىي تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش مەنبەسى ئىكەنلىكى روشەن بىر نۇقتا. ئەمما ئۇ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى، ئېلىمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئەھۋاللارغا قارايدىغان بولساق، بۇ نۇقتىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان نۇرغۇن مىساللار بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى يەھۇدى ۋە ئەرەب خەلقلىرى تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان؛ ئەلىشىر نەۋائى، موللا پازىل، ئابدۇرەھىم نىزارى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» تېمىسىدىكى داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنغان.

خەنزۇ ئەدەبىياتىدا ۋاڭ يۈخۈ، ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەش جەريانىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ بىر مۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ۋاڭ يۈخۈ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن باشقا قازاق، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

چەت ئەل ئەدەبىياتىنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن ئەنگلىيىلىك دراماتورگ شېكسپىرنى تىلغا ئالىمىز.

شېكسپىر بىر مۇنچە ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىيالىنى دانىيىدىن

(مەسىلەن، «ھاملېت» نىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ۋە ئىتالىيىدىن (مەسىلەن، «ۋېنېتسىيىلىك سودىگەر»، «رومېئو بىلەن جۇلىيېتتا»، «ئوتېللو» لارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ئېلىپ، ئىنگلىز تىلىدا ئەسەر يازغان. ۋەھالەنكى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دانىيە ئەدەبىياتى، ئىتالىيە ئەدەبىياتى دەپ قارىماي، بەلكى ئەنگلىيە ئىنگلىز ئەدەبىياتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. رۇسىيىدىمۇ، پۇشكىن، لېرمونتوۋلار رۇس تىلى بىلەن كاۋكازلىقلار تۇرمۇشىدىن شېئىرلارنى يازغان. لېۋ. تولستوي بىلەن گوگولمۇ ئوكرائىنا كازاكلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەسەر يازغان.

ياپونىيە ئەدەبىياتىدا، مەشھۇر يازغۇچى يانوئوئى ياساشى «دۇنخۇاڭ»، «كۆك بۆرە»، «غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى»، «كرورەن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تۇرمۇشىدىن ئېلىپ يېزىپ چىققان.

مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىدە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىيراق ئىككى مەسىلىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مەسىلە يەنىمۇ چوڭقۇر ھالدا پىكىر بايان قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنى يەنە بەزىلەر روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش كۆز قارىشى، دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئەسەرنى قانداق ئادەم قايسى خىل يېزىقتا يازمىسۇن، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇشتا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن بولسا، شۇنىڭ ئۆزى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەر بولىۋېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر تېما كۆز قارىشىنى رەت قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنى يېتەرلىك ئاساس قىلىپ مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇشىنى زۆرۈر شەرت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، تېما ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ ئەسەردىكى كونكرېت تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش

ۋەقەلىكى ياكى ھادىسىدىن ئىبارەت. يازغۇچىنىڭ كۆڭلىگە پۈتۈلگەن مەلۇم مەقسەت، پەقەت ئەنە شۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى مۇھىتىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ. [260]

ئىلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، مەلۇم بىر مىللەت ئاپتورىنىڭ يەنە بىر مىللەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئەسەر يازغانلىقى، ھەتتا ئاردا ۋاسىتىچى بولغان يەنە بىر مىللەت ئەدەبىيات ھادىسىسى بولغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى بىلەن مەزمۇنداش بولغاچقا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدۇق. قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن رابغۇزى، لۇتفى، نەۋائى، ئابدۇرەھىم نىزارى قاتارلىقلارنى؛ خەنزۇ ئەدەبىياتىدا ۋاڭ يۇخۇ، ۋاڭ مىڭ قاتارلىقلارنى؛ ياپونىيە ئەدەبىياتىدا يانوئوئى ياساشى (Yanooi Yasaxi)، ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدا شىكسپىر قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتىمىز. بۇ ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەت تۇرمۇشىدىن تېما تاللاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل- يېزىقىدا ئەسەر يېزىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى بېيىتىشتا رول ئوينىغان.

بەزى ئاپتورلار باشقا مىللەت تىل- يېزىقىدا، باشقا مىللەت تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى بىلمەيدىغان يازغۇچىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر خىل نورمال ئەھۋال. شۇنداقلا، بىر پارچە ئەسەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى بەلگىلەشكە جىددىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى تۇرمۇش بولۇپ، ئۇنى «مىللىي تۇرمۇش» دېگەن فورمۇلا بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئاپتور كەڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىن خالىغانچە ماتېرىيال ئېلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلسا بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق چەكلىمە يوق. بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرگە بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنى ئاساس

قىلىش كېرەكلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش، ئەدەبىيات ئىلمىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنلىك ئاقىۋىتىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەئەللۇقلۇقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك، دېيىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇكى، بۇ ھەل قىلغۇچ شەرت ئەمەس. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ قارايمىز، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، دۇنيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىنىڭ مۇرەككەپلىكى، دەۋر دولقۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىكلىكى تۈپەيلىدىن، قەدىمكى ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەت يادنامىلىرىدىن ئىزچىل زوقلىنىپ تۇرۇشى، بەھرىمەن بولۇشى ھەمدە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن، ھەتتا پەقەتلا بولمىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيمىز. تارىم ئويمانلىقى بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىم بىر مەدەنىيەت يەر ئاستى ئامبىرى دەپ قارىلىپ كېلىنمەكتە. يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا نۇرغۇنلىغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى 2000 ـ 4000 يىللار ئىلگىرىكى زامانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، شۇلارنىڭ يەر ئاستىغا چۈشكەن زامانى بىلەن قېزىۋېلىنغان بۈگۈنكى كۈنگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئۇنى كۆرگەن ئادەملەرنى بىز بىلمەيمىز. كۆرگەن ئادەم يوق ئىكەن، ۋارىسلىق قىلغان، تەسىرى ئۆتكەن دېيەلمەيمىز. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار تەتقىق قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ۋە «مايترى سىمىت» دراملىرىنىڭ قىسمەتلىرىنىمۇ قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ. ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى (552 ـ 740) ۋە ئۇيغۇر خانلىقى (740 ـ 840) دەۋرلىرىدە شانلىق ئەدەبىيات يارىتىپ، ئۇلارنى يوغان مەرمەر تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان. ئۆز دەۋرىدە ئۇنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ

مەڭگۈ تاشلارنى بىلىدىغان، خېتىنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەر قالمىغان. ئۇنىڭ قانداق تەسىرىنىڭ بولغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلەش تەس. مەڭگۈ تاشلار تىكلىنىپ ئارىدىن ئاز كەم 1000 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىلىم دۇنياسى مۇشۇنداق بىر مەڭگۈ تاشلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. 1730 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك ستراليېنبېرگ موڭغۇل دالاسىدا سۈرگۈندە تۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن، ستوكھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، شۇ كىتاب ئارقىلىق يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن بايقالغان بىر تۈركۈم مەڭگۈ تاشلارنىڭ رەسىملىرىنى ئېلان قىلدى. 1893 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەشھۇر ئالىم تومسېن دانىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ مەجلىسىدە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى غەلىبىلىك هالدا يېشىپ ئوقۇغانلىقىنىڭ جەريانىنى دوكلاد قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ 1300 يىللار بۇرۇن يازما ئەدەبىياتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىشقا، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزۈشكە تۇتۇندى. «مايتىرى سىمىت» ھەققىدىكى بايانلارمۇ قىزىقارلىق. هازىر ئىلىم دۇنياسى ئۇنى 27 پەردىلىك دراما دەپ قارىغان. بۇ داڭلىق ئەسەردىن كەڭ ئۇيغۇر ئاممىسى تېخى نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى خەۋەرسىز ئىدى. چەت ئەللەردە پارچە ـ پۇرات نۇسخىلىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭدىكى ئادەم كۆرمەيدىغان، ئادەم بارمايدىغان قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىلىرى، قەدىمكى ئىز خارابىلىرىدىن تېپىۋېلىپ، ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى قۇمۇلدىن تېپىلغان. ئۇنى 1959 ـ يىلى قۇمۇلدىكى يەھيا رېھىم دېگەن بىر چارۋىچى چارۋا بېقىۋېتىپ، كىگىزگە ئورالغان هالدا بىر قارىغايلىق ئېدىردىن تېپىۋالغان. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىكى ئىسرايىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىق ئىلمىي خادىملار تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىر قانچە يۈز يىل ئىلگىرى ئىشلىتىپ ئىستېمالدىن قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق مىساللارنى جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن شۇ نەرسە بىلىنىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن كېيىن يارىتىلغان ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۆتكۈزىدۇ دېيىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەر ئىز ـ دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىپ نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن بايقىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يادىكارلىقنى باشقىلارغا بىرىۋېتىشكە ياكى تەتقىق قىلىپ، ۋارىسلىق قىلماسلىققا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، جۇغراپىيىلىك ئۆلچەم مەسىلىسى. يەنى مەلۇم جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ياشىغان خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى كېيىنچە شۇ دائىرىدە شەكىللەنگەن مىللەتكە تەۋە بولىدۇ، دەپ ھېسابلاش كۆز قارىشى. بۇنى رايون ئەدەبىياتى، مىللىي ئەدەبىيات دېگەنلىك دەپ ھېسابلاش قارىشى ياكى تەبىئەتپەرەسلىك كۆز قارىشى دەپ مۇلاھىزە قىلىسمۇ بولىدۇ.

مەلۇمكى، قوۋم ـ خەلقلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى نىسپىي مۇقىم بولىدۇ. بەزى رايوندىكى مىللەتلەر ناھايىتى ئۇزۇنغىچە كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئولتۇراق تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان. بەزى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دەۋردىلا مىللىي نامى مۇقىملىشىپ، مىللىي گەۋدىسى شەكىللەنگەن بولىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى يېقىنقى زاماندا شەكىللىنىپ، مىللىي نامىمۇ يېقىندىلا بەلگىلەنگەن. بۇنداق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندىن ۋە شۇ خىل مىللەتلەر تۇپى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئاپتورلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى

ئايرىشتا روشەن، كونكرېت ۋە ئومۇمىيەتچىل كۆز قاراشلارنى ئاساس قىلىش لازىم، ئەلۋەتتە. دۇنيا تارىخىدا بۇنداق ئەھۋاللارغا مىساللار ناھايىتى كۆپ. مۇشۇلارغا قارىغاندا، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپچىلىك ئاپتورلار ئۆزى مەنسۇپ بولغان قوۋملارنىڭ روشەن مىللىي گەۋدىسى، مەدەنىيەت ئومۇمىيلىقىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، قانداقتۇر ھايات قىسمەتلىرى، ئۆمۈر باياتلىرىدا ھەرخىل شەكىلدە ئۆزى ۋە باشقىلار بىر مىللەتكە مەنسۇپلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، باشقا مىللەت ئاپتورلىرىنى قويۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن كلاسسىكلاردىن بىر قانچىسىنى مىسال قىلىپ سۆزلىسەك، IX ـ X ئەسىرلەردە بەشبالىقتا ياشىغان مەشھۇر تىلشۇناس سىڭقو سەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق» نى تەرجىمە قىلغان چېغىدا «بەشبالىق سىڭقو سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان» لىقىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپلىقىدىن شەپە بېرىپ ئۆتكەن. گەرچە يۈنشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ياشىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نى باغدادتا يېزىپ، ئابباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلغىنىدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ۋە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى ھېسابلانغان شەھەرنىڭ نامىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ، «مەھمۇد قەشقىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن يىراق بولغان ھېرات شەھىرىدە ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما زامانداشلىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر قوۋمىگە مەنسۇپلىقىنى بىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 40 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر سىياسىئون ۋە تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا تارىخقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا «ئەلىشىر ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن» دېگەن ئۆچمەس قۇرلارنى يېزىپ قويغان. ھەتتا ئاپتورى نامەلۇم بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىگە كەڭ تارقالغان «ئوغۇزنامە» نىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخان تارىخىنىڭ ئەينەنلىكىنى

ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ شانۇ شۆھرىتىنى تىكلەشكە بىۋاستە ياردەم بەرگەن يادرو قەبىلىگە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بەرگەندىن باشقا، ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇر خاقانى مەن» دەپ كۆللى ئالەمگە جاكارلىغان، بۇ ئارقىلىق «ئوغۇزنامە» دىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن. يەنە XII ئەسىردىكى داڭلىق ئەما يازغۇچى ئەھمەد يۈكنەكىنى ئالساق، ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى قىسمەن بولسىمۇ ئايرىغان يۇرتى توغرۇلۇق سۆز ئاچساق، بۇ شائىرنىڭ يۈكنەك دېگەن بىر جايدا تۇغۇلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمما بۇ يەرنىڭ قەيەردىلىكى ئېنىق ئەمەس؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھۆسن قوشقان بۇ ئەسەردە شائىرنىڭ داستانىنى «قەشقەر تىلى» بىلەن يازغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. قەشقەر تىلىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە تىلغا ئالغان «خاقانىيە تىلى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئېيتقان «بۇغراخان تىلى، خان تىلى، تۈرك تىلى»، سىڭقو سەلى تۇتۇڭنىڭ «ئالتۇن يارۇق» تا تىلغا ئالغان «ئۇيغۇر تۈرك تىلى» بىلەن بىر تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋائى تىلغا ئالغان «تۈرك لەفزى»، «ئۇيغۇر ئىبارەتى» دەپ ئاتالغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا باغلاشتا ۋاسىتىلىك تىل بولغانلىقىنى مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققى.

ئوتتۇرا ئەسىردە تۈركىي تىللىق قوۋملاردا بۆلۈنۈش، ئارىلىشىش، گۇرۇپپىلىشىش، مۇقىم جايلىشىش، يۆتكىلىش ئەھۋاللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم شارائىتتا مىللىي ۋە قوۋمناملىرىنىڭ نائېنىقلىقى سادىر بولغان. شۇڭا، ئاپتورلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشتا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ كونكرېت تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا «قەشقەر تىلى»دىن ئىبارەت بۇ پاكىت مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ مۇھىمى قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئەھمەت يۈكنەكى ياشىغان دەۋردە قەشقەر ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مەركەزلىرىدىن ئىدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان. ئەھمەد

يۈكنەكى شۇ مۇھىتتا ياشىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى ۋاسىتە قىلىپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىن ئىبارەت ئۆلمەس داستانىنى يېزىپ ئۆز مىللىتى، جۇملىدىن ئىنسانىيەتكە مىراس قالدۇرغان.

مۇھىت، جۇغراپىيىلىك شارائىت، رايون - جايلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئاپتورلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشتا ئاساسىي ئۆلچەم بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت قوشۇمچە ئۆلچەم ياكى ۋاسىتىلىك ئۆلچەمدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئەنئەنە ئۆلچىمى، مىللىي مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى ئۆلچىمى (بۇنى مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئالاھىدىلىك ئۆلچىمى دائىرىسىدە قويۇپ ئۆلچىسىمۇ بولىدۇ.) دېگەنگە ئوخشاش ئۆلچەملەرمۇ بار. بىزنىڭچە، بۇلار قوشۇمچە ئۆلچەملەر بولۇپ، بۇ يەردە خاس سەھىپە بويىچە مۇھاكىمىگە قويۇلمىدى.

يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئۆلچەملەر ئىچىدە قايسىسىنى مىللىي ئەدەبىياتنى ئايرىشتىكى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىش لازىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، يازغۇچىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىش لازىم. بۇ قارىشىم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى جاڭيۈ ئەپەندىنىڭ قارىشى ئاساسىدا، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش، ئۇنى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

جاڭيۈ ئەپەندى مۇنداق يازغان: يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى ۋە ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن مىللىي تىل - يېزىق مەسىلىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ئۈچ ئامىل ئىچىدە يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم شەرتتۇر. يەنى مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولىدۇ. بۇ كەڭ ئامما ئەڭ ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان فورمۇلادۇر.

موڭغۇلدىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى موڭغۇل ئەدەبىياتى، ئۇيغۇردىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ··· بولىدۇ. ۋەھاكازا» . ئۇ بىر قاتار تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يازغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەلۇم بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا هۆكۈم قىلىشنىڭ هەل قىلغۇچ ئامىلى؛ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن تىل- يېزىق مەلۇم بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇهىم ئامىلى، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەئەللۇقلۇقىنى ئايرىش جەهەتتە بولسا پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىكى، تولۇقلىغۇچى ئامىلدۇركى، مۇهىم هەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مىللىي تەئەللۇقلۇقىنى ئايرىش جەهەتتە بىز ‹كېلىپ چىقىشى هەممىنى هەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى› نى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك، مۇۋاپىقراق ۋە ئورۇنلۇقراق بولىدۇ.» [261]

نېمە ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى قىلىش كېرەك دەيمىز. بۇنىڭ جاۋابى ناهايىتى ئوڭاي. بۇنى پەلسەپىدىكى «ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى» دېگەن كاتېگورىيە ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز. بىز يازغۇچىنى بىر ماددىي (رېئال) مەۋجۇت شەيئى دەپ هېسابلايمىز (ئادەمنىڭ ماددىلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مەهسۇلى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز، ئەلۋەتتە) . ئالدى بىلەن مۇشۇ ماددا مەۋجۇتلۇق بولمىسا ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جۈملىدىن يازغۇچى بولمىسا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ياكى دۇنيادىكى هەر قانداق بىر ئىنسان (ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولغان بولىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچى مىللىي يازغۇچى بولۇپ، قايسى ماكان، قايسى مۇهىت ئىچىدە، قانداق تىل بىلەن قانداق تۇرمۇشنى ۋە مەدەنىيەت هادىسىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئەسەر يازمىسۇن، ئالدى بىلەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ئۆز

مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالا ـ تەپەككۇرى جىسمانىيىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى مۇنداق ھەل قىلىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك، دەيمىز. بۇنى يەنىلا پەلسەپە ۋە لوگىكا پىنى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز يازغۇچىنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشتا ئاساسلىق بەش خىل قاراش بارلىقىنى بىر ـ بىرلەپساناپ ئۆتتۇق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان بەش خىل زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم بىرىنى ئاساس قىلىش لازىم. ھېچقايسىسىنى ئۆلچەم قىلمىساق، بىزدە بىر ئىلمىي ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلمەيدۇ. مۇرەككەپ زىددىيەت ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىقىمىز مانا مەن دەپ چىقىپ قالىدۇ. بىزدە بىر ئىزدىنىش، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جاسارىتى بولۇشى لازىم، بىزنى تەمتىرىتىپ تۇرغان بۇ مۇرەككەپ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولغان ماركسىزملىق پەلسەپىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. پەلسەپە قوللانمىلىرىدا «زىددىيەت ۋە ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت» دېگەن بىر كاتېگورىيە بولۇپ، دەل بۇ بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان تېمىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاساسىي زىددىيەت مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان زىددىيەت. ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت يەنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت ئىككىنچى ئورۇندا ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىغان زىددىيەت».

«مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆپىنچە نۇرغۇن زىددىيەتلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر تەرەققىيات جەريانىدا تەكشى بولمايدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسىي بولمىغان باشقا

زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ياكى شۇنداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى، خاراكتېرىنى، يولىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى»[262]. شۇڭا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتكەن: «ھەر قانداق جەرياننى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر ئۇ، ئىككىدىن ئوشۇق زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەريان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېپىپ چىقىش كېرەك. ئۇ ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇۋېلىنسا، بارلىق مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ». «بۇ ئۇسۇلنى چۈشەنمىگەندە، نەتىجىدە خۇددى تۇتەك ئىچىدە قالغاندەك، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ»[263].

دېمەك، بەش خىل زىددىيەت ئىچىدە يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشى لازىم. مۇبادا بۇنى ئاساسىي زىددىيەت دەپ قارىمايدىكەنمىز، ئۇنداقتا مۇشۇ مۇھاكىمىدە «ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى» دېگەن پەلسەپە كاتېگورىيىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.

يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئۇقۇمنى ھەل قىلىشتا لوگىكا پېنىگىمۇ مۇراجەت قىلماي بولمايدۇ. لوگىكىدا «زىددىيەت قانۇنىيىتى» دېگەن بىر كاتېگورىيە بار. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «زىددىيەت قانۇنىيىتى ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، كىشىلەردىن ئەينى بىر پىكىر جەرياندا، يەنى ئەينى بىر ۋاقىتتا ۋە ئەينى بىر مۇناسىۋەتتە ۋە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە بولغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنىلا ھەقىقىي دەپ ئېتىراپ قىلىۋەرمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەلەپكە خىلاپلىق قىلىنىپ، ئەينى بىر تەپەككۇر جەرياندا بىر ئوبيېكت بىرلا ۋاقىتتا ھەم تەستىقلانسا، ھەم ئىنكار قىلىنسا ‹ئۆز ـ ئۆزىگە زىت› بولۇش لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ ياكى لوگىكىلىق زىتلىققا يول قويغانلىق بولىدۇ»[264]. «زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ رولى پىكىرنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش، ئۆز ـ ئۆزىگە زىت ئەھۋاللاردىن خالىي بولۇشتا

گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق ئورۇندا، ھەر قانداق مەسىلە ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشتە تەپەككۇردا زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنىپ، لوگىكىلىق زىددىيەت پەيدا بولسا، رېئاللىقنى توغرا بىلگىلى، مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلغىلى، توغرا يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ»[265]. شۇڭا، لېنىن «مەيلى ئىقتىسادىي تەھلىلدە بولسۇن ياكى سىياسىي تەھلىلدە بولسۇن (توغرا لوگىكىلىق تەپەككۇر شەرتى ئاستىدا) لوگىكىلىق زىتلىق يۈز بەرمەسلىكى كېرەك»[266] دېگەنىدى.

مىللىي يازغۇچىلارنىڭ تەۋەللىكىنى ئايرىشتا ئاساسىي مەسىلە ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىنى يېتەكچى قىلىپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغاندا، يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاساس قىلىش، قالغانلىرىنى قوشۇمچە قىلىش لازىم. بۇ ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئومۇمىي فورمۇلا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىي كۈچلۈك، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ ھەم ئامما ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس بولمايدۇ. بەزى ئاساسىي زىددىيەت مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇمچە زىددىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىز زىددىيەتلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشىغا ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ئالدىن بايقاپ، يېڭى كۆز قاراش ۋە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز لازىم.

دېمەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدىكى ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە دەپ ئېيتىشتىن ئىلگىرى دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار زىددىيەتلەر ئىچىدە بىرىنىڭ ئاساسىي زىددىيەت بولىدىغانلىقى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، چوقۇم بۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ھەم مىللىي تەۋەللىكىنى بېكىتكەن ئەھۋالغا ئاساسەن، يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتقا

قىلىپ قوشۇمچە زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلساق، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئەندىزە بويىچە، تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر كىشىلىك ئورنىنى تىكلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى مۇكەممەل يورىتىلىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئەمگىكى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. ئىشلىرىمىزدىن ئەۋلادلار رازى بولىدۇ.

يۇقىرىدا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمىگە قويۇپ ئۆتتۇم. بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئورامى بويىچە، باشقا مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنىڭمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئورنى بولۇشى لازىملىقى توغرۇلۇق ھەر تەرەپلىمە، پاكىتلىق، تارازىدا ئۆلچەپ ئولتۇرغۇدەك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى توغرۇلۇقمۇ يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىش، بۇنداق ئەسەرلەرنىمۇ تەتقىقات دىققىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇش، ئۇلارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىش مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ خىل تىل بىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر، باشقا مىللەت تىللىرىدىكى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەسەرلەر يېتەرلىك مۇھاكىمىگە قويۇلىدىكەن ۋە مۇناسىپ ئېتىبارغا ئېرىشىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاندىن مۇكەممەل مەدەنىيەت تارىخى بولۇپ قەد كۆتۈرەلەيدۇ.

### *5. قىسقىچە تۈگەللەنمە*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلار يەنە تۇبۇت تىل - يېزىقى، موڭغۇل تىلى، تۈرك تىلى، ئوردۇ تىلى، ئۆزبېك تىلى، رۇس تىلى، قازاق تىلى، ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن باشقا مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا ئەسەر يېزىشى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا ھەم ئۆز تىلىدا، ھەم باشقا مىللەت تىلىدا ئەسەر يېزىش ئادىتى. بۇ خىل ئادەت بىر قەدەر ئومۇمىي ھەم تارىخى ئۇزۇن. بۇ خىل ئەھۋالدا باشقا مىللەت تىللىرىنى ئىگىلىگەن ئالىملار ئىچىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بېسىم ئورۇندا تۇرغان. ئۇلار ئۆز خەلقى مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. باشقا مىللەت خەلقلىرى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنى چەتكە قاقمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئىككىنچى، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا مىللەت خەلقلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بېرىپ، بەزىلىرى شۇ رايونلاردا تۇغۇلۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ياكى مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ، شۇ زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئەسەرلەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئاشۇ ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىچىدا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى بېسىم ئورۇندا تۇرغان. شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنداق ئۇيغۇر ئالىملىرى كۆپ ھاللاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. بەزىلىرى بولسا پەقەتلا بىلمىگەن.

ئۈچىنچى، بەزى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋەجىدىن باشقا مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ھەم ئۇنۇتماي، مەدەنىيەت تەسىرى مەسىلىسىدىمۇ تەڭپۇڭلۇق ھالەتنى ساقلاپ، ئىلمىي ئىجادىيەتتە قوش تىللىق، بەزىدە يەككە تىللىق ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن.

تۆتىنچى، بەزى ئالىملار باشقا مىللەتنىڭ بىر خىللا تىلىنى ئىگىلەپ قېلىش بىلەن چەكلەنمىگەن. مەسىلەن، فارابى تۈركىي تىلىدىن باشقا ئەرەب، گرېك، پەھلىۋى، تاجىك، سۈرىيە تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن.

تەجەللى بولسا ھىندى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى بىلگەن ۋە بۇ تىللاردا ئەسەر يازغان. زامانىمىزدىكى تىلشۇناس قۇددۇس ھاپىز كۆپ خىل تىل ئىگىلەپ، خەلقئارا سەھنىگە چىقىپ، جۇڭگو ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى.

# 7. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئالىملار ۋە ئەدىبلەر

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بىر مۇنچە ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر ۋە ئالىملار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئىجادىي تۆھپىسى تارىختا كۆرىنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

(1) قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە قوغۇرسۇ شيەن

قوغۇرسۇ ئالتۇن ( 斛律金 ، 488 ـ 567) ئىلىمىزنىڭ شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 386 ـ 534 ـ يىللار) دە ئۆتكەن ھەربىي قوماندان ۋە ئەدىب. ئۇ تېلىلەرنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇ «تېلې قوشىقى» ( 敕勒歌 ) دېگەن داڭلىق قوشاقنى شىمالىي چى ( 北齐 ) خانلىقىنىڭ خانى گاۋ خۇەن ( 高欢 ) (496 ـ 547) ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قوشىقى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭ ئورۇن تۇتقان. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ تومىدا «‹چىلى قوشىقى› (تېلې قوشىقى) خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قوشىقىدۇر» دېيىلگەن. تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە «تېلې قوشىقى» نى قوغۇرسۇ ئالتۇن ئىجاد قىلغان، ياكى ئېيتىپ يۈرگەن، دېگەن ئىككى خىل قاراش بار.

قوغۇرسۇ شيەن ( 斛律羡 )، ئىسمى فېڭ يۆ ( 丰乐 ) بولۇپ، ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش شىمالىي چى خانلىقىدا مۇھىم ھەربىي ھوقۇق تۇتقان. «شىمالىي چى نەزمىلىرى» ( 北齐诗 ) دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ «ناخشا» ( 歌 ) دېگەن بىر كۇپلېت قوشىقى ساقلىنىپ قالغان.

(2) ۋېسا باجىنا ۋە ۋېسا ئىرساتكا

ۋېسا باجىنا ( 尉迟跋质那 ) ـ ئودۇنلۇق (خوتەنلىك) . VII ـ VI ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، ئودۇن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ كىشى. ئۇ بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەرنى سىزىشنىڭ ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتى تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جاڭ چۇنيۇەن «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى داڭلىق سۈرەتلەر خاتىرىسى» ( 历代名画记 ) ناملىق كىتابتا «ۋېسا باجىنا ناھايىتى كۆپ مەزمۇندا رەسىم سىزغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىدىن ‹تۇبۇتكە دائىر ئالتە رەسىم› ( 六番图 ) ، ‹چەت ئەلنىڭ خاسىيەتلىك دەرەخلىرى› ( 外国宝树图 ) ۋە ‹براھمان سۈرىتى› ( 婆罗门图 ) قاتارلىق ئۈچ خىل رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى كەڭ تارقالغان» دېيىلگەن.

ۋېسا ئىرساتكا ( 尉迟乙僧 ) ياكى ۋايجىرا ۋىچىر ۋېسا باجىنانىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يۇقىرى رەسىم سىزىش ماھارىتى ۋە ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۆز دەۋرىدە كىشىلەر ئاتىسىنى «چوڭ ۋېسا» ، ئۇنى «كىچىك ۋېسا» ( 小尉迟 ) دەپ ئاتىغان.

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن سەلتەنەت يىللىرى (627 ـ 649) دا خوتەن خانى تەرىپىدىن ۋېسا ئىرساتكا «ماھىر رەسسام» دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى چاڭئەنگە تەكلىپ قىلىدۇ. ۋېسا ئىرساتكا چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى داڭلىق ئىبادەتخانىلاردا تام رەسىملىرى سىزغان. ئۇنىڭ بىر مۇنچە رەسىملىرى تاڭ دەۋرىدە «بىرى تۈمەن تىللاغا يارايدۇ» دەپ داڭ چىقارغان.

ۋېسا ئىرساتكانىڭ رەسىملىرى ئىچىدە «ئەجنەبىي زاتلار سۈرىتى» ( 外国人物图 ) ، «بۇدداغا قول بېرىش» ( 佛从图 ) ، «بۇددا» ( 佛铺 ) ، «ساكيامونى» ( 释迦牟尼像 ) ، «مايتىرى» ( 弥勒佛像 ) ، «ئەرشى شاھى» ( 天王像 ) ،

«يـارۇق شـاھ» ( 明王像 ) قاتارلىقلار داڭلىق ھېسابلانغان.

«ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى داڭلىق رەسساملەر خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

«ۋېسا ئىرساتكا ئۇدۇن ئېلىدىن كەلگەن … ئۇنىڭ ئاتىسى ۋېسا باجىنا لوياڭدا ئابرۇيلۇق مەشھۇر رەسسام ئىدى … زامانىمىزدىكى كىشىلەر ۋېسا باجىنانى چوڭ ۋېسا (ۋايجىرا)، ۋېيسا ئىرساتكانى كىچىك ۋېسا (ۋايجىرا) دەپ ئاتىشاتتى.» (9 - جىلد)

ۋېسـا ئـىـرسـاتـكـا ئـۆزىـنـىـڭ ئەقىل پاراستى ۋە تالانتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىنى نۇرلاندۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىشىگە چوڭ ھەسسە قوشقان.

قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن بـىـر ئېتنىك تەركىب بولغاچقا، ۋېسا باجىنا بىلەن ۋېسا ئىرساتكالارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سەنئەت ئالىملىرى دېيىشكە بولىدۇ.

(3) مويۇنچۇر ۋە ئىدىكىن

مـويۇنچۇر ( ? - 759 磨延啜 - يىللارغىچە ياشىغان) ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلىقار قەبىلىسىدىن. مىلادىيە 747 - يىلىدىن 759 - يىلىغىچە ئۇيغۇر خـانلىقىنىڭ تەختىدە خان بولۇپ ئولتۇرغان. ئۇ 759 - يىلى تارىخنى قەھرىمانلىق داستانى «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» نى تەييارلىغان.

ئـىـدىكىن ( 移地健 ) مويـۇنـچـۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىـيـە 759 - يىلىدىن 779 - يىلىغىچە ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولغان بۆگۈخان ۋە تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان. ئۇ تەخمىنەن 753 - يىللاردىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى خاتىرىگە ئېلىپ، مەڭگۇ تاشقا ئويغۇزغان، بەزى جايلىرىنى ئۆز نامىدىن بايان قىلغان. بۇ ئىلىم ساھەسىدە «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى Ⅰ » ياكى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى Ⅰ » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ يەنە باشقا نامىمۇ بار.

(4) ھەسەن بۇغراخان ۋە يۇسۇپ قادىرخان

ھەسەن بۇغراخان (? - 998) قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانى سـۇتۇق بۇغراخان (? 889 - 955/6) نىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ھارۇن

بۇغراخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سىياسىيون، ھەربىيشۇناس ۋە شائىر. ئۇ مىلادىيە 992 ـ يىلىدىن 998 ـ يىلىغىچە خان بولغان. موللا ھاجى «تەزكىرەئى بۇغراخان» (1829 ـ 1830 ـ يىللىرى) دە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە شېئىرلىرىدىن مىساللار بەرگەن.

يۇسۇپ قادىرخان (? ـ 1032) ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى. سىياسىيون، ھەربىيشۇناس ۋە شائىر. 1024 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلىغىچە ئۇلۇغ قاغان بولغان. «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار كۆرسىتىلگەن.

(5) ھۇسەين ئىبىن خەلەف قەشقەرى ۋە ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇجەففار

ھۇسەين ئىبىن خەلەف توغرىسىدا ئۇنىڭ شاگىرتى مەھمۇد قەشقىرى ئەڭ بۇرۇن «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە «... قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار، ئىمام ھۇسەيىنىنىڭ ئىبنۇل غەرقى دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ، ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە...» ( I توم 456 ـ بەت) دەپ يازغان. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نىڭ بىر يېرىدە «مېنىڭ بىر قوشۇنۇم بولۇپ، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى مەشرىققە جايلاشتۇردۇم...» دېگەن بىر ھەدىسنى كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىلاۋە قوشماستىن، ئۇنى جەزىملەشتۈرىدۇ. بۇ ھەدىسنىمۇ ھۇسەين خەلەف قەشقەرىدىن رىۋايەت قىلغان. ھۇسەيىنىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «شەيخ، ئىمام، زاھىد» قاتارلىق ئۈچ سۈپەت سۆزىنى قوشقان. بۇنىڭدىن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇنى ئىشەنچلىك ھەم ئۇستاز دەپ قارىغانلىقى بىلىنىدۇ.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە ھۇسەيىنىنىڭ ئاتىسى خەلەف دەپ ئېلىنغان. ئىراق، جامال قارشى «مۇلەقاتۇللۇغەت» تە «ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف» دەپ يازغان. ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان «مىزانۇل ئىتىدال» دېگەن كىتابتا «ھۇسەين ئىبنى ئەلى» دەپ ئېلىنغان. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە ھۇسەيىنىنىڭ ئاتىسى «ئەلى» چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئېلىنىپ قالغان. ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف 200 رىسالىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان قەشقەرلىق داڭلىق ھەدىسشۇناس بولۇپ، ھىجرىيە 486 ـ يىلى

(مىلادىيە 1093 ـ يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغان. [267]

ھۈسەيىن داڭلىق ھەدىسشۇناس، ئىمام ھەم مۇددەرىس بولۇپ، قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ساچىيە» دە ئۇزۇن يىل مۇددەرىسلىك قىلغان. ھۈسەيىن توغرىسىدا يەنە ئەيسا خوجا ئىسمىلىك ئاپتور «تەزكىرەئى ئۇۋەيس» ناملىق چاغاتايچە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسىرىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى خەلەف ئۆز زامانىسىنىڭ ئەھلىمەھەللىرىدىن ھېسابلانغان.

ھۈسەيىن ۋاپات بولغان چاغدا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئەسكى ھىسار» ئىچىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان قەشقەر خەلقى بۇ ئۇلۇغ مۇددەرىسنى «ھۈسەين پەيزۇللا خوجام» نامى بىلەن ياد ئېتىپ، چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بۇ زاتنىڭ مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان جايغا بېرىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇل جەففار ئىبىن ھۈسەيىن قەشقەرى مانا مۇشۇ ئۇلۇغ مۇددەرىس ھەدىسشۇناس، ھۈسەيىننىڭ ئوغلىدۇر [268]. ئۇ 1082 ـ يىلى تۇغۇلغان. ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئابدۇل جەففار (غەففار) تارىخچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ (ئا • ھاشىم «XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەبۇل فۇتۇھ جەففار ھۈسەيىن قەشقەرى توغرىسىدا» «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1994 ـ يىلى 5 ـ سان.)، «مىسكەنى ئۇستادىيان» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى) ۋە «تارىخى قەشقەر» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس. ئەمما، مۇئەللىپلەردىن ئاۋفى (Awfi، 1233 ـ ؟) «مىسكەنى ئۇستادىيان»، جامال قارشى «تارىخي قەشقەر» توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە جامال قارشى «سۇراھۇللۇغەت» تە نەقىل ئېلىپ بايان قىلغان «تارىخي قەشقەر» دىكى بايانلار قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى، ئۇنىڭ قۇرغۇچىلىرى، كۆل بىلگە خان، سۇتۇق بۇغراخانلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بىگانىلىكى بىلەن قەدىرلەنمەكتە.

ئابدۇل جەففارنىڭ يۇقىرىدىكىدىن باشقا «مۇجەم ئەش ـ شۇيىخ»

(شەيخلەر لۇغىتى) ناملىق ئەسىرى بولغان. ۋەھالەنكى، بۇ «مىسكەنى ئۇستادىيان» ناملىق ئەسەر بىلەن بىر بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن پەرەزمۇ بار.

(6) مارۇن ۋە مازۇچاڭ

مارۇن (马润) – يۇەن دەۋرىدىكى ھەربىي ئەمەلدار. ئۇنىڭ ئاتىسى مايۆ خېنەي (1216 ـ 1263) مۇڭغۇللارنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئۇڭغۇ (维古) قەبىلىسىدىن بولۇپ، «يېڭى يۇەن سۇلالىسى تارىخى» (新元史) دېگەن كىتابتا ئۇڭغۇتلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقسۆڭەك قەبىلىسىدىن» (回鹘贵族) دېيىلگەن. مارۇن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە داڭلىق «ئۇتۇن يوشۇرۇش توپلىمى» (樵隐集) نى يازغان. (ئەپسۇسكى بۇ توپلام يوقىلىپ كەتكەن.)

مازۇچاڭ (马祖常، 1279 ـ 1338) داڭلىق ئەدىبلەردىن. ئۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.

مازۇچاڭ جىڭجۇ تيانشان (天山 - بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ توخسۇن ناھىيىسى) لىق ئۇيغۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن 15 جىلدلىق «شىتيەن توپلىمى» (石田集) بار. يەنە «يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى» (英宗实录) نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «پادىشاھ رەسىملىرىدىن ئۆرنەك» (皇国大训) «جىڭخۇا ئەستىلىكلىرى» (承华事略) نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. «لى خۇنىڭ ئالتۇن ئەينىكى» (列后金鉴)، «كۈز خاتىرىلىرى» (千秋记略) قاتارلىق كىتابلارنى تەھرىرلەپ توپلام قىلغان. مازۇچاڭنىڭ ئۈچ ئەۋلاد بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەم ئەلەم ھەم قەلەمگە ماھىر يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ تۇتقان كىشىلەردىن ئىدى.

مارۇننىڭ ئىنىسى ماشىدې (马世德) مۇ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. «يۇەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابقا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

(7) ئارغۇن سالى ۋە يۆجۇ

ئارغۇن سالى (阿鲁浑萨里، 1244 — 1307) جىمساردا تۇغۇلغان. موڭغۇللار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن،

خانبالىق (بېيجىڭ) غا بېرىپ، ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ نوم ـ دەستۇرلار (经)، تارىخنامە، مەنپى ـ مۇسبەت ئىلمى (阴阳)، كالېندارچىلىق (历数)، سېھىرگەرلىك (图伟) ۋە كۆتۈنۈش ئىلمى (方技) قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلىگەن («يۈەننامە» 130 جىلد). ئۆلىمالار مەدرىسىنىڭ ئەللامى (集贤馆学士)، تارىخ پۈتۈش ھۆجرىسىنىڭ پۈتۈكچىسى (太史院事)، خانلىق دىۋانىنىڭ سول قول ۋەزىرى (尚书右丞)، دىۋان مۇئەككىلى (平章政事) قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. ئارغۇن سالى سىياسىيون، مائارىپچى ئىدى. ئۇ يۈەن سۇلالىسى پادىشاھىغا ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ قۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە كۆچ چىقارغان.

يۆ جۇ (岳柱، 1281 ـ 1333) ئارغۇن سالىنىڭ چوڭ ئوغلى، تەخەللۇسى جىسو (止所)، يەنە بىر تەخەللۇسى ليەنشەن (兼山). يۆ جۇ كىچىكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نوم ـ دەستۇرلار، تارىخ ئىلمى، ئىلمىي نۇجۇم (天文)، ئەمچىلىك (医学) ساھەسىدە مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. 1308 ـ يىلى ئۆلۇمالار مەھكىمىسىنىڭ ئەللاماسى (授集贤学士) بولغان. كېيىن خۇنەن مەھكىمىسىنىڭ جارچى بېگى (湖南道宣尉使)، لوڭشى مەھكىمىسىنىڭ ئەلچى بېگى (隆禧院使)، تارىخ مەھكىمىسىنىڭ مۇئەررىخى (太吏院使)، يوسۇن مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى (礼部尚书)، جاڭشى قاتارلىق جايلارنىڭ دىۋان ۋازارەت كېڭەش مۇئەككىلى (行中书省参加政事)، جياڭشى، خېنەن، جياڭبېي (江北) قاتارلىق جايلارنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى (行中书省平章政事) قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن.

ئارغۇن سالىنىڭ ئاتىسى قۇت سالى (乞台萨里) نوم ـ دەستۇرلار (经史)، قانۇننامە، تەھسىلنامىلەرنى ئوبدان ئىگىلىگەن. 1275 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان مەملىكەتلىك بۇددا دىنى مەھكىمىسىنىڭ باش كاھىنى بولۇپ تەيىنلەنگەن؛ بوۋىسى ئاتا

سالى ( 阿台萨里 ) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، بۇددىزمنىڭ پىركاملى ئىدى.

(8) گاۋ جيافۇ ۋە گاۋ كېگۇڭ

گاۋ جيافۇ ( 高嘉夫 ). بۇ كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى خېڭ ( 享 )، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر گاۋ يۇداۋ دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى. گاۋجيافۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي تىرىشقان. «پالنامە» ( 易 )، «شېئىرنامە» ( 诗 )، «پۈتۈكنامە» ( 书 )، «يىلنامە» ( 春秋 ) قاتارلىق خەنزۇ تىلىدىكى كلاسسىك دەستۇرلارنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ھوقۇق ۋە مەرتىۋىگە بېرىلمىگەن. ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەرغىب قىلغان.

گاۋكېگۇڭ ( 高克恭 ، 1248 ـ 1310) گاۋ جيافۇنىڭ ئوغلى، تونۇلغان رەسسام ۋە شائىر ئىدى.

(9) گۇەن يۈنشى ۋە گۇەنيۈنشى قىزى

گۇەن يۈنشى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۇقىرى ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىب، دراماتورگ، مۇزىكانت، تېۋىپ، خەتتات، رەسسام ئىدى. ئۇ شېئىر، بېيىت ( 词 )، نەسرىي غەزەل ( 曲,散曲 ) ۋە ماقالە ( 文 ) يېزىشنىڭ ئۇستىسى ئىدى.

گۇەن يۈنشى قىزى ـ ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق ئەمەس، ئەمما تارىخىي ھۆججەتلەردە ماقالە يازالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

(10) ليەنشىشەن ۋە ليەنخېڭ

ليەنشىشەن ( 廉希宪 ، 1231 ـ 1280) نىڭ ئاتا ـ بوۋىسى جىمسارلىق ئۇيغۇرلاردىن. چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ليەنشىشەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر ئالىم، سىياسىيون بولۇپ يېتىشكەن. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر يىل باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان. كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، پەقەت ئاز بىر قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن، ئۇ يەنە مائارىپشۇناس ئىدى.

لىيەنخېڭ ( 廉惇 ) . لىيەنشىشەننىڭ ئوغلى. ئۆز ئاتىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مەشھۇر ئەدىب بولۇپ چىققان. ئۇنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىدىن 300 پارچىدىن كۆپرەكى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ياخشى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى.

لىيەنشىشەننىڭ جىيەن ئوغلى لىيەنخۇيشەن قىيا ( 廉惠山海牙، 1274 ـ 1345) مەشھۇر تارىخشۇناس ئىدى. ئۇ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ( 辽史 ) نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

(11) يۇرۇڭ تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى

يۇرۇڭ تۆمۈر ( 岳麟帖穆尔 ) نىڭ ئەۋلادلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىم ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان. يۇرۇڭ تۆمۈرنىڭ ئەسلى ئەجدادى تۇرك خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى تۇنيوقۇققا بېرىپ ئۇلىنىدۇ. يۇرۇڭ تۆمۈر 15 يېشىدا چىڭگىزخاننىڭ قول ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تارتۇقلانغان. ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ باش ۋەزىرى ياسىبى ( 亚思弼 ) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئۈستىنى بولغانلىقى ئۈچۈن موڭغۇل پادىشاھىنىڭ ئىنىسى ئوجىن ( 斡真 ) غا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىنغان ھەم بۇ ساھەدە كۆپ مېھنەت سىڭدۈرگەن. قوشۇن باشلاپ جىن خانلىقىغا يۈرۈش قىلغان، خې نەن قاتارلىق جايلارنىڭ لەشكىرىي پۇخرا دارۇغاچى ( 达鲁花赤 ) بولغان. ئوگۇتاي دەۋرىدە باش كېسىمچى — زالىم ھەكەم ( 大断事官 ) بولغان. كېيىن يەنە خېنەن قاتارلىق جايلارنىڭ لەشكىرىي پۇخرا دارۇغاچى بولۇپ، 67 يېشىدا ۋاپات بولغان.

يۇرۇڭ تۆمۈرنىڭ ئون ئوغلى بولۇپ، 8 ـ ئوغلى قارا بۇقا (哈剌普华 ؟ ـ 1284 يىلى) توغرىسىدا «يۈەننامە» نىڭ 193 ـ جىلد «ئادالەتكە ساداقەتمەنلەر تەزكىرىسى» ( 忠义传 ) دە تەزكىرە بار. قارا بۇقا كىچىكىدىن ئەقىللىق، زېرەك، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغان. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقلىرىنى، تارىخ دەستۇرى ( 经史 ) لارنى پىششىق بىلگەن. قۇبلايخاننىڭ ئوردا قاراۋۇل بېگى ( 宿卫官 ) بولغان. كېيىن كۆپ قېتىم قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە

جەنۇبىي جوڭگو رايونلىرىدا جەڭ قىلىپ يۈەن سۇلالىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك تارىخىي پائالىيەتكە قاتناشقان. مەيلى ئارقا سەپ، مەيلى ئالدىنقى سەپتە بولسۇن جان تىكىپ خىزمەت قىلغان. جەنۇب ـ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تۆھپىسى چوڭ بولغان. ئۇ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدا يۇقىرى ھەربىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى بېجىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئۆتىگەن سىياسىيون ۋە ھەربىي ئالىم ئىدى.

قارا بۇقا ئۇرۇشتا قازا قىلغان. ئۇنىڭ شې ۋېنجى (契文质)، يۆلۈنجى (越伦质) دېگەن ئىككى ئوغلى بولغان. شې ۋېنجىدىن باشلاپ يۇرۇك تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى خەنزۇ مەدەنىيەت مۇھىتىدا «شې» سۆزىنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان.

شې ۋېنجىنىڭ ئائىلىدە قوللىنىلىدىغان «سەن جېيتاڭ» (三节堂) دېگەن ئىسمى بولغان. يۈەن دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە سەن جېيتاڭ يازغان خاتىرىلەر بار.

مەسىلەن، «ئەنياتاڭ توپلىمى» (安雅堂集) «شى شى ماقالىلىرى تىزىسى» (滋溪文稿) نىڭ 30 ـ جىلدى، «ۋېي تەيپۇ ماقالىلىرىنىڭ داۋامى» (危太朴文续集) نىڭ 1 ـ جىلدى، «لىيۇدەيجى توپلىمى» (柳待制集) نىڭ 1ـجىلدى، «گۈي ۋېن توپلىمى» (桂隐集) نىڭ 4 ـ جىلدى، «شېن جەي توپلىمى» (申斋集) نىڭ 5 ـ جىلدى. يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە، شې ۋېنجىدا دەسلەپتە كۆڭۈزچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك، شې ۋېنجى داڭلىق مۇئەللىپلەردىن ھېسابلانغان.

شې ۋېنجىنىڭ شې يۈلى (契玉立)، شې جىجيەن (契直坚)، شې جېدۇ (契哲笃)، شې چاۋۋۇ (契朝吾)، شې لىچى (契列 ) قاتارلىق بەش ئوغلى بولۇپ، «ھەممىسى تەشرىبدار (进士) بولغان»، «ئەدەبىيات، سىياسى ئىشلاردا نام چىقارغان» («يۈەننامە»، 193 ـ جىلد). شې ۋېنجىنىڭ بۇ بەش ئوغلىدىن باشقا ئىنىسى يۆلۈنجىنىڭ ئوغلى شې شەنجۇ (契善著)، شې شەنجۇنىڭ

ئوغۇللىرى جېڭ زۇڭ (正宗)، ئارسلان (阿儿思兰)؛ شى جېدۇنىڭ ئوغلى شى سۇن (契逊) لەر ئىلگىرى - كېيىن تەشرىدارلىقتا كۆتۈرۈلگەن. «بىر ئىشىكتىن نەسەب قوغلىشىپ چىققان ئىككى ئەۋلادتىن جەمئى توققۇز نەپەر تەشرىدار چىققان.» ئۆز زامانىسىدا شەرەپ قۇچقان (چېن يۈەن «يۈەن سۇلالىسىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات» 2 - جىلد) (陈垣《元西域人华化考》). «بىر ئىشىكتە نەسەپ تارتىپ ئىلىم گۈللەنگەن. ئەينى چاغدا بۇنداق ئىش ئاز كۆرۈلگەن» («يۈەننامە» 193 - جىلد).

شى ۋېنجىنىڭ چوڭ ئوغلى شى يۈلىنىڭ (1294—ۋاپاتى ئېنىقسىز) تەخەللۇسى «شى يۈ» (世玉)، يەنە بىر تەخەللۇسى جى تاڭ (止堂، يەنە بىرسى دەپمۇ يېزىلغان.) شى يۈلى يۈەن سۇلالىسى 止庵 شېئىرىيەت مۇنبىرىدە تونۇلغان شائىرلاردىن ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ياشىغان ئەدىب گۇسىلى (顾嗣立) تۈزگەن «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا شى يۈلىنىڭ «شى يۈ توپلىمى» (世玉集) كىرگۈزۈلگەن (ئۇنىڭدىن 13 كۇپلېت ئېلىنغان). «شى يۈ توپلىمى» دىن باشقا ھۆججەتلەردە شى يۈلىنىڭ ئاز بولمىغان نەزمىلىرى بارلىقى توغرىسىدا خاتىرە بار.

مەسىلەن، «يوڭلې قامۇسى» (永乐大典) نىڭ 8648 - جىلدىغا شى يۈلىنىڭ «نەنيۆسى» (南岳祠) دېگەن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن (بۇ شېئىر كېيىنچە يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ماۋزۇنى زامانىمىز ئالىملىرىدىن ياڭ ليەن قويغان). «ئومۇمى جىن. يۈەن بېيىتلىرى» (全金元词) ناملىق كىتابنىڭ كېيىنكى قىسمىغا شى يۈلىنىڭ «پۇسامەن» (菩萨蛮) شەكلىدىكى بېيىتى كىرگۈزۈلگەن. يۈەن دەۋرىدىكى ۋاڭ شىدى، شاڭ چىۋىن «بىتىكچىلەر نازارەتچىسى تەزكىرىسى» (秘书监志) 8 - جىلدىدا شى يۈلىنىڭ «شاھزادىلەر خاتىرىسى» (皇太子笔文) ناملىق ئەسىرى ئورۇن ئالغان.

شى ۋېنجىنىڭ 3 - ئوغلى شى جېدۇ (契哲笃، ؟ 1298 - 1358) مۇ شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ كۇپلېت شېئىرى «يۈەن نەزمىلىرىدىن

تاللانما» غا تاللانغان «شې يۈ توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ شەن بىن قىرائەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئابىدىدە شې جېدۇ يازغان «قايتىدىن كۈڭزىچىلىقنى ئۆگىنىش خاتىرىسى» ( 重修句容儒学记 ، لى خېڭ رەتلىگەن، 1349 - يىلى 5 - ئايدا تىكلەنگەن.) بىلەن شې جېدۇنىڭ جۇەن ئى ( 篆额 ) خەت شەكلىدە يېزىلغان «كىچىك ئالتۇن تاغ ئىبادەتخانىسىدا رېمونت قىلىنغان داۋلىنتاڭ خاتىرىسى» ( 小金山寺重建道林堂记 ) بار. ئۇنىڭدىن باشقا «خۇەن يۈنى زىيارەت قىلىش يادنامىسى» نىڭ 12 - جىلدىدا «شې لىچى يازغان كىرىش سۆز، تېكىست» «جۇدۇۋېنىنىڭ ئاق ئۆكۈز قىياسىنى سەيلە قىلىش نەزمىسى» ( 周盾温游白牛岩诗 ) بار.

شې سۈن (1318 - 1360) . يۇقىرىدا ئۇنىڭ شې جېدۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئېيتىپ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى شې بەيلياۋسۈن ( 契伯僚逊 ) ياكى بەي لياۋ سۈن ( 伯僚逊 ) ، يەنە شې بەيلياۋ ( 契伯僚 ) مۇ دېيىلگەن. تەخەللۇسى گۇڭ يۈن ( 公运 ) . 1345 - يىلى تەشرىبدار بولغان، ئاندىن خەن لىن مەھكىمىسى ( 翰林 ) نىڭ پۈتۈكچىسى ( 应奉文字 ) بولغان. چىڭ شىلاڭ دۇرغاپ مەھكىمىسى ( 同知制 ) نىڭ پەرماندارى، قوشۇمچە دۆلەت تارىخ مەھكىمىسى ( 国史院 ) نىڭ مۇئەررىخى بولغان. 1349 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە پەرمان مەھكىمىسى ( 宣政院 ) نىڭ زالىم ھەكەم ( 断事官 ) لىكىگە تەيىنلەنگەن. ئاندىن كېيىن دۇەن بىنتاڭ مەھكىمىسىنىڭ خەت تۈزەتكۈچىسى بولۇپ، مەخسۇس شاھزادىلەرگە نوم - دەستۇرلاردىن تەلىم بەرگەن. 1358 - يىللىرى خېبېي ئەتراپىدا قىزىل ياغلىقلار توپىلىڭى ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ كورىيىگە كېتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. شې سۈن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، بىر قانچە تىل بىلىشتەك ئالاھىدىلىكىنى ھەم سىياسىي، مەمۇرىي ئىشلارنى كۆپ يىل باشقۇرۇشتەك قابىلىيىتى بولۇش سەۋەبى بىلەن كورىيىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان ھەم خانلىق ئوردا تەرىپىدىن قوچو بېگى ( 高昌伯 ) دېگەن نام بىلەن

تارتۇقلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي فويۇەن ( 富原 ) بېگى نامى بېرىلگەن ھەم ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن. 1360 - يىلى كورىيىدە ۋاپات بولغان.

سې سۈن تالانتلىق ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە كورىيىدە يازغان شېئىرلىرى «يېڭى زىكرىنامە خاتىرىلىرى» ( 近思斋逸稿 ) دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭگودا، بىر قىسمى كورىيىدە تۈزۈلگەن بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە كورىيە ئالىملىرى شې سۈننى كورىيە - چاۋشيەن ئەدەبىيات مۇنبىرىدىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ھاياتى ھەم ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلماقتا ھەم كورىيە - چاۋشيەننىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخلىرىدا شې سۈنگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ كەلمەكتە. [270]

شې سۈن چەت ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يىللاردا ئۆز ۋەتىنى ھەم خەلقىنى چەكسىز سېغىنغان ھەم ھېكمەت - پاساھەتكە تولغان بىر قاتار نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ ۋەتەننى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ كورىيە - چاۋشيەن ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئەدەبىياتىدىمۇ تېگىشلىك ئورنى بار [271]. مۇساپىر بولۇپ، سەرسان - سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرۈپمۇ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق يات ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ پارلاپ، دۆلەت تارىخلىرىنىڭ كۆرنەرلىك يېرىدىن كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك سەھىپىلىرىدە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇنداق ئۇلۇغ مەدەنىيەت جەڭچىسى ۋە ئەلچىسىنى يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر مىللىتى چەكسىز ئىپتىخار ھېس قىلماي تۇرالامدۇ.

شې چاڭشۇ ( 契长寿 ، 1341 - 1399) شې سۈننىڭ چوڭ ئوغلى. 1358 - يىلى ئاتىسىغا ئەگىشىپ كورىيە ( 高丽 ) گە بارغان، كورىيىدە دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەلدارلىق مەنسىپىگە چىققان. كورىيىدىكى بىر قانچە سۇلالىدە بىر قانچە ئوردا

دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان، ھەتتا ئوردا ۋەزىرىمۇ بولغان. بىر قېتىملىق توپىلاڭدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ گۆڭراڭ ( 恭让 ) شى چاڭشۇنىڭ تۆھپىسى «دۆلەت ئاتىسى (كورىيە دۆلىتىنى قۇرغۇچى ۋاڭ جيەن كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىلچىدىن) نىڭ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ باھالىغان.

شى چاڭشۇنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى تۆھپىسىمۇ ئالاھىدە ئىدى. كورىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا شى چاڭشۇ «ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلىغان، ئاستانە (دۆلەت) تىن ئايرىلىپ سەككىز قېتىم سەپەر قىلىغان» . ئۇنىڭ ئەلچىلىك خىزمىتىنىڭ ھەممىسى كورىيە دۆلىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىغا كېلىپ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قارىتىلغان.

شى چاڭشۇ 1370-، 1387-، 1388-، 1391-، 1398- يىللىرى جۇڭگوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن.

كورىيە تەرەپتىن شى چاڭشۇنى كۆپ قېتىم ئەلچى قىلىپ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىشكە تاللانغانلىقى تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، شەخسىي سالاھىيىتى ھەم مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شى چاڭشۇ شېئىرىي ئىجادىيەتكە پىششىق ئىدى. كورىيىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى «چى نەزمىلىرى» ( 箕雅 ) ، «چىڭچيۇ مەنزىرىلىرى نەزمىسى» ( 青丘风雅 ) قاتارلىق كىتابلارغا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىر «سۆگەت تاللىرى» ( 柳枝词 ) ، «باھار تەسىراتلىرى» ( 春日感遇 ) قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. «ھادىسىلەر» (即事) ، «بېلىقچى بوۋاي» ( 渔翁 ) ، «باش باھار تەشۋىشلىرى» ( 早春抒怀 ) ، «زەنيۈەن يىللىرىدىكى داۋالغۇش» ( 赞元冲甲 ) قاتارلىق شېئىرلىرىدا يوشۇرۇن ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شى سى ( 契斯 ) نىڭ تەخەللۇسى گوڭۋېن ( 公文 ) . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان مۇھىم تارىخىي شەخس، شۇنداقلا

مالىمانچىلىق يىللىرىدا جاڭنەندە ئاۋالقىدەكلا ئولتۇراقلىشىپ تۇرغان جەمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان كىشى، خەنزۇ تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك شېئىرلارنى يازالايدىغان شائىر [272]. شي سى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا كامىللىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇيۈەنجاڭنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان. ئۇ دىپلوماتىيىگە پىششىق بولغاچقا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىككى قېتىم كورىيىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، جۇڭگو ـ كورىيە خەلقلىرى دوستلۇقىنى كۈچەيتىشكە ھەسسە قوشقان.

(11) جاۋشىيەن ۋە جاۋلۇەن

جاۋ شىيەن ( 赵世延 ، 1260ـ 1336) . بوۋىسى ئەنجۇئېر، ئاتىسى خې زىلار موڭغۇل قوشۇنلىرىدا سانغۇنلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئۇيغۇر بولۇپ، 50 يىل يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتكەن. ئۇ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى. داڭلىق ئەدىب يۈجى بىلەن بىرلىكتە «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى» ( 经世大典 ) نى تۈزگەن. «پادىشاھ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان ‹نەنيۆ تېغىغا چىققاندا› » ، «خۇاياڭداۋ قەسرىدىكى راۋاق» ، «كۆزدىكى قەنت ـ گېزەك سۈرىتى» قاتارلىق شېئىرلىرى تارقالغان.

جاۋلۇەن ( 赵鸾 ) جاۋشىيەنىنىڭ قىزى. تەخەللۇسى شەن يىڭ ( 善应 ) . جاۋلۇەن كىچىكىدىن ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە خۇشتار، قەدىمكى شېئىرلارنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىۋالسىلا يادلىۋالالايدىغان قىز بولۇپ چوڭ بولغان. يەتتە يېشىدا «جۇ پالنامىسى» ( 周易 ) نى ئوقۇغان، مەسنەۋى ( 对联 ) يازالىغان. توققۇز يېشىدا خانىم ـ قىزلار كەسپىنى ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ( 论语 ) ، «مىڭ زى» ( 孟子 ) قاتارلىق كىتابلارنى يادلىيالايدىغان بولغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن پالچىلىققا ماھىر بولۇپ يېتىشكەن. مەنفى ـ مۇسپەت ( 阴阳 ) ، سېھىرگەرلىك ۋە تۈرلۈك ئىلىملەر ( 百家 ) گە پىششىق بولغان.

جاۋ لۇەننىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىقتىدارى كۆپ تەرەپلىمە ئىدى. ئۇ قالۇن ( 琴 ) چېلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېكىستنىمۇ يازالايتتى. ئۇ بىر مۇنچە كۈيلەرگە تېكىست يازغان. تاۋ زوڭيىنىڭ

«كىتابلار جەۋھىرى» ( 书史会要 ) ناملىق كىتابىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا جاۋ لۇەننىڭ خەتتاتلىق ساھەسىدىكى ماھارىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

(12) ئارون تۆمۈر ۋە سارابان

ئارون تۆمۈر (阿邻帖木儿) يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى (سۇلمى، 唆里迷، ھازىرقى قارا شەھەر تەۋەسى، يەنە بەزىلەر باركۆل تەۋەسىدە دەپ قارايدۇ) بەگلىكىدىن بولۇپ، ئالتىنچى بوۋىسى قارا يىغاچ بۇيرۇق (哈剌赤哈北鲁) چىڭگىزخاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، بەشبالىقتا ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە بوۋىلىرىمۇ داۋاملىق ئەمەل تۇتقان. ئارون تۆمۈر موڭغۇل خانلىرىدىن قايسان ۋۇزۇڭ (1307 ـ 1311)، ئايۇربارۋادا (1311 ـ 1320)، يېسۈن تۆمۈر (1323 ـ 1328) قاتارلىقلارنىڭ زامانىسىدا خانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ۋە بىر قاتار ئىلمىي، مەمۇرىي خىزمەتلەردە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق سورۇنلىرىدا خىزمەت ئىشلىگەن. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ۋە ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى «جېنگۈەن يىللىرىدىكى سىياسىي تەدبىرلەر» ( 贞观政要 )، «ئالىي بىلىم يۇرتى مۇھاكىمىلىرى» ( 大学衍义 )، «پادىشاھ رەسىملىرىدىن ئۆرنەك» ( 皇图大训 ) لەردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «رېن زۇڭ خاتىرىلىرى» ( 仁宗实录 )، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى» ( 大元通制 ) قاتارلىق كىتابلارنى ئۆز قەلىمى بىلەن تۈزۈپ چىققان. ئارون تۆمۈر ھەر خىل تىللارنى بىلگەن ۋە مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىق تەرجىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

سارابان ( 沙剌班 ) ئارۇن تۆمۈرنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ بىلىمى چوڭقۇر، ئەقىللىق بولۇپ ئۆسكەن. ئۆزلۈكىدىن خەنزۇ، موڭغۇل ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق ئىلمىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. 1343 ـ يىلى موڭغۇل پادىشاھى تۇقۇن تۆمۈر (1333 — 1370) سارابانى «جىن سۇلالىسى تارىخى» ( 金史 ) نى تۈزگۈچى ئەمەلدارلىققا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1344 ـ يىلى

135 جىلدلىق «جىن سۇلالىسى تارىخى» دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئىلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىگە چوڭ ھەسسە قوشقان.

(13) زەيىنىدىن كاغىراقى (قەشقەرى) ۋە سەئىددىن قەشقەرى

زەيىنىدىن كاغىراقى XIV ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۆلىما، كاتتا ئالىم بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

سەئىددىن قەشقەرى (1377 ـ 1457) زەيىنىدىن كاغىراقىنىڭ ئوغلى بولۇپ، قەشقەردە تۇغۇلغان. خۇراسان رايونىدا ياشاپ ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 15 پارچىدىن ئارتۇق نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن[273]. ئۇنىڭ ئىچىدە «مىنىيەتۇل مۇسەللا ۋە غەيىنەتۇل مۇفتەدا»، «تۆھفەتۇل مۇسەللىنى، نەجىمەئى مەنيەتۇل مۇسسەللا»، «كەلىمات خوجا باھائىدىن نەقشبەندى»، «رىسالەئى لەتائىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىقلار بار. سەئىددىن قەشقەرى ئاتاقلىق پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ (1414 ـ 1492) ئۇستازى ئىدى.

زەيىنىدىن كاغىراقى جەمەتىدىن نەچچە ئەۋلاد كىشى ھەم ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. زەيىنىدىن كاغىراقىنىڭ ئەۋرىسى شەيخ ئالامىدىن پارس تىلىدا «مۇناقىب خوجا زەيىنىدىن» ناملىق كىتاب يازغان. بۇ كىتابنى ئابدۇئەلى سەرمەنى 1797 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

سەئىددىن مۇھەممەدنىڭ نەۋرىسى مىرخوجا بىننى مەۋلانە مىسىر پارس تىلىدا «سىررول ئەسرار» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سوفىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە تەرەققىيات قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

(14) سۇلتان مالىك قەشقەرى ۋە ئەھمەد ھاجىبەگ

سۇلتان مالىك قەشقەرى XV ئەسىرلەردە خۇراسان رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە «زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كاتتا ئالىم ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى،

ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

ئەھمەد ھاجىبەگ — سۇلتان مالىك قەشقەرىنىڭ ئوغلى. خۇراسان ۋە ماۋارە ئۇننەھردە ھاكىم بولغان. يەنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد (1451 ـ 1469 ـــ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە ھىرات ۋە سەمەرقەنتكە ھاكىم بولغان. «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە «بابۇرنامە» لەردە شېئىرلىرى ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن ۋە «ۋەفائى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغانلىقى قەيت قىلىنغان شۇنداقلا ئۇيغۇر «12 مۇقام» غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

(15) غىياسىدىن باخشى ۋە ئەلىشىر نەۋائى

غىياسىدىن باخشى (? ـ 1454) . ئۇ شىنجاڭدىن خۇراسان رايونىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە خۇراسان ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب تىل ـ يېزىقى بويىچە باخشىلىق ـ كاتىپلىق خىزمىتىنى بېجىرگەن ۋە سەبزۋار (تاجىكىستاندا) شەھىرىگە ھاكىم بولغان. ئۇ ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە شېئىرىيەتكە قىزىققان. ئۆزبېك مۇئەللىپلىرىدىن ئىززەت سۇلتان «نەۋائىنىڭ قەلىب دەپتىرى» (تاشكەنت 1973 ـ يىل نەشرى) دېگەن كىتابىدا «تارىخىي خانىيە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى «ئۇيغۇر باخشىسى» غىياسىدىن باخشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ يازغان. شەرىفىدىن ئەل يەزدى (? ـ 1454) «زوبدەت ئول ئەسەر» ناملىق كىتابىدا «‹تارىخىي خانىيە› دۇركى ئۇيغۇر باخشىلىرى ئۇنى ئۇيغۇر خېتى ۋە ئۇيغۇر تەلەپپۇزى بىلەن بىتىبدورلەر» دەپ يازغان. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرمۇ ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1501) غىياسىدىن باخشىنىڭ ئوغلى. ئۇيغۇر ـ تۈركىي شېئىرىيىتى، ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى كاتتا ئەرباب. ئۇ 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي، بەدىئىي تارىخىي ئەسەر يازغان. «خەزائىنۇل مائانى» ، «خەمسە نەۋائى» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتقان. نەۋائى ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، خۇراسان ئۆلكىسى ۋە

ماۋارەئۇننەھردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ھىراتتا ۋاپات بولغان.

(16) سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىتخان

سەئىدخان (1486 ـ 1533) چاغاتاي نەسلىدىن، يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1680) نىڭ قۇرغۇچىسى، تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، ۋاپات بولغاندا يەركەنگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا شېئىر يازغان.

ئابدۇرەشىتخان (1510 ـ 1570) سەئىدخاننىڭ ئوغلى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى. ئەنجاندا تۇغۇلغان. يەكەندە ۋاپات بولغان. ئۇ «رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان. ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىنى قوللانغان. ئايرىم شېئىرى توپلاملىرى بولغان.

(17) ئەرشى ۋە فۇتۇھى

ئەرشى (1685 ـ 1756) خوجا ياقۇپ ياكى خوجا جاھان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر قىپنى ئارىلاشقان، شىنجاڭلىق خوجىلار ئائىلىسىدە، خوجەند (تاجىكىستاندا) شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1735 ـ يىلىدىن 1756 ـ يىلىغىچە ئالتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە يەكەندە تەختتە ئولتۇرغان. ئەرشى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە شېئىرلىرى «دىۋانى ئەرشى»، پارسچە شېئىرلىرى «دىۋانى ئەرشى فارسى» دېگەن توپلاملارغا جەملىنىپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

فۇتۇھى (1714 — 1756)، خوجا سىدىق فۇتۇھى نامى بىلەن مەشھۇر. ئەرشىنىڭ ئوغلى، يەكەندە تۇغۇلغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ۋاستە قىلغان ھالدا نۇرغۇن لىرىكىلارنى يازغان. شېئىرلىرى «دىۋانى فۇتۇھى» ناملىق توپلامغا جەملەنگەن.

(18) موللا مۇھەممەد تۆمۈر ۋە موللا توختىنىياز

موللا مۇھەممەد تۆمۈر XVII ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، XVIII ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياشىغان ئەدىب ۋە ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇ 1717 ـ يىلى «كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق داڭلىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن «قەشقەر تىلى» (ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلىپ[274]، «ئاسارى ئىمامىيە» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. بۇ نۇسخا دەۋرىمىزگە

يېتىپ كېلەلىگەن. تەرجىمان بۇ كىتابنى پاساھەتلىك تىل بىلەن تەرجىمە قىلىپ، كىتابنى يېڭى تۇسكە ئىگە قىلغان.

مولla تـوختىنىياز مولا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ ئوغلى بولۇپ [275]، قـەشـقەردە ياشىغان. ئۇ XIX ـ ئەسىرلەردە «ھېكايەتى ھۆرلىقە» دېگەن ئەسەرنى (پارس تىلىدىن ؟) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

بۇ ئىككى ئەسەردىن تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي ماھارىتىمۇ ئىپادىلەنگەن.

(19) قۇتبىدىن شاھ ۋە تەجەللى

قۇتبىدىن شاھ (1760 ـ 1776) يەكەندە شائىر ھەم ئاتاقلىق تىۋىپ ئـائـىـلـىـسىدە تۇغۇلغان. ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى، ئـىسلامىيەت ۋە تېبىبىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يـازغـان. چـوڭـراق ھـەجـىـمـدىـكـى شـېـئـىـرىي ئەسىرى «رىسالىھى ئىرشادۇسسالىكىن» ۋە «ساقىنامە» بولۇپ، بۇ ئىككى ئەسەر بىر توپلام قىلىپ تۈپلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا ئەرەب ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇ يەنە «سەپەرنامە»، «تىل ئىسمى ئىشىق»، «ھېبىبىل بەھـىـر»، «مـەرەقـە كـەلـىمە شېرىف»، «شىرىكنا پەلەك» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. [276]

تەجەللى (1856 ـ 1925) قۇتبىدىن شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن مۇنتىزىم تەربىيە كـۆرگـەن. ئـۇيـغـۇر، ئـەرەب، پـارس، ئـوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنى ئىگىلىگەن. چەت ئەللەردە ئۇزۇن يىل ئوقۇپ، خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەردىن خەۋەردار بولغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تېبىبىي ئىلىم ۋە ئىلمىي ئـىـجادىيەتكە بېغىشلىغان. ئۇنىڭ «بەرق تەجەللى، سەبەق مۇجەللى»، «تـۆھـفـەتول بەررەيىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «سـەبـدەرنامە»، «تىلىسمى ئىشىق»، «ساقىنامە»، «مۇراققى كەلىمە شەرىف» ناملىق كىتاب ۋە توپلاملارنى يازغان. [277]

(20) قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋە ئىمىر ھۈسەيىن قازى

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 ـ 1937) . قەشقەر شەھىرىدە ياشىغان ئىجتىمائىي ئەرباب، مەدەنىيەت جەڭچىسى، شىنجاڭ يېقىنقى زامان نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئاساسچىسى، تارىخچى. ئۇ «ۋاقەئى قەشقەر» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇنىڭ روھلۇق، جەڭگىۋار قىياپەتتە يازغان بىر مۇنچە شېئىرلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب، پارس تىلىدىكى لۇغەتلەرنى ئۇيغۇرچە تۈزگەن. گېزىتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقارغان.

ئىمىر ھەسەين قازى (1900 ـ 1985) . قەشقەر شەھىرىدە ياشىغان تارىخچى، شائىر ۋە ئىجتىمائىي ئەرباب. ئۆلىما، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى يازغان «ۋاقەئى قەشقەر» نىڭ داۋامىنى تولۇقلىغان. «رابىئە ۋە سەئىدىن» ، «گۈلخۇمار» ، «قەمەرسىما» ، «تاھىر ۋە زۆھرە» ، «مېھىر سەھرا بىلەن چىغاندى باتۇر» ، «نۇر ئەبزا خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» قاتارلىق 20,000 مىسرادىن ئىبارەت بەش داستاننى يازغان. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە تارىخىي داستانلارمۇ بار.

(21) موللاخۇن ھاجى ۋە ئەھمەد زىيائى

موللاخۇن ھاجى (؟ 1870 ـ ؟ 1952) قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. مەدرىستە يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. XX ئەسىرنىڭ 10 ـ 20 ـ يىللىرىدا شەخسىي كۇتۇپخانىسىنى كېڭەيتىپ، 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب جۇغلىغان. باشقا ئىشلار قاتارىدا ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغان.

ئەھمەد زىيائى (1913 ـ 1989) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا موللاخۇن ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئائىلىدە ۋە مەدرىستە شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. 1926 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ «تۇزىماس چېچەكلەر» (1948 ـ يىلى) ، «لاداق يولىدا كارۋان» (1948 ـ يىلى) ، «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» (1987 ـ يىلى) ، «تارىخىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ـ يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» قاتارلىق

ئەسەرلىرى بار.

(22) سالىھ داموللا ھاجى ۋە مۇھەممەد سالىھ

سالىھ داموللا ھاجى (1895 ـ 1957) ئاتۇشنىڭ تەختىھۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەشقەردىكى مەدرىستە ئۇزۇن يىل ئوقۇپ، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلاردىن ئەنئەنىۋى ۋە زامانىۋى بىلىملەرنى قوبۇل قىلغان. 1940 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ، ئۆز يېزىسىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئاقارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان.

سالىھ داموللا ئىقتىدارلىق شائىر ۋە تىلشۇناس ئىدى. ئۇ «نىزامى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى شېئىرلىرى «ئەرەبى دىۋان» غا جەملەنگەن. ئەرەب تىلى ۋە گرامماتىكىسىغا دائىر ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان «ئۇنۋانۇ سەرب» ، «ئىقدۇل مەرجان» ، «تەجۋىد تۈركى» ، «مىشكات راۋىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان شېئىرىي دىۋانى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1965 ـ 1975) دە يوقىلىپ كەتكەن. شائىرنىڭ 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاتۇشتا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان «كەلكۈن» ناملىق ۋەقەلىك شېئىرى (ياكى داستانى) «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 13 ـ سانىدا (1984 ـ يىلى نەشرى) ئېلان قىلىنغان.

مۇھەممەد سالىھ. دادىسى سالىھ داموللامنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر چۈشەنچىسى تېخىمۇ ئاشقان. ئۇ ئۇزۇن يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق دۇنياۋى مۇقەددەس ئەسەر «قۇرئان كەرىم» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۇتۇقلۇق تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـــ يىلى نەشر قىلىنغان. كىتابقا شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى 13 نەپەر ئۆلىما ۋە ئىمامى ئىشەنچلىك تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق سۆزى يېزىپ بەرگەن. ئۇ يەنە «ئىمام بۇخارى ھەدىسلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى،

1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ) ، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قىسقىچە شەرھى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. مۇئەللىپنىڭ «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»ى 2002 ـ يىلى نەشردىن چىقتى. ئۇزۇن يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى.

**خۇلاسە**

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر ۋە ئالىملارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچى، بۇ ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ كۆپچىلىكى پادىشاھ، شاھزادە ياكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بۇ ئەدىبلەر ۋە ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۈچىنچى، بۇ ئەدىبلەر ۋە ئالىملار ئۆز تەقدىرىنى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان. خەلق ئىشلىرى يولىدا قۇربان بولغان.

تۆتىنچى، ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىۋېرسال پەنلەرگە قىزىققان، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەردىن ئىدى.

ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر ۋە ئالىملار توغرىسىدا توختىلىش مۇئەييەن تارىخ ھەم رېئال قىممەتكە ئىگە بىر ساھە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ياخشى بالا ئاتا كەسپىنى قىلىدۇ» ، «ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ» ، «ئاتىنىڭ ئىزىنى ئوغۇل باسار» ، «ياشاي دېسەڭ ئاتا كەسپىنى قىل» ، «ئاتا ـ ئاناڭنى ئۇنۇتما، شىر چوروۇقۇڭنى قۇرۇتما» ، «ئاتاڭ بىلگەننى بىلمەي يۈرمە، ئاتاڭ كۆرگەننى كۆرمەي يۈرمە» دېگەنگە ئوخشاش زامان ـ زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ھېكمەتلىك ئاتىلار سۆزى بار. ئاتىنىڭ ئىزىنى ئوغۇل (پەرزەنت) نىڭ بېسىشى، ئەجدادلارنىڭ ئىشىنى ئەۋلادلارنىڭ داۋام ئەتكۈزۈشى دېگەنلىك، بۇ بىر

ئـەنئەنىۋى تارىخىي مەنتەقە. بۇنداق تارىخىي ھادىسە مۇئەييەن نىسبەتتە ئـەنـئـەنـىـگـە ۋە ئىزچىللىققا ئايلىنالمىسا، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تـەرەقـقـىـيـاتـى ۋە ئـۇيۇشۇش كۈچىدە نورمالسىزلىق ئالامەتلىرى باش كۆتۈرۈپ، ئەقىل ـ پاراسەت كرىزىسى يۈز بېرىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلار (ئەجدادلار) نىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى داۋام ئەتكۈزۈش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ ئىنسانىي مەجبۇرىيىتى. ئەگەر مۇنداق مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى يېتىلمىگەن ئادەم تولىمۇ نادان ھېسابلىنىپ، ھاياتىنىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى ھېس قىلالماي، ئەھمىيەتسىز ئۆمرىنى تاماملايدۇ. ئاتا نېمىنى قـىـلغان بولسا شۇنى قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنچىۋالا ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىش دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شـۇ يـەردىكى، ئاتا باشلىغان ئىشنىڭ دائىرىسىدە ياكى خەلققە چوڭراق پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار ساھەسىدە ئىختىيار قىلغان بىر كەسىپنى قىلىپ نەتىجە يارىتىش لازىم دېگەنلىك. ئاتا كەسپىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئـەنـئـەنـىـگـە ئايلاندۇرغان ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مېـھـنەت، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋلادنىڭ ئائىلىق ھەرىكىتى بولۇش ھادىسىسى ئارىمىزدىن كۆتۈرىلىپ كەتمـەسـۇن. ئاتـا پەرزەنـتكـە، ئەجداد ئەۋلادقا قانـداشلـىـق جەھـەتـتـىـلا باغلىنىپ قالماسـتـىن، بەلـكـى ئـەقـىـل ـ پاراسـەت، تەپەككۇر، مـېـھـنـەت ۋە كەشـپـىـيـات ھـەم ئەخـلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىمۇ ۋارىسلىق قىلغاندىلا بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى مەڭگۈ بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

قـىـسقىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر ۋە ئالىملار ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەزىمەتلىرى قوشۇنىنى كېڭەيتىشتە، ئىجادىيەت ۋە ئـەسـەرلـەرنـىـڭ مەزمۇنىنى مول قىلىشتا، مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ياشناپ تۇرغۇسى.

# 8. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرى توغرىسىدا

1

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك قاغانلىقى (552 ـ 744) ۋە ئۇرقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى (744 ـ 840) دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلىگەن ھەم ئۇلارنى «مەڭگۈ تاش» دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق، ئۇلار بىزگە بىر پۈتۈن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا رەسمىي تىلغا ئېلىپ سۆزلىنىدىغان ئەسەرلەر: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (712 ـ 716 ـ يىللار)، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 ـ يىللىرى)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735 ـ يىللىرى)، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» (759 ـ يىللىرى) قاتارلىقلار.

مەڭگۈ تاشلار ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرى ۋاستە جەھەتتىن ئومۇملۇققا ئىگە[279]، شۇڭا ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىشقا بولىدۇ.

2

مەڭگۈ تاشلار بايقالغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە بۇ

يادىكارلىقلارنىڭ تىل ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى قىممىتىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن. شۇڭا، بۇ تاش پۈتۈكلەر ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھى ۋە ئەينى زامان تىل يېزىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدىلا كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن ياكى نەقىل قىلىنغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ تەسىرىدە مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈلۈشكە، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئوينىغان رولىنى ئەدەبىيات تارىخى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئېتىبارسىز قاراش، ھەتتا گۇمانىي پىكىردە بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە يېزىلغان ئەدەبىيات تارىخلىرىغا مەڭگۈ تاشلار كىرگۈزۈلمىدى ۋە بىر ئەدەبىي يۈكسىلىش جەريانى سۈپىتىدە ئىزاھلانمىدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىكى بىر كەمچىللىك ۋە نۇقسان ئىدى.

تۈركىي تىل- ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۇزاق ۋە ئىنچىكە تەتقىقاتلىرىدىن كېيىن، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى ئالتاي خەلقلىرىدىن بولغان ياقۇتلارنىڭ «ئۇلۇنغۇ» يەنى قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى نەتىجىسىدە، ن. ي. پېتروف «مەڭگۈ تاشلار» نى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان، رىتىملىق سىنتاكتىك پاراللېلىزم شەكلىدىكى شېئىرىي ئەسەر دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ[280]. رىتىملىق سىنتاكتىك پاراللېلىزم سىنونىم ۋە ئانتونىملار، ياردەمچى سۆز ۋە ياردەمچى پېئىللارنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان بىر خىل شېئىرىي رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ شېئىرىي شەكلىدۇر[281]. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرى تونيوقۇق، يوللۇغ تېگىن، بايانچۇر، ئىدىكىنلەر شۇ دەۋرنىڭ خېلى پىشقان ئەدىبلىرى ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئەۋلاد يازغۇچى شائىرلاردۇر. «مەڭگۈ تاش»

تېكىستلىرىنىڭ تىلى ئوبرازلىق، پىكرى ئېنىق، لىرىك، ھېسسىياتى چوڭقۇر، ئۇ پىشقان ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ۋە خېلى مۇكەممەل بىر بەدىئىي تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دېمەك، تاش پۈتۈكلەر تارىخىي ھۆججەت، تىل ماتېرىياللىرى ياكى «نەسەبنامە»لا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى تۈركىي تىللىق بىرقىسىم خەلقلەرنىڭ فولكلور ئىزىدىن يېزىلغان بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئەسەر، يەنى قەھرىمانلىق داستانىدۇر. مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى سالغان ھەمدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا نەزمە بىلەن نەسرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر خىل داستان شەكلىنى يارىتقان. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تاش پۈتۈكلەرنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن ئېپىك ۋە رومانتىك داستانلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تۆرەلمىسى دېيىشكە بولىدۇ[282].

3

كۆك تۈرك قاغانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئورقۇن قاغانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپى دېگۈدەك تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا مۇئەييەن شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، چوڭ بولۇشى، پائالىيەتلىرى، قاغان، ۋەزىر، قوماندان، قاتۇن (خانىش) قاتارلىقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ تاش يازما يادىكارلىقلارنى ئوقۇيدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدا ئالدى بىلەن رېئال شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىكى پېرسوناژلار ئالدى بىلەن رېئال تارىخىي شەخس سۈپىتىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇلۇغ تارىخىي ئەربابلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. دەۋر قەھرىماننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «مەلۇم ئۇلۇغ شەخسنىڭ دەل مۇئەييەن زاماندا مەلۇم بىر مەملىكەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەلۋەتتە، ساپلا تاسادىپىي ھادىسە. لېكىن بىز بۇ كىشىنى يوقاتساق، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىر كىشىنىڭ

ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ ھەم مۇنداق ئورۇن ئالغۇچى مەيدانغا چىقىدۇ. مۇنداق كىشى ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەسكى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇنداق كىشى ھامان مەيدانغا چىقىدۇ.» [283]

ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ تارىخىي شارائىتى شۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن ئىدىكى، ئۇلار ئىچىدىن ئېلتېرىش، تۇنيوقۇق، بىلگە قاغان، كۆل تېگىن، بايانچۇر، ئىدىكىن قاتارلىق قاغان، ۋەزىرلەر چىققان. ئۇلارنىڭ چىقىشى تاسادىپىيدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىسمىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم بىر يولباشچىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر قانۇنىي زۆرۈرىيەت ئىدى. ئۇلۇغ دەۋر ئۇلۇغ شەخسكە موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ شەخسنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ھەر بىر ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇلۇغ ئەربابى بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇنداق ئەرباب بولمىسا، مۇنداق ئەربابنى يارىتىش شەرت» [284]. قىسقىسى، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى.

تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھامان تاسادىپىيلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئۇلۇغ شەخسنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئەلۋەتتە، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىدە بولىدىغان تاسادىپىي شەرت ـ شارائىتنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇمىن، ئىستەمى، ئېلتېرىش، تۇنيوقۇق، بايانچۇر، ئىدىكىن قاتارلىقلارنىڭ ئورقۇن دەۋرى (552 ـ 848) دە مەيدانغا چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈن باشقا كىشىلەر ئەمەس، دەل يۇقىرىقىلار مەيدانغا چىقتى؟ بۇنىڭدا تاسادىپىيلىق بار. ئەمما، تاسادىپىيلىقمۇ سەۋەبسىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇمىن، ئىستەمى، تۇنيوقۇق، ئېلتېرىش، بايانچۇر، ئىدىكىنلەر ئەقىللىقراق، باتۇرراق كىشىلەر ئىدى. كىشىلەر تۈرك قاغانلىقى دېگەن خانلىقنى تىلغا ئالسىلا بۇمىن، ئىستەمى، ئېلتېرىش، تۇنيوقۇقلارنى، ئۇيغۇر خانلىقىنى تىلغا ئالسىلا بايانچۇر، ئىدىكىن قاتارلىقلارنى ئەسكە ئالىدۇ، بۇ مەشھۇر ئەربابلارنىڭ تارىخنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ.
تارىختىكى بۇ مەشھۇر شەخسلەر نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىيالىدى؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە ۋەكىللىك قىلدى، ياكى دەۋر ئېقىمىغا ماس كەلدى. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلدى. بۇ نۇقتىدا ھەر قانداق سىنىپتىكى مەشھۇر شەخسكە ماس كېلىۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە، تارىخنى بەربىر خەلق ئاممىسى يارىتىدۇ. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تارىخىي رولى ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇ بەربىر چەكلىك بولىدۇ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىرىنچىدىن، مەشھۇر شەخسلەر ھەرىكەت قىلىدىغان سەھنە مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت ئاساسىغا قۇرۇلۇشى شەرت. مەيلى قانداق ئۇلۇغ شەخس بولسۇن، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇنداقلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىدىن «ھالقىغان» يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەرپا قىلالمايدۇ. بۇمىن، ئىستەمىلەر تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسى گۈللەنگەن دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئالتاي تاغلىرىدىكى مول تۆمۈر كانىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ شىمالدىكى ياخشى تۆمۈر چىقىدىغان يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇڭا، بۇ چاغدا ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ (ياكى قەبىلىسىنىڭ) تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. ئۇلار تۆمۈر كانلىرىنى ئېچىپ، تۆمۈر تاۋلاپ، تۆمۈر قوراللارنى ياساپ ئىشلەتكەن. بۇلار ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ راۋاج تېپىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر، شۇنداقلا تۈركلەر ئىچىدە ھۆكۈمران قەبىلە بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئىدى. بۇمىن، ئىستەمىلەر شۇ ئۇستۇنلۇكلەردىن ۋە ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن پايدىلىنىپ تۈرك خانلىقىنى قۇردى، بۇ ئەلۋەتتە ئىلغارلىق ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قىياپىتى ۋە رولى

ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۆزلىرى تەۋە بولغان سىنىپنىڭ قىياپىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان سىنىپنىڭ ئىرادىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئېلتىرىش، تونيوقۇق، بىلگە قاغان، بايانچۇر، ئىدىكىنلەر ئەينى چاغدىكى تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلىلەر گۇرۇھىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ شەخسلەرنىڭ تەلىپى شۇ گۇرۇھلارنىڭ تەلىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان؛ ئۇچىنچىدىن، ئىخىمۇ مۇھىمى، مەشھۇر شەخسلەر تارىخقا تەسىر كۆرسىتىشتە ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ۋە ئاممىنىڭ تارىخ يارىتىش ھەرىكىتىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. مەشھۇر شەخسلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئامما قانچە كەڭ بولسا، ئۇلارنى ئامما قانچە قوللىسا، ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينايدىغان رولى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بۇمىن، ئېلتىرىش، تونيوقۇق، بايانچۇر، ئىدىكىنلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى دەل ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا. بۇ كىشىلەر شۇ چاغدىكى ئەڭ كەڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا توغرا كۆرەش نىشانى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان.

4

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەدەبىي ئەسەر ژانىرىغا كىرىدىغان بۇ مەڭگۈ تاشلاردا ۋەقەلىك نوقۇل ھالدا شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. مەلۇمكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار 1 -، 2 -، 3 - شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار بىرىنچى شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بىرىنچى شەخس يەنى «مەن» ھېچقاچان

ئاپتورنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ مۇئەييەن بىر جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر گۇرۇھ ياكى سىنىپنىڭ ۋەكىلى، ئۇنىڭ جارچىسىدۇر. ماكسىم گوركى: ئەدەبىياتتىكى «قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ غەيرىتىنىڭ ۋەكىللىرى. ئاممىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلىگۈچىلەر»[285]، چۈنكى، «تارىخ جەريانىدا ھەر قاچان ۋە ھەر جايدا ئادەمنى ياراتقان خەلق» دەيدۇ[286]. ماكسىم گوركى يەنە: ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى «مەن» ئاپتورنىڭ ئۆزى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىرەر شەخسكە تەۋە ئەمەس، دەيدۇ. بىز جاھان خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىمىز.

«پرومېتېي، ساناتا، گىراكىل، سودتوگۇر، ئىلىيا، مىكو① قاتارلىقلارغا ئوخشاش ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوبرازلار ھەم دانا سىمۋوللار ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان باشقا يۈزلىگەن كىگانت ئوبرازلار پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇرى مەۋجۇت بولغان شارائىتتىلا يارىتىلىشى مۇمكىن ئىدى. كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ قۇدرىتىنى شۇ نەرسە ھەممىدىن تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، شەخسىي ئىجادىيەت يۈزلەرچە ئەسىر داۋامىدا ‹ئىلئادا›[287] ياكى ‹قەلېۋ ئالا›[288]غا تەڭ كېلەلەيدىغان بىر تېمىنى يارىتالمىدى ۋە شەخسىي گېنىي (ئۇلۇغلىقى) خەلق ئىجادىيىتىگە ئاساسلانمىغان بىرمۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوبرازنى، ئىلگىرى خەلق چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانىلىرىدە بولمىغان بىرمۇ ئالەمشۇمۇل مول تىپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىدى»[289]. ئەدەبىي ئەسەردىكى «مەن» ياكى پېرسوناژلار ئادەتتىكى ئادەملىرىدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە بەدىئىي تىپ دېيىش مۇمكىن. ئەمدى بەدىئىي تىپ بولسا، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسەن مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان تىپقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ[290]. تۆۋەندە بىز تىپىك بەدىئىي ئوبراز

① غەربىي ياۋروپا ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار.

دەپ ھېسابلىغان پېرسوناژلار ھەققىدە كونكرېت توختىلىمىز.

مەڭگۈ تاشلاردا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى يارقىن ئېچىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، تونيوقۇقنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. ئۇنىڭدا: «تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاققۇزدۇم. مەن (خانلىق) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. مەن ئۇردا قاراۋۇللىرىنى كېڭەيتتىم. يېنىپ - يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. قاغانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى، مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قورال‌لانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممە يەردە چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئېلتېرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، خانلىق ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، خانلىق يەنىلا خانلىق بولدى. خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم. ئۇلۇغ بولدۇم. ھەر قانداق يەردىكى قاغانلىق خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇردىدا نېمە غەم بولسۇن!» دېيىلىدۇ. «دەۋر ئۆتكەنسېرى ھايات ھەممىنىڭ ھەممە بىلەن كۈرىشىدىن ئىبارەت جىددىي ۋە ۋەھىمىلىك تۈس ئالىدۇ. ئەنە شۇنداق دۈشمەنلىك ئۈزلۈكسىز قايناپ تۇرغان ۋەزىيەتتە ئۆزىگە ئوخشىغانلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۈزلۈكسىز قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان ‹مەن› لىك (شەخس) نىڭ جەڭگىۋار قابىلىيىتى ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. شەخس ئومۇمەن ئىجادىيەتتە قابىلىيەتلىك بولسىلا، ئۇ چاغدا ھەممىنىڭ ھەممە بىلەن كۆرۈشۈش شارائىتى شەخسكە ئۆز روھىيىتىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى، ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى دۇنياغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ»[291]. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئاچىدىغان نەرسە ئىجادىيەت، پائالىيەتتىن ئىبارەت. بۇلار ئەلۋەتتە جەمئىيەتتە، كوللېكتىپ ئارىسىدا بولىدۇ. ماكسىم گوركى: «ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى ئىجادىيەتتۇر. ئۆلۈك ماددىنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىشقا ئىنتىلىشتۇر. شۇ ئۆلۈك ماددىنىڭ ھەممە سىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ كۈچلىرىنى ئادەملەرنىڭ

بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر» دەيدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن جان تىككەن ئوت يۈرەك قەھرىمانلار ئىدى. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «قاغان بولۇپ يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟» مۇنداق يالقۇنلۇق مىسرالار مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ئىشلىگەن ئىشلىرى ئىدى. ئېنگېلس: «كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قانداق قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ» [292] دەيدۇ. بىلگە قاغان، تونيۇقۇق، بايانچۇرلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىر بولۇپ، رېئاللىقتا ئايلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىلگە قاغان مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈم بەختلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن قاغانلىققا ئولتۇردۇم. قاغان بولۇپ، يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم.» بۇ سۆزلەردە ناھايىتى زور شەخسىيەتچىلىك بار. بۇنداق شەخسىيەتچىلىك بىلگە قاغاندىن باشقا تونيۇقۇق، بايانچۇر قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ توپلىنىشى، باي بولۇشى، قاغانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى، قۇدرەت تېپىشىنى ئۆزلىرىگە، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقىغا باغلايدۇ. قەبىلە ئەزالىرىنىڭ كۈچىنى چەتتە قالدۇرىدۇ، مۇنداق خاھىش قەدىمكى خەلق يولباشچىلىرىدا بولىدىغان ئورتاق خاھىش ئىدى.

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملار بارلىققا كېلىپ، ئۇلار ئارىسىدا تالاش - تارتىش، ئۇرۇش پەيدا بولغان. «بىز» دېگەن كوللېكتىپ بىلەن بىر قاتاردا «ئۇلار» دېگەن كوللېكتىپ مەيدانغا چىققان ھەم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە «مەن» (شەخس) پەيدا بولغان. ئەينى چاغدا «مەن» نىڭ (شەخسنىڭ) تەركىب تېپىش جەريانى تېپىك قەھرىماننىڭ تەركىب تېپىش جەريانىغا ئوخشاش شەخسنىڭ تەركىب تېپىشىغا كوللېكتىپ موھتاج ئىدى. چۈنكى،

شەخسنىڭ «ئۆلار» غا ھەم تەبىئەتكە قارشى كۈرەش ۋەزىپىلىرىنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىش، ئىختىساسلىشىش يولىغا چۈشۈشى، ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىشىشى كېرەك ئىدى. ئەنە شۇ پەيت قەدىمكى جەمئىيەتتە كوللېكتىپنىڭ ئورتاق غەيرىتى پارچىلىنىشقا باشلانغان بىرىنچى باسقۇچ بولغان، قەدىمكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن پسىخىكىسىنى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىغا بېغىشلىغانغا ئوخشاش، ئۆز رەھبىرى ۋە كاھىنى (دىنىي مۇراسىملارنى باشقۇرغۇچى چوڭ روھانى) نى تەربىيىلەش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىشى ئۈچۈن ئاشۇ شەخسكە ئىخلاس قىلىش، ئۇنىڭ تەسىرىگە بېرىلىش خاراكتېرى بولۇشى شەرت قىلىناتتى، ئەمما ئىلگىرىكى چاغلاردا كوللېكتىپتا ئۆز كۈچلىرىنىڭ بولۇشى توغرۇلۇق بىر خىل تەبىئىي چۈشەنچە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسنى يارىتىش (ئوتتۇرىغا چىقىرىش) بىلەن يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇ چۈشەنچە ئالدى بىلەن ئاشۇ كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان شەخسنىڭ پسىخىكىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، كوللېكتىپ مەيدانىغا چىقارغان شەخس دەسلەپ كوللېكتىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان. كېيىن كوللېكتىپنى چەتتە قالدۇرغان، ھەتتا كېيىنچە كوللېكتىپنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، دەسلەپ ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغان. لېكىن كېيىنچە شەخسىي تەشەببۇس كۆرسىتىپ، ئۆزىنى كوللېكتىپنىڭ كۈچلىرىدىن مۇستەقىل بولغان يېڭى ئىجابىي كۈچ دەپ تونۇغان. ئەنە شۇ دەۋر شەخس گۈللەشكە باشلىغان دەۋر بولغان. بۇ شەخسنىڭ يېڭى چۈشەنچىسى بولسا شەخسىيەتچىلىك پاجىئەسىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بولۇپ قالغان.

(بۇ) شەخس باشتا كوللېكتىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئۆز كۈچىدىن زوقلىنىپ، ئۆزىنىڭ رولىنى كۆرۈپ، ئەتراپىدىكى بوشلۇقنى سېزەلمەي قالغان. چۈنكى، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئۇنىڭغا تېخىچە كوللېكتىپ ئارقىلىق ئۆتۈپ تۇراتتى. كوللېكتىپ بولسا، شەخسنىڭ ئۆسۈشىنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ ئىسپاتى دەپ تونۇيتتى. ھازىرچە ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ يەتمىگەن «مەن» گە ئۆز تەسىرىنى

سىڭدۈرۈشنى داۋام قىلدۇرىۋېرەتتى. يېتەكچىنىڭ ئاجايىپ زېرەكلىكىدىن، قابىلىيىتىنىڭ مولۇقىدىن چىن قەلبىدىن زوقلانغان ۋە ھە دەپ شان ـ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. قەبىلىنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئەپسانىۋى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى يېتەكچىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭدا شۇ ئەپسانىۋى قەھرىمانلار بىلەن باراۋەر بولۇش ھەۋىسى قوزغالغان. كوللېكتىپ بولسا يېتەكچى ئارقىلىق يېڭى قەھرىماننى يارىتىش مۇمكىنلىكىنى سەزگەن. مۇنداق قىلىش كوللېكتىپنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى.

شەخس باشتا كوللېكتىپ بىلەن ئۆز ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان، ئۆزىنى كوللېكتىپ تەجرىبىسىنىڭ غەزىنىسى دەپ چۈشەنگەن ۋە شۇ تەجرىبىلىرىنى ئىدىيىلەر شەكلىدە ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭى كۈچلەرنىڭ توپلىنىش جەريانىنى تېزلەتكەن. لېكىن، قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى خاتىرىسىدە ساقلاپ يۈرگەن ۋە كىشىلەر ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ قالغان، ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقلارنى خالىغانچە ئىشلىتىدىغان ئىمتىيازغا ئېرىشىشكە ئۆرۈنگان. شەخس ئۆزىنىڭ بۇ خاھىشىغا ئىلگىرى ئورنىتىلغان ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغان تەرتىپلەرنى ئۆزگەرمەس تەرتىپ ـ قائىدىگە ئايلاندۇرۇش ۋە رېئال ھاياتنىڭ ئۇنى مەيدانغا چىقارغان فورمۇلالىرىنى بۇزۇلماس قانۇنغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. شەخسنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، شەخس روھىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مۇتەئەسسىپ رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا شەخس ئۆز ھوقۇقىنى ئورنىتىپ ۋە قوغداپ، كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتىگە چەك قويغان. كوللېكتىپنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ دائىرىسىنى تارايتقان، شۇنىڭ بىلەن يەنە بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بۇزغان. قەدىمكى دەۋردە كوللېكتىپ مەڭگۈلۈكنى ئىزدەپ ئولتۇرمىغان. چۈنكى، ئۇ مەڭگۈلۈككە ئىگە ئىدى. شەخسنىڭ بولسا كىشىلەرنىڭ ھاكىمى بولۇش ئارزۇسىنى ئورنىتىپ، ئۆز قەلبىدە ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇش ھەۋسىنى ئۆستۈرۈش لازىم بولۇپ قالغان [293]. يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنىڭ بىلگە قاغان، تونيۇقۇق، بايانچۇر، ئىدىكىنلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىك خاھىشىنىڭ

نېمە سەۋەبتىن شۇنچە كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ياردىمى بار.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازى كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە.

مەڭگۈ تاشلاردىكى پېرسوناژلار دەسلەپتە ئاددىي ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ھەقتە مەڭگۈ تاشلارغا قارايدىغان بولساق «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى باش قەھرىمان تونيۇقۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى قاغان قىلاي دېدىم.» دېمەك، تونيۇقۇق بۇرۇن مانا مۇشۇنداق ئاددىي شەخس بولسىمۇ، كېيىنچە پۈتۈن تۈرك قاغانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى ياكى باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. بۇلار ماركسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ: «بىز تارىخنى قانچىكى نېرىسىدىن سۈرۈشتۈرسەك، شەخسنىڭ مۇستەقىل ئەمەسلىكى، تېخىمۇ چوڭ بىر پۈتۈنلۈككە بېقىنىدىغانلىقى شۇنچە بىلىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ئائىلىدە ۋە كېڭىيىپ قوۋمگە ئايلانغان ئائىلىدە بولىدۇ، كېيىن قوۋملار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە قوشۇلۇشلاردىن پەيدا بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى جامائەلەردە بولىدۇ» .[294]

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار (قەھرىمانلار) خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇشتا، خانلىق قۇرۇشتا قانداق نەرسىلەر ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە، قانداق نەرسىلەر سەلبىي ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتكەن. ئۇلار ئىجابىي، پايدىلىق نەرسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى سەلبىي، كېرەكسىز نەرسىلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. «ئىنسانلارنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئەتىۋارلاش دەرىجىسى باشقا ئۆلچەملەر قاتارىدا ئۇنىڭ رەزىللىككە قانچىلىك نەپرەتلىنىپ قارشى بىلەن ئۆلچىنەتتى»[295]. بىلگە قاغاننىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، «··· تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ ـ توق قېلىشىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتتىڭلار. (نەتىجىدە) ئۇ يەرلەردە

ھالسىزلاندىڭلار، جىنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدىڭلار…» بۇلاردىن باشقا تۆۋەندىكى قۇرلارمۇ مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانلىرىنى يىرگەندۈرگەن مەسىلىلەردۇر: «كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بۇيرۇق، ئەمەلدارلىرىمۇ. ئېھتىمال بىلمىسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن … ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان خانلىقىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ». («كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىن) مانا بۇ پاجىئەلىك ساۋاقلارنىڭ ئەينى چاغدا قەبىلىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، ئىستىقبالىنى قايتىدىن ئويلىنىپ كۆرۈشكە، ئاچچىق تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق مىنۇتلاردا قوۋم ئەزالىرىنىڭ «… نۇرغۇنلىرى شان (شەرەپ) بىلەن ھالاك بولدى. لېكىن ئارزۇ ئەمەلگە ئاشتى — خەلق قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرۇۋالدى. ئەمدى ئۆپچۆرىسىگە كۆز تاشلىماقتا. چوقۇم بولىدىغان يېڭى جەڭ توغرۇلۇق ئويلىماقتا. يولباشچىلارنى ئىزدىمەكتە، ئۇلارنىڭ دانا ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى»[296] بۇ يولباشچىلار كىم ئىدى؟ بۇ مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ دەل ئۆزى. ئۇلارنىڭ قانداق دانا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىماقچى؟ «ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى (تۆۋەندىكى)، تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس يەر ـ سۈيى مۇنداق دەيدۇ: ‹تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن!›، ‹ئۇلار خەلق بولسۇن›» («كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىن) دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىماقچى. ئۇلار، بۇنى ئاڭلاپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بىلگە قاغان بۇنىڭ جەريانىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرىدۇ: «ئاتام ئېلتېرىش قاغاننى، ئانام ئېل بىلگە قاتۇننى تەڭرى توپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ، ئاتام قاغان ئون يەتتە ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ، (ئۇلارنىڭ) سىرتتا يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەھەردىكىلەر تاققا چىقىپتۇ، تاغدىكىلەر تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. (بۇلار) يىغىلىپ يەتمىش ئەر بولۇپتۇ، تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ

ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن؛ شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ تويلىغان كىشى 700 بولۇپتۇ. 700 كىشى بولغاندىن كېيىن (ئاتام قاغان) ئاتا بوۋىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بويىچە خانلىقىدىن، قاغانىدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ… ئۇ 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، يىگىرمە قېتىم جەڭ قىلىپتۇ، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ، قاغانلىرى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ، دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپتۇ. تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ. ئاتام قاغان ئاشۇنداق قىلىپ خانلىق قۇرغان ۋە قانۇن - تۈزۈم ئورناتقان …». («كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىن) مانا بۇلار مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىدىغان كونكرېت، جانلىق ۋە ئەمەلىي تەسۋىرلەردۇر.

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار قەبىلە، قوۋم ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ تونۇغان. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ روھىغا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن مۇراجىئەتلەر چىقىرىدۇ، يەنى نېمە دەپ خىتاب قىلسا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ، ئۇلار مانا بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇلۇغلىقىنى ۋە دانالىقىنى نامايان قىلدى. شۇڭا، ئۇلار مەردانىلىك بىلەن قىلغان «چاقىرىقلارنى ئاڭلاپ، مىڭلارچە ياشلار ئاتلاندى»، ئۇلار «ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، قوغدانى ياتقان (غەپلەتتە ياتقان - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) لارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ ئەڭ ئىلغار كۈچلىرىنى بىرلەشتۈردى ۋە قەدىمكى دۈشمەنگە قارشى بىرىنچى قېتىم ئۇلۇغ جەڭ قىلدى»[297]. دېمەك، مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار خەلقنىڭ «روھى كۈچى تەرەققىي تاپسا ۋە ئۇيۇشتۇرۇلسا، دۇنيانى جانلاندۇرالايدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەقىل ئىدرىكى ھەم گۈزەللىكى مەركىزىنىڭ چاپسانراق كېلىشىنى تەمىنلەيدۇ» غانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى: «ئىنسان مۇھىتنى يارىتىدۇ، شۇنىڭدەك

مۇھىتمۇ ئىنساننى يارىتىدۇ» [298]دەپ كۆرسىتىدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا، خانلىق قۇرۇشتا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بۇ كىشىلەرنىڭ غەيرىتىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسەر قەھرىمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆرسىتىشتە ئالدى بىلەن كۈرەش مەيدانى ياراتقان دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ئەدەبىيات ئۆز نۆۋىتىدە خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدۇر. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئەدەبىياتتىكى بەدىئىيلىك يۈكسەكلىكى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل يۇغۇرۇلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرى يۈكسەك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىدە پەخىرلىك ئورۇندا تۇرۇشقا مۇناسىپ.

# 9. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇسى «شىنجاڭ يىلنامىسى» 2002 - يىللىق ستاتىستىكىدا 8 مىليون 345 مىڭ كىشى دەپ يېزىلغان. بۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىگە تارقالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە كۆپرەك مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە ئاۋۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆزىگە خاس يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تولۇقلىنىشى، يۈكسىلىشى ھەم تاكامۇللىششىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمى جەھەتتىن ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىن ئىبارەت چوڭ ئېقىننى بويلاپ راۋاجلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىسمەن ئۆزگىچە پەرقلەرمۇ ساقلىنىپ بارغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى، يەنى تەبىئەتنى بىلىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە سوتسىولوگىيە ( 社会人文 ) ، سىياسىي - ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ھەققىدە ئويلىنىشنىمۇ بار. ۋاقىت جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە قەدىمكى ئەنئەنىلەرمۇ، يېقىنقى زامانغا خاس ئەنئەنىلەرمۇ بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە بىردەكلىك، ۋارىسچانلىق ۋە

خاسلىق يېتەكچى مەۋقە قىلىنىپ، كۆپ خىللىق، يېڭىلىنىش، ئارىلاشمىلىق يېتەكلەنگۈچىلىك ئورنىدا تۇرۇپ كېلىش بىلەن بىرگە بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىق، ۋارىسچانلىق بىلەن يېڭىلىنىش، خاسلىق بىلەن ئارىلاشمىلىق قاتارلىقلار قارمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇش پرىنسىپىنى ساقلىغان.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ يادروسى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىدىن بىرى. ئۇ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە، يۈكسەك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللەت ئورگانىك بىر گەۋدە ھاسىل قىلغان. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ۋاستىلىرىدىن بىرى. مىللەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئايرىلىدىكەن ئۇنىڭ مەدەنىيىتى تۇپراقتىن ئايرىلغان گىياھقا، مەنبەدىن ئايرىلغان ئېقىنغا ئوخشاپ قالىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئېرىشىش. بۇ ئالدىنقى شەرت ھازىرلانغاندىلا كىشىلەر ئاندىن تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ ۋە تارىخ يارىتالايدۇ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

مەلۇمكى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ كېلىش مەنبەلىرىدىن بىرى ئېكىنچىلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاز دېگەندىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ ئېكىنچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان تۇرمۇش ھالىتىگە ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق يېتەكچى ئىگىلىك قىلىنغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى مەركەز قىلغان ئېكىنچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن.

شىنجاڭدا بۈگۈنكى كۈندە تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن 13 ئاساسىي مىللەت بار. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى يېزا ـ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا

ناھايىتى قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى دەل يېزا ـ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەتنى تارىم ۋادىسى ۋە ئىلى ۋادىسى، تۇرپان ـ قۇمۇل بوستانلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قىلىش بىلەن بىرگە ئېكىنچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەت ياراتقان.

شىنجاڭنىڭ ئېكىنچىلىك ئىگىلىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىقچىلىقى ۋە كۆكتات تېرىقچىلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان. دېھقانچىلىقتا بۇغداي، قوناق، شال، ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر؛ كېۋەز، زىغىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قىچا قاتارلىق تالالىق ۋە ياغلىق دان زىرائەتلەر بار. شىنجاڭدا بۇغداي ناھايىتى كۆپ تېرىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو تەۋەسىدە بۇغداي ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن.

ئالما، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ياڭاق، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەر ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلار كۆلەم جەھەتتە كۆپ ئۆستۈرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى بۇلار تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەملىكەت ئىچىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭنىڭ بۇ جەھەتتە «مېۋە ماكانى» دېگەن نامىمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدە بۇغداي ئۇنى تامىقى ئاساس قىلىنغان. بۇ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. كۈندىلىك ئىستېمالدا سۇيۇقئاش، چۆپ، لەڭمەن، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، مانتا، هورنان، قازان نېنى، سامسا، قۇيماق، قاتارلىقلار بار. بۇغداي ئۇنىدىن يەنە ھەر خىل نانلار تەييارلىنىدۇ.ناننىڭ تۈرىلا ئون نەچچە خىلغا بارىدۇ. قارا ئاشلىقمۇ خېلى كۆپ نىسبەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. قوناق (ئاق قوناق، كۆممە قوناق)، تېرىق، ئارپا قاتارلىقلاردىن سۇيۇقئاش، جۇۋاۋا، ئۇماچ، يوبدان، كۆجە، تالقان تەييارلانغاندىن باشقا نانمۇ

ئېتىلىدۇ.

گۆرۈچتىن ئاساسەن پولۇ تەييارلىنىدۇ.

ماش قاتارلىق پۇرچاق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ، پىياز، يۇمغاقسۇت، پىننە، سامساق، لويلا، يۇمران بېدە (كۆك)، قىزىلبۇداچ، كۇدە، كاۋا، قاپاق قاتارلىق كۆكتاتلار، قوغۇن - تاۋۇز، ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، توغاچ، ئۈزۈم، ئۈجمە، ئامۇت، نەشپۈت، جىگدە، چىلان، گىلاس، ئەينۇلا، شاتۇت قاتارلىق مېۋىلەر؛ غوراپ، سىيادان، زىرە، بەديان، سۇت، قېتىق، قايماق، لەيلىگۇل، قىزىلگۈل قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي يېمەكلىكلەر بولۇپ، سۈنئىي يېمەكلىكلەر ئاساسەن ئومۇملاشمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ زۆرۈر ياردەمدە بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا قوي، ئۆچكە ئاساس قىلىنغاچقا، قوي گۆشىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆچكە، كالا، ئات، توخۇ گۆشلىرى ۋە بېلىق قاتارلىقلارمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر دېھقان ئاھالىلىرى ئاساسەن مال - چارۋىدىن ئايرىلمايدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ قولىدا بېقىلىۋاتقان چارۋا شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى گۆش ئىستېمالىنىڭ مول بولۇشىنى شەرت قىلغان. ئۇيغۇرلار گۆشنى شورپا، قورداق، قىيمىلىق تاماقلار، نېرىن چۆپ، پولۇ قاتارلىقلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق مىجەزنى تەڭشەش، ساقلىقنى ساقلاش مۇددىئاسىغىمۇ يەتكەن. ئۇلار ئادەم مىجەزىگە پەسىل، ھاۋارايى، ئەمگەك مەشغۇلاتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتقا قاراپ سوغۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە مۆتىدىل تاماقلارنى، ھەر خىل تەم تەڭشىگۈچ، مىزاج تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى دورا - دەرمەكلەر ئارقىلىق

تەييارلايدۇ. مەسىلەن، سوغۇقى ئېشىپ كەتكەندە ئۇستۇن ھارارەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى؛ ئىسسىقى ئېشىپ، قىزىپ قالسا سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يېيىش ئارقىلىق بەدەننىڭ مىزاجىنى تەڭشەيدۇ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى كېسەل داۋالايدۇ.

ئومۇمەن، پەرھىز تۇتۇش خەلق ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ، ئۇ ئۇز نۆۋىتىدە تېبابەتچىلىكتىمۇ كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار كۆپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ تۆتىنچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار كۆپرەك. بۇنىڭدا ئىرسىيەت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئۆرپ — ئادەت ئەنئەنىسىدىن باشقا يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ رولى خېلىلا چوڭ بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرى ئۆي تامىقى ۋە مېھمان تامىقى دەپ ئايرىلىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلسە خۇشاللىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەنئەنە بويىچە «مېھمان كەلسە قۇت (بەخت) كېلۇر» دېگەن قاراش ساقلانغان. مەيلى چاقىرىلغان، مەيلى ئۆزى كەلگەن مېھمان بولسۇن ياخشى، ئېسىل تاماق ئېتىپ كۈتىلىدۇ.

يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە، ئىت، ئېشەك، چوشقا، مۈشۈك، قېچىر، مايمۇن قاتارلىقلارنىڭ ۋە كۆك كەپتەر، ئۆلار، قىرغاۋۇل قاتارلىقلاردىن باشقا ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىش پەرھىز قىلىنغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا ئات گۆشى يېيىلمەيدۇ، ھايۋانلارنىڭ قېنىنى ئىچىش ۋە ھارام چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېيىش چەكلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ياسىنىش ـ تارىنىش تەرەپلەردىكى ئادەتلىرى ئۇزاق يىللار ئىچىدە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مىللىي ئېستېتىك قارىشى، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە قوشنا رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىش ئادىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا بېشىغا باش كىيىم كىيىش ئومۇملاشقان ئادەت. يازدا دوپپا، قىشتا تۇماق كىيىلىدۇ، ئاياللار يەنە بېشىغا ياغلىق سالىدۇ. ئۇچىسىغا كۆڭلەك كىيىلىپ، ئاندىن چاپان كىيىلىدۇ. ئوتتۇراھال كەڭلىكتىكى، ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان ئىچ ئىشتاننىڭ تېشىغا كىيىلىدۇ. يازدا بەتىنكە، قىشتا ئۆتۈك كىيىلىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆڭلىكى ئۇزۇن بولىدۇ. ئەرلەر كىيىملىرى سىدام رەختلەرنى ئاساس قىلىپ، جانلىق ۋە گەۋدىلىك تىكىلسە، ئاياللارنىڭ گۈللۈك رەختلەردىن سىپتا، ئەۋرىشىم تىكىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ كىيىملىرى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئارىلاشتۇرۇپ كىيىلمەيدۇ.

ئەرلەر بېشىنىڭ چېچىنى قىسقا ئۆستۈرىدۇ ياكى پات - پات ئۇستۇرىدا چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇرۇت قويۇش ۋە ئوتتۇرا ياشتىن ئۆتكەندە ساقال قويۇش خېلىلا ئومۇملاشقان، ئەرلەر مەردانە، سالاپەتلىك يۈرىدۇ.

ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن قويۇۋېتىلىدۇ ياكى بانتىلىنىدۇ. ئادەتتە قىزلار 7، 9، 40 تال، چوكانلار ئىككى تال، تۇل ئاياللار (ئەرگە تېگىش ئويى بارلار) بىر تال ئۆرۈۋالىدىغان ئادەت بار. ئۇلار يەنە قېشىغا ئوسما، يۈزىگە ئەڭلىك، كىرپىكىگە، قاپىقىغا سۈرمە، تىرنىقىغا خېنە قويىدۇ. ئاياللار نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم، ئۇياتچان، ئەدەپلىك كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئولتۇراق ئۆي‍لەر شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە قوشنا خەلقلەرنىڭ مىمارچىلىق تەسىرى ھەم شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مىمارچىلىق ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قۇرۇلۇش پاسونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر ئۆي‍لىرى ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي‍لەردۇر. ئۆي‍لەر ئادەتتە تۆت خانىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۆي دەھلىز، ئىككى ياندا مېھمانخانا، ئاشخانا، ئاشخانىنىڭ يېنىدا قازناق، ئۆگزىدە بىر بالكون، ئولتۇراق ئۆي ئالدىدا ھويلا، كەينىدە باغ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوخشىمىغان رايون، يەرلەردە قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەر بار.

جامائەت قۇرۇلۇشلىرىدىن مەكتەپ، جامە، مەسچىت، تونەكخانا

قاتارلىقلار بار.

ئولتۇراق ئۆي ۋە جامائەت قۇرۇلۇشلىرى كۆركەم بېزىلىدۇ. ئۆي ئىچىگە خىلمۇخىل نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يېزا ۋە شەھەر - بازارلارغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقىدا. قول ھۈنەرۋەنلەر ياغاچ، سۆڭەك، تاش، مىس، ئالتۇن، تۆمۈر، قاڭالتىر، توپا - لاي، تېرە - ئۈچەي، يۇڭ، ياغ، شور، پاختا - يىپەك، مىنېرالنى نەرسىلەردىن خىلمۇخىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە باشقا قورال سايمانلارنى ياساپ ئىچكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا، بازار ئوبروتىغا قاتناشتۇرۇپ سودىدا ئالماشتۇرۇش بويۇمى قىلىپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ھەسسە قوشۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار سودا - تىجارەتكە ماھىر. ئۇلار ئېلىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي دەرۋازىسىدا تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن بولغان ئالاقىسى جۈملىدىن شەرق - غەرب ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ياشىغان بولغاچقا، تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئورقۇن ۋادىسىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلىپ خانلىق تىكلىگەندە ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا - ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوينىغان رولى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن كونا، يېڭى «تاڭنامە». ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخنامىلەردە ئېنىق يېزىلغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقى زامانىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر سودىگەرلەر جۇڭگونىڭ سودا - ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار پەن - تېخنىكا ساھەسىدىمۇ خېلى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى ئىچىدىكى قەغەز ياساش، مەتبەئەچىلىك، مىلتىق دورىسى (پورۇخ) قاتارلىقلار شىنجاڭ ئارقىلىق غەرب دۇنياسىغا تارقالغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار دەۋرىدە

بوياقچىلىق، بىناكارلىق، كالېندارچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، مەتبەئەچىلىك، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، قاتناش ساھەسىدە بەلگىلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن. بولۇپمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەتبەئەچىلىكى جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ غەربىي قىسىم بوشلۇقىنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئەينى چاغدا قوچودا ئون نەچچە خىل تىل - يېزىقتا كىتابلار بېسىلىپ چىققان. بۇلار بۈگۈنكى كۈندە ئىلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلمىي ئورگانلاردا ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تورىۋاتىدۇ ۋە مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولماقتا. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۆپلىگەن رېتسېپلارنى گېرمانىيىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلار ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. بۇ رېتسېپلاردىن شۇ نەرسە بىلىنىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ چاغلاردىلا روھىي داۋالاشتىن ماددىي داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، رېتسېپلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تېبابىتى جۇڭگو تېبابەتچىلىك ساھەسىدە دۆلەت ئېتىراپ قىلغان بىر خىل تېببىي ئىلىم تارمىقى بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى بىلەن ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرت قىلغانلىقىدا.

ئۇيغۇرلار مول مەنىۋى مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا ئىگە. بۇ كۆپ قاتلامدىن تەركىب تاپقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ يېزىققا تەدبىقلانغان. تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»، «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «خەمسە نەۋائى»، «خەزائىنۇلمەئانى»، «مۇھەببەت داستانلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنياغا كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئىجادىيەت ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تىن باشقا، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، «پەرھاد ۋە شېرىن» ، «رابىئە ۋە سەئىدىن» ھەمدە «غېرىپ ۋە سەنەم» قاتارلىق تەسىرلىك داستانلار مەيدانغا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، نەۋائى، ئابدۇرەھىم نىزارىغا ئوخشاش داڭلىق ۋە ئۇلۇغ شائىرلار ئۆتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىسى خەلق پەلسەپىسى ۋە كلاسسىك پەلسەپىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلام يۆنۈلۈش بويىچە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. خەلق پەلسەپىسى ئاۋام ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن خەلق ھېكمەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان بولسا، كلاسسىك پەلسەپە مۇتەپەككۇرلار، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي پىكىرلەر جەۋھىرىدىن ئىبارەت. XI ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تە شېئىرىي، جۈملىدىن ئەدەبىي پىكىرلەردىن باشقا پەلسەپىۋى پىكىرلەر چوڭقۇر ۋە قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئۇنىڭدا ساددا دىئالېكتىكا، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي رولى، بىلىم، ئەخلاق، تىل پەزىلىتى، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئادالەت، ئىنسانىي بۇرۇچ ۋە ھوقۇق، جەمئىيەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە غايىۋى گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالغان.

ئۇيغۇرلار تارىختا شامان، مانى، بۇددا، خىرىستىئان، ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئىشەنگەن. مىلادىيە X ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بىرلا دىن ئومۇمىي مىللەتنىڭ ئېتىقاد فورماتسىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ دىنلاردىكى ئىنساننى قەدىرلەش، مەرىپەت يولىدا تىرىشىش، كۆيۈمچانلىق قاتارلىق ئاكتىپ ئامىللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىكاتىكىلىق ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، دىنلاردىكى سەلبىي تەسىرلەرنىڭ يېتەكچى مەۋقەنى ئىگىلەپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەن. شۇنداق بولغاچقا، تارىختىن بېرى كەڭ خەلق ئاممىسى دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ كېتىشمەي، رېئال ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن تىنىم تاپماي

تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە كۆز ئالدىدىكى بەخت ئۈچۈن ئىنتىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇلار شىنجاڭغا زور دەرىجىدە مەركەزلەشكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى بەك ئاز. ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان، جامائەتچىلىكى كۈچلۈك، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا ئۆزئارا ياردەمدە بولىدۇ؛ ئاجىز ـ مېيىپلار، غېرىب ـ غۇرۋالار، يېتىم ـ يېسىرلەر، نامرات ـ بەقىرۇلار، مۇساپىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدۇ. بايلار، تىجارەتچىلەر، ھاللىق كىشىلەر ئۆشرە ـ زاكات ئايرىپ، ئىگە ـ چاقىسىز، قول ئىلكىدە يوقلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بايلىقىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشتە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتا، ۋەتەننى قوغداشتا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قىممەتلىك پەزىلەت.

ئۇيغۇر خەلقى شىنجاڭدىكى قېرىنداش باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىق خىسلىتىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان غەربىي دەرۋازىسىنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قوغداش، مۇستەھكەملەش جەھەتلەردىمۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۈيۈك جۇڭخۇا ئېلىنىڭ بۈگۈنكىدەك كەڭ تېررىتورىيە ئاساسىغا ئىگە بولۇشىغا ئۆزىنىڭ بىر ئۇلۇش ھەسسىسىنى قوشقان. بۇنىڭ ئۆزى يۈكسەك ئۇيۇشقاقلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى، مۇقام ـ مۇزىكىلىرى مول ۋە كۆپ خىل. شىنجاڭدا قەدىمكى چاغدىلا مۇزىكا ـ كۈيلەر ئومۇمىي تۈس ئالغان. ئۇدۇن مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى، كۇسەن مۇزىكىسى، قوچو مۇزىكىسى، ئىۋىرغول مۇزىكىسى قاتارلىقلار جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو مۇزىكا خەزىنىسىنىڭ تەركىبىنى تولۇقلاپ، بىر پۈتۈن جۇڭگو مۇزىكا مەدەنىيەت سىستېمىسىنى

بەرپا قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

ئۇيغۇر «12 مۇقام»ى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۈل تاجىسى. ئۇ قەدىمكى ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، قوچو، ئىۋىرغول مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ئەرەب ـ ئىسلام مۇزىكىسىنىڭ ۋە ھىندى مۇزىكىلىرىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ شەكىللىنىپ، سىستېمىلاشقان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا قامۇسى. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇزىكا خەزىنىسىدىكى يۈكسەك بايلىققا ئايلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ساقلانغان. ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازلىق قاتارلىقلار ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملاشقان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. پەقەت دارۋازلىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ خەتەرلىكلىكى، قىيىنلىق دەرىجىسى باشقا تەنتەربىيە تۈرلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر دارۋازلىرى جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق روھى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بەرمەكتە، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىنى نامايان قىلماقتا. ۋەتەن ـ خەلقنىڭ شانۇ شۆھرىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇلار پەقەت سىستېمىلاشقان، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرىدىنلا ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى. ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، مىللەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى بېرىدۇ. مەلۇمكى، مىللىي مەدەنىيەت مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى. مىللىي مەدەنىيەت بىلەن مىللەت دىئالېكتىك بىردەكلىكتە ئىگە. بىر مىللەتتە بىرلىككە كەلگەن، سىستېمىلىق ۋە تىپىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ بولۇشى يېڭى ـ يېڭى ئىجادىيەت ـ كەشپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشى، باشقا مىللەتلەر

بىلەن بىرلىكتە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئىككىنچى، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى، ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. بىر مىللەت ئىچكى قىسمىدا كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىق روھىنى مۇستەھكەملىشى لازىم، مىللىي مەدەنىيەت بۇنداق ئۇيۇشۇشچانلىقنى بىر - بىرىگە چىرماپ تۇرغان مەنىۋى يىپ. ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت رىشتىسى بىلەن ئاساسلانغان مىللەت قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە، ئورتاق گۈللەپ ياشنىشىدا ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك جارىي قىلدۇرالايدۇ. زەئىپلىك، چېچىلاڭغۇلۇق، باشباشتاقلىق ئۆز مىللىتىنىلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماستىن، بەلكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ مۇقىملىقىغا زىيان سالىدۇ، تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئېقىمىغا قوشۇپ، خۇددى تارىم ۋە چاڭجياڭ دەريالىرىدەك مەڭگۈ توختىماي ئۆركەشلەپ راۋان بولۇشىغا تەشنا.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممىتى نوقۇل ئۆز مىللىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بەرق ئۇردۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جارىي قىلدۇرۇلۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر ئۈلۈش ھەسسىسىنى قوشۇشقا ھېچقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى، رەڭگا رەڭ تۈس ئېلىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگودا 56 مىللەت بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخى، شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. جۇڭگو مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەمەرلىرىنى ئۆزىگە يىغقان ھالدا بىر پۈتۈن مەدەنىيىتى ھادىسىسىنى

بارلىققا كەلتۈرگەن. خۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگا رەڭ مەدەنىيەت خەزىنىلىرى ئىچىدە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە سەر خىل مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىرىدىن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى سېلىشتۇرۇلغان ئەڭ قەدىمكى لۇغەت «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىچىدە ھەجىم جەھەتتە ئەڭ چوڭ، تارىخى ئۇزۇن، ھېسابلانغان يازما ئەدەبىياتقا خاس داستان «قۇتادغۇ بىلىك» ، شەرق مۇزىكا گۆھىرى «12 مۇقام» ۋە دارۋازلىق قاتارلىقلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ موللىقىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى جارىي قىلدۇرۇش جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي ئاساسقا ۋە توغرا پاكىتقا ئىگە قىلىشتا، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئابرۇيىنى داۋاملىق قوغداشتا، ئىچكى ـ تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر، يامان نىيەتلىك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىغۋالىرى، بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقى، بۆھتانلىرىغا زەربە بېرىشتە ياخشى ئىمكانىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭغا قىممەتلىك جاۋاھىرلار، بىباھا تەجرىبىلەر ۋە كەشپىياتلار مۇجەسسەم قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا، جارىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ پرىنسىپى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگونىڭ مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى. بۇنىڭ ئۆزى بىر تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاقىلانىلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يۈكسەك بىر مەدەنىيەت

ھادىسىسى، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاسلىقىنىڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ئۇنىڭ سەر خىل ھادىسىلىرى جارىي قىلدۇرۇلىشى، ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلىشى لازىم ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇ خىل مەدەنىيەت تارىخنىڭ مەھسۇلى. كونا جەمئىيەتتە يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىلىق جەمئىيەت ۋە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىلىق جەمئىيەتتە يارىتىلغان. ئۇنىڭدا جەۋھەرلەر، ئىلغار ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىرگە، پاسسىپ، چۈشكۈن، مۇتەئەسسىپ ئامىللارمۇ بەلگىلىك يوسۇندا ساقلانغان. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى يېتەكچى ئامىل بولغان ئىلغار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. بۇلار مىللەتنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ ئامىللار مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭ كۈشەندىسى. بېكىنمىچىلىك، قاشاڭلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپاتلىق ئىللەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئاھالىلىرىنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئايرىم كىشىلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى بەك يۇقىرى دەرىجىدە مۇبالىغىلاشتۇرۇپ ۋە يۇكسەك ئابىدە، كۆز يەتكۈسىز پىرامىدا قىلىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان، ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، يېڭىلىق يارىتالمايدىغان خاھىشتىمۇ بولۇپ كەلمەكتە. بۇ بۇگۈنكى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات، ئۇچۇر دەۋرىگە تۇپتىن قارىمۇ قارشى بولغان بىر خىل پاسسىپ خاھىش. بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، نەزەرىيىۋى بىلىمنى كۆپ ئىگىلەشكە، نەزەر دائىرىنى كەڭ قىلىشقا، كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇشقا، ئۇزلۇكسىز تەپەككۇر قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇشقا، ئۆز مىللىتى بىلەن ۋەتەننىڭ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ۋە ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئورتاق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابى، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى، 1978 - يىلىدىكى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات سىياستى قاتارلىقلار تەسرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق ئۆي، ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن تارتىپ، تا ئىدىيە - ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىتى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا مۇھىم تاللاش دەۋرىگە قەدەم قويدى. تارىخنىڭ ھالقىسىدا ھەرىكەت قىلماقتا. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقىي گۈللىنىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى ساقلىغان ئاساستا، قوبۇل قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، غايەت زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىك، مۇقىملىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. يېقىندا يەنە غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش‍ـتەك ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇر مىللىتى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى چوڭقۇر ئويلىشى زۆرۈر. بۇ ئىستىقبال ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇشتىلا ياكى ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قانداق قىلىپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىر ئېنېرگىيە كۈچى قىلىپ تۇرۇپ، يېڭى مۇھىت، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى كەيپىيات ئىچىدە زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۆتۈش، ئۇچۇر دەۋرىگە يېتىشىۋېلىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سەر خىل جەۋھەرلىرىنى يېڭى مەدەنىيەت كەشپىياتلىرى بىلەن قوشۇپ، يېڭى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ تاشلىۋەتمىگەن، يېڭى مەدەنىيەتنىمۇ قوبۇل قىلىش ۋە يارىتىشقا ماھىر تارىخىي جەھەتتە قەدىمىي بولغان، مەۋجۇدلۇقنى

ساقلاش جەھەتتە زامانىۋى مىللەت بولۇپ، جۇڭگو تۇپرىقىدا بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلەپ، جۇڭخۇا ئېلىدىكى 56 مىللەت بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتەك شەرەپلىك خىزمەت مەيدانىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

## چۈشۈنۈك ۋە مەنبە كۆرسەتمە

[1] مەسىلەن: گومۇرۇ، سىېن جۇڭمىيەن قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدىكى ساپالچىلىق، ئاسترونومىيە، تۆمۈر تاۋلاش، كالېندارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلىرى غەربتىن كەلگەن، دەپ قارىغان.

[2] ئاۋرىل ستەين مۇنداق دەپ يازغان: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى جۇڭگو، پارس ۋە ھىندىستاندىن ئىبارەت ئۈچ مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان» (ئاۋرىل ستەين «ستەيننىڭ غەربىي رايوندىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ بەت، بېيجىڭ).

[3] مەسىلەن، ئارخېئولوگ خۇاڭۋېنبى ئەپەندى مۇنداق يازغان: «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت». خۇاڭ ۋېنبى «ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ تۇتقان ئورنى» (جۇەن زەي «يىپەك يولى ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى كاتولوگى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 300 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل).

[4]، [6] چېن گې «شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى يېڭى تونۇش» ناملىق ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 1 ـ سان، 85 ـ 86 ـ 87 ـ بەتلەر.

[5] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

[7] ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 433 ـ بەت.

[8] «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[9] بۇ خىل بۆلۈش ئابدۇقېيۇم خوجا ئەپەندىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى: يەنى بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي

پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1987 ـ يىلى 2 ـ 3 ـ سانلار.
[10] «كاپىتال» ، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 204 ـ بەت.
[11] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1989 ـ يىلى، 2 ـ سان، 4 ـ بەت.
[12] ۋۇجۇ «خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى، 2 ـ سان، 69 ـ بەت.
[13] «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، تەيۋەن جىڭجۇڭ نەشرىياتى، تەيبېي، خەنزۇچە نەشرى، 259 ـ بەت.
[14] لى يۇڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانى.
[15] «‹قوتادغۇ بىلىك› تىكى ‹بايات› دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىلى 2 ـ سان.
[16] ۋۇجۇ «خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل، 2 ـ سان، 70 ـ بەت.
[17] ۋ . ۋ . بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ بەت.
[18] يۈەن شۇ «شىنجاڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ سىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانى.
[19] جاڭ ۋېنلىڭ «مەملىكىتىمىز قەغەزچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» («ھۆججەتلەر مەجمۇئەسى» ، 20 ـ قىسىم، 226 ـ بەت. كاتولوگ ھۆججەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) .
[20] كارىل ماركس: «كاپىتال» III توم.
[21] ، [24] «ئۇلۇغ يىپەك يولى» . «غەربىي شىمال تارىخى، جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، 103 ـ بەت.
[22] ، [23] چاڭزى خېجۈن (ياپونىيىلىك) : «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرشى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 ـ يىلى 3 ـ سان.

[25] ، [26] لوشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى خەۋىرى» ، 1989 - يىل 8 - سان، خەنزۇچە.

[27] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، 1990 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانى.

[28] يىن جىچياڭ «ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى قاشتېشىنى سۆيۈشتەك يۈكسەك پەزىلىتى ھەققىدە» ، «مەدەنىيەت تارىخى بىلىملىرى» ( 文史知识 ) ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 5 - سان.

[29] ، [30] ، [32] لوشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» ، 1989 - يىلى 8 - سان.

[31] س. ۋ. كىسىلىۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان، 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 71 - بەت.

[34] ، [45] چاڭزى خېجۇن: «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 - يىلى 3 - سان.

[35] ، [36] ، [37] ، [38] ، [39] George Coedes : «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە» ( « 希腊拉丁作家远东文献辑录 » ) . جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 - يىلى، 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - ، 32 - ، 33 - ۋە «مۇقەددىمە» 21 - ، 22 - بەتلەر.

[40] گېڭ شىڭ: «قەدىمكى گرېك، رىملىقلار قەلىمى ئاستىدىكى سېرېسلىقلار» «غەربىي شىمال تارىخى، جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ژۇرنىلى، 1987 - يىل، 2 - سان 26 - بەت.

[40] ، [42] چىيەن بوچۇەن: «Seres ھەققىدە» ، «غەربىي ئەل تارىخ مەجمۇئەسى» I توپلام، 154 - ، 155 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[41] سۇ بېيخەي: «سۇلى نامى ھەققىدە تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە، 1984 - يىلى 3 - سان.

[43] ئەخمەت رىشىت: «سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1985 - يىلى، 1 - سان، 142 - بەت.

[44] سۇ بېيخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ياپلاقتىكى يىپەك يولى» ، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ، 1981 - يىلى 1 - سان.

[46] ۋاڭ بىڭخۇا: «قۇتۇبى ناھىيە قىزىلتاش — كاڭجياشىنزىدىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسقا تېۋىنىش رەسىملىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 1 -، 2 - سان.

[47] جۇ يىڭرۇڭ: «كۆسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1985 - يىلى 2 - سان، 117 -، 118 - بەتلەر.

[48] ، [49] جى شيەنلىن: «توخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى» ، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ، 1980 - يىلى تۇنجى سان.

[50] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» ، 404 - بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[51] ، [52] ، [53] ، [54] ، [55] ، [56] ، [57] ، [58] مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، 142 -، 519 -، 570 -، 516 -، 610 -، 686 -، 145 - بەتلەر، 1981 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

[59] يۇقىرىقى كىتاب، II توم، 298 - بەت.

[60] تۇ تۇ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ، 490 - جىلد.

[61] م. يۈسۈپ «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» 1994 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى سانى.

[62] مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ، I توم.

[63] «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (جاڭ بىبو، دۇڭ گوياۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، 51 - بەت، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، خاربىن 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

[64] ، [65] شې خۇخۇاڭ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» ، 3 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[66] ، [67] جۇ جۇشيەن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە» ، گۇاڭشى خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[68] م. نىزامى «قوشۇخان ۋە قوشۇقى» ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1991 - يىلى 4 - سان.

[69] ، [70] لىن گەن، گاۋ زىخۇ «ئۇيغۇر تارىخى» ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 71 - بەت.

[71] جۇ شاۋزۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ئەربابلىرى تەزكىرىسى» ، 81 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

[72] «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى» نىڭ تارماق جىلدى)، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 110 -، 111 - بەتلەر.

[73]، [74] ياڭ ليەن «يۇەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 284 -، 285 -، 286 - بەتلەر، خەنزۇچە.

[75] «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى» نىڭ تارماق جىلدى)، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 110 - بەت.

[76] ياڭ ليەن «كوكو» نىڭ ئەينى زامانىدا KOKO دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «يۇەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت شائىرلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 49 - بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

[77] «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 2 - قىسىم، 22 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[78] ياڭ فۇ شۆ «100 يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا نەزەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2000 - يىلى 4 - سان 81 - بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

[79] تۇرسۇن ياسىن «سادىر پالۋان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى، 30 - بەت.

[80] ر. گروسسې (فرانسىيە) «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، 147- بەت، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، شىنىڭ، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

[81] ياڭ فۇ شۆ «ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» (回鹘之佛教) 72 -، 150- بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[82] گاۋ شىرۇڭ، ياڭ فۇ شۆ «خەنزۇ بۇددىزمنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەسىرى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» (民族研究) 2000 - يىللىق 5 - سان، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

[83] تۇ تۇ «سۆڭنامە. قوچو تەزكىرىسى»

[84]، [85] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، 407 -، 418 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

[86] لىن مېيسۇن «يەكەندىن تېپىلغان قارا خانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىلى 4 - سان 110 - بەت؛ «غەربىي يۇرت

مەدەنىيىتى» ( 西域文明 ) ، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 478 - بەت.

[87] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. تىل - يېزىق» قىسمى، 375 - بەت، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي، خەنزۇچە.

[88] «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» ( 中国各民族宗教与神话大词典 ) ، 600 - بەت، بېيجىڭ شۆيۈەن ( 学苑 ) نەشرىياتى، 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[89] چېن گوگۇاڭ «يەكەن خانلىقىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى 4 - سان، 83 - بەت.

[90] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» ، 603 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[91] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ( «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان) ، 334 - ، 335 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

[92] بۇ كىتابتىن ۋ. ۋ. بارتولد «تۈركىستانغا ئەلچى بولۇپ بېرىشتىن دوكلاد» ناملىق ئەسىرىگە نەقىل ئېلىپ ئىشلەتكەن. ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، 267 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

[93] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، 419 - بەت.

[94] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 1061 - بەت.

[95] موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر روزى قەشقەرىمۇ «تەزكىرەئى ھىدايەت» ناملىق كىتاب يازغان. بۇنىڭ قەشقەرلىك موللا رەھىم خەتىپ 1883 - يىلى كۆچۈرگەن بىر نۇسخىسى بار (ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، 268 - بەت، 1995 - يىل نەشرى) .

[96] «ھىدايەتنامە» نىڭ ئېلىمىزدە پارسچە قول يازمىسى ساقلىنىۋاتقاندىن باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنى ۋە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىمۇ ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بار (بۇ ھەقتە ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، 344 - بەتكە قارالسۇن) .

[97] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ،

1058 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

[98] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، 419 ـ بەت.

[99] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ، 3 ـ قىسىم، 443 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

[100] مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «ئەسهابۇلكەهب تەزكىرىسى» «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» 4 ـ بەت، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق، ئەخمەت سەيدۇللا تەييارلىغان. ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، 1994 ـ يىل مىخ مەتبەئە نۇسخا.

[101] ۋېي لياڭتاۋ «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ، 22 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

[102] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ، 3 ـ قىسىم، 426 ـ بەتتە ھىجرىيە 1203 ـ (مىلادىيە 1788 ـ) يىلى يېزىلغان دېيىلگەن. بۇ ئاپتورنىڭ 2 ـ قېتىم ئۆزگەرتكەن يىلى بولسا كېرەك.

[103] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ، 3 ـ قىسىم، 443 ـ بەت، 1993 ـ يىل نەشرى.

[104] ئا. سىمىنوۋ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېكلەر تارىخى توغرىسىدىكى كاتولوگ» قا قارالسۇن.

[105] بۇ كىتابنىڭ 352 بەتكە يېقىن ھەجىمدىكى قول يازما نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.

[106] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 71 ـ بەت، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۆزۈردا تۈزۈلگەن، ئالمائاتا پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

[107] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 71 ـ بەت، ئالمائاتا، 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

[108] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 6 ـ سان، 47 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

[109] بۇ كىتابنى قەشقەر يېڭىسار خانئېرىقلىق موللا ئابدۇللا بىننى موللا نىيازنىڭ ھىجرىيە 1280 ـ (مىلادىيە 1864 ـ) يىلى كۆچۈرگەن نۇسخىسى بار. (ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، 266 ـ بەت).

[110] ئابدۇل ئەھەد ئالىم «گويا ناھىيىسىدىن تېپىلغان كلاسسىك ئەسەر

‹دۇررۇل مەجالس› »، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانى.

[111] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 13 - بەت، ئالمائاتا، پەن نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

[112] ماددەيى تارىخ — پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىلەش ئەھمىيىتى بار ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ئىپادىلىنىدۇ.

[113] لۇغز - ئەرەبچە سۆز مەنىسىدە تېپىشماق دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىل شېئىرىي شەكىلدە ئەسلىي مەقسەتنى تىلغا ئالماي، ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە سۆز يۈگۈرتىلىدۇ. لۇغز ئەمەلىيەتتە تېپىشماق ۋە مۇئەمما ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇ شېئىرىيەتتە يەنىلا مۇستەقىل ژانىردۇر.

[114] زەمىر سەئدۇللا زادە «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پارس - تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 - يىلى 3 - سان، 43 - بەت.

[115] ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

[116]، [117] بۇ ھەقتە تارىخچى شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ»قا دائىر ئەسىرىدە ئۇچۇر بار.

[118] ئا. ئورخۇن، پ. ھامۇت «ئالتۇن زەنجىرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1998 - يىلى 3 - سان، 38 - بەت.

[119] «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 - يىلى 2 - سان 28 - بەت.

[120] بۇ شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد سىدىق بولۇپ، يەكەندە تۇغۇلۇپ، خوتەندە كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرى بارلىقى ھەققىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمائاتا، 1983- يىلى نەشرى، 83- بەت) تە ئۇچۇر بار.

[121] ئەرشىنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا ياقۇپ، خوجا جاھان دەپمۇ ئاتالغان. شائىرنىڭ «دىۋانى ئەرشى» ناملىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلار توپلىمى 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «دىۋانى ئەرشى فارسى» ناملىق پارسچە توپلىمى تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە (NHBN№2277) نامدا ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ساۋۇد موللاۋۇدوۋنىڭ «XVIII ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» (ئالمائاتا پەن نەشرىياتى، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 84 -

بېتىدە ئۇچۇر بار.
[122] گۇمنام — قەشقەرلىك شائىر بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن خوجام قۇلى ئوغلى ھەمرقەتى دېگەن شائىر بىلەن بىر ئادەم دېگەن قاراش بار. ئۇنىڭ پارس تىلىدىكى شېئىرلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇر «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان 46 ـ بەتتە بار.
[123] غۇربەتى تەخمىنەن XIX ئەسىردە ياشىغان، يۇرتى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا ق. ئەكبەرنىڭ «غۇربەتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. «بۇلاق» 1995 ـ يىلى 3 ـ سان، 70 ـ بەت.
[124] ناقىسنىڭ تولۇق نامى سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى بولۇپ، يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «دىۋانى ناقىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ پارس تىلىدىمۇ ئەسەر يازغانلىقى ھەققىدە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، 67 ـ بېتىگە قاراڭ.
[125] موللا مۇسا سايرامى — ئاقسۇ بايلىق، تارىخچى ۋە شائىر. ئۇنىڭ پارس تىلىدا شېئىرلىرىنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» نى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىنىڭ 11 ـ بېتىگە قارالسۇن، 1986 ـ يىلى نەشرى.
[126] تەجەللى — ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى، قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭ يېزىسىدىن. ئۇنىڭ ھەر خىل تېمىدىكى 15 پارچە ئەسىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن «تۆھفەتۇل بەررەيىن» توپلامىدىكى كۆپ قىسىم قەسىدىلەر پارس تىلىدا يېزىلغان، «تىلسىمى ئىشق» ساپ پارس تىلىدا يېزىلغان سۆيگۈ ناخشىلىرى ۋە غەزەللىرىدۇر، «سەبدەرنامە» ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمىدۇر.
[127] ئىسمائىل ھاجى — خوتەندە ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.
[128] ئابدۇكېرىم زىيائى — قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ئوقۇمۇشلۇق زات.
[129] شەمسىدىن داموللام ئاتۇشتا تۇغۇلغان، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر مۇدەررىسى بولۇپ، ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن.
[130] ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم — گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، قەشقەردىكى مەدرىستە ئوقۇپ چىققان ئۆلىما كىشى.
[131] ئابدۇكېرىم زىيائى، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ پارسچە شېئىر يازغانلىقى ھەققىدە ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ «تەجەللى ـ مۇجەللى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تەرپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[132] ئابدۇرېھىم سابىر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، ئىككىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 437 ـ بەت، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى، ئوقۇتۇش ئىشخانىسى، 1984 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا.

[133] بۇ ئاقسۇدا ياشىغان مۇدەررىس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا شېئىرلار يازغان. بۇ ھەقتە ئىمىنجان ئەھمىدىنىڭ «دانىش ھەنەفى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) نىڭ 1988 ـ يىلى 12 ـ سانى (24 ـ بېتى) دا ئېلان قىلىنغان.

[134] «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ، 3 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[135] بۇ شائىرنىڭ ئىسمى ئەھمەد قازىئاخۇنۇم بولۇپ، مەكتەپ ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

[136] بۇ شائىر لوپ ناھىيىسىدىن، ئىسمى مۇھەممەد روزى. بۇ ھەقتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «شەھىدى شېئىرلىرىدىن» ناملىق ئەسەرگە قارالسۇن.

[137] ج • يۇنۇس «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» ، 127 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

[138] گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئوچېرىكلىرى» ( 维吾尔族古代文化和文献概论 ) ، 47 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[139] خۋاتو «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى» ، 216 ـ ، 222 ـ بەت، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ( 华涛:"西域历史研究" ) خەنزۇچە نەشرى.

[140] جەۋھەر — ئوترار (فاراب) نىڭ يەنە بىر نامى. ئالىم شۇ شەھەرلىك بولغاچقا، ئۆزىگە جەۋھەرى دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن.

[141] سەئىددىن قەشقەرى ھەققىدە ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيلەر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 79 ـ ، 80 ـ بەتلەر) ۋە ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ

تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 925 ـ، 926 ـ بەتلەر) گە قارالسۇن.

[142] ئابدۇراخمان جامى «نەفھاتۇل ئۇنس» ناملىق كىتابىدا «ئۇلارنىڭ جەمەتىدە ئالىملار، ئەھلى تەقۋادارلار، سالىھلار، ئەۋلىيالار بولغان» ئىدى، دەپ يازغان.

[143] مەھمۇد زەيدى «سەئىددىن قەشقەرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

[144] ئىبراھىم مۇتئى «تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدىكى 12 مۇقام»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى، ئۈرۈمچى.

[145] بۇ كىتاب چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخا ئاساسىدا ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىندى.

[146] خ. گ. گۆر ئوغلى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «‹يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا› داستانىنىڭ تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدىكى سۇژىتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

[147] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 346 ـ بەت.

[148] شائىرنىڭ بۇ داستانى ئا. ئەھەد، ت. مۇھەممەد، ئە. نىيازلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

[149] «تۈرك كۈلتۈرۈ ئارىشتىرمالارى»، ئەنقەرە، 1977 ـ 1978 ـ يىللىرى، 1 ـ 2 ـ توپلام، 185 ـ بەت.

[150] ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 439 ـ بەت، 1984 ـ يىلى، قەشقەر.

[151] «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1998 ـ يىلى 3 ـ سانىغا قارالسۇن.

[152] «نىزارى داستانلىرى» غا «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» سۆزى، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىقلار تەييارلىغان. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

[153] بۇ ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى نەشر قىلىندى. تەييارلىغۇچى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ئابلىمىت ئەھەت.

[154] ھاجى ئەھمەد «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 174 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، قەشقەر.

[155] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ، 1993 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سانلىرى. بۇ سانلار «مۇھەببەتنامە» ماۋزۇسىدا ئېلان قىلىنغان.

[156]، [157] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ

تارىخى» ، 919 ـ بەت.

[158] ئىمىنجان ئەھمىدى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ، 65 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[159] «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 ـ يىل 3 ـ سان، 44 ـ بەت.

[160] «تاجىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسىكلوپېدىيىسى» ، دۇشەنبە، 1989 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ توم، 406 ـ بەت (زەمىر سەئىندۇللازە ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

[161] ئەلىشىر نەۋائى «لىسانۇت تەير» ، 15 ـ بەت.

[162] زەمىر سەئىدۇللازادە «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى توغرىسىدا» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 ـ يىلى 3 ـ سان، 42 ـ ، 43 ـ بەتلەر.

[163] «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ، 228 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

[164] ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 286 ـ بەت، 1983 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا؛ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىدىن پارچە دەسلەپ ئېزىز ساۋۇتنىڭ تەييارلىشى بىلەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا، يەنە ئابلىمىت ئەھەدنىڭ تەييارلىشى بىلەن ئايرىم بىر نۇسخا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ تەرجىمانى موللا تۆمۈر بولۇپ، بۇ موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى بىلەن بىر ئادەممۇ ياكى ئايرىم شەخسمۇ، بۇ ئايدىڭ ئەمەس.

[165] «كەلىلە ۋە دىمنە» نىمەتۇللا ئەبەيدۇللانىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن موللا مۇھەممەد تۆمۈر نۇسخىسى ئاساسىدا 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى.

[166] ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 286 ـ بەت.

[167] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، 348 ـ بەت.

[168] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 1058 ـ بەت.

[169] غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 2 ـ قىسىم، 451 ـ بەت، ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن

يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1996 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان.
[170] «دىۋانى ئەرشى» گە «سۆز بېشى»، 3 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
[171]، [172] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1059 ـ بەت.
[173] «شاھنامە» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە يېزىلغان ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ «شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسىز ئەزىمەت — ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 8 ـ بەت.
[174] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «شەرق ئەدەبىياتىدىكى بەھەيۋەت كلاسسىك خەزىنە ـ ‹شاھنامە›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان، 74 ـ بەت.
[175] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، 414 ـ بەت.
[176] شاھ ھىجران تەرجىمە قىلغان «شاھنامەئى تۇركى» مۇھەممەد تۇردى مىرزا ئەخمەتنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن باشلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.
[177] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، 411 ـ، 412 ـ بەتلەر.
[178] ئابدۇرېھىم سابىت «مۇھەممەد سادىق قەشقەرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3 ـ قىسىم، 420 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
[179] ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇقنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «مۇھەممەد سادىق قەشقەرى» ناملىق ماقالىسىدا ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 1846 ـ يىلى «تارىخىي تەبەرى» نى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا «تارىخىي ئىسكەندەر ۋە تاجنامەئى شاھى» ناملىق ئەسەر يازغان.
[180] ئىمىن تۇرسۇن «تارىخچى تەبەرى ۋە ‹تارىخ تەبەرى›»، («تارىخىي تەبەرى»، ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، 1996 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا، ئۈرۈمچى).
[181] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 348 ـ بەت.
[182] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسىم تارىخى»، 348 ـ بەت.
[183] بۇ ئەسەرنىڭ ئىسرايىل يۈسۈپ تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ چىققان نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان

قىلىنغان.

[184] ، [185] ، [186] ، [187] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، 412 - بەت.

[188] قاسىم بېگىم قاچان تەرجىمە قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. ھازىر بۇ كىتابنىڭ موللا زوھۇرىدىن ئىبنى ئالاۋۇدۇن تەرىپىدىن 1886 — 1887 - يىللىرى، مۇھەممەد نىياز تەرىپىدىن 1908 - يىلى كۆچۈرۈلگەن ئىككى خىل نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن بىر قىسمى ئابلىمىت ئەھەد نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلدى.

[189] بۇ كىتابنىڭ نامەلۇم تەرجىمان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان (؟) نۇسخىسىنى توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلدۇردى.

[190] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، 473 - بەت.

[191] ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق «ئىنسىكلوپېدىك ئەسەر ‹ئاجايىپۇل مەخلۇقات ۋە غارايىپۇل مەۋجۇدات›» ، «شىنجاڭ مىللىي قەدىمكى ئەسەرلىرى» ، 1994 - يىل مەخسۇس سان، ئۈرۈمچى.

[192] ي. ئىمىن، ت. تۇراخۇنلار «دىۋانى ناقىس» نى نەشرگە تەييارلاش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان قىسقىچە ماقالىسىدا «تەرجىمە ئەسەر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سان، 47 - بەتكە قارالسۇن.

[193] موللا سابىر «گۈلزارى بېنىش» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 4 - سان.

[194] پەخرىدىن ئىمىن «‹گۈلزارى بېنىش› ئىجادىي ئەسەرمۇ ياكى تەرجىمىمۇ» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1999 - يىلى 4 - سان.

[195] ، [196] ئابدۇرېھىم سابىت «ئەھمەدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا» ، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر) ، 1984 - يىلى 2 - سان، 66 - بەت.

[197] ق. ئەكبەر «غۇربەتى توغرىسىدا» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 - يىلى 3 - سان، 70 - بەت.

[198] «تۇتىنامە» نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىدىن XG647,XGQ398 نومۇرلۇق ئىككى نۇسخىسى بار بولۇپ، بۇلار ھازىر ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇلار ئاساسىدا نىجات مۇخلىس، ئەھمەد

ھىممەتلەر نەشرگە تەييارلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

[199] ئەھمەنىلەر سۇلالىسى پادىشاھى دارا توغرىسىدىكى ھېكايە.

[200] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، 412 -، 413 - بەتلەر.

[201] غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 265 - بەت ( 维吾尔古代文学研究 )، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

[202] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1055 - بەت.

[203] رازاق مەتنىياز باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، 253 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[204]، [205]، [206] رازاق مەتنىياز باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، 265 -، 255 - بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[207] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 86 - بەت، ئالمائاتا پەن نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

[208] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1059 - بەت، 1990 - يىلى نەشرى.

[209] ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 - 1858) «تارىخىي مەنزۇمە» ناملىق ئەسەردە ئۇنىڭ يەكەنلىك ئىكەنلىكى، كېيىن خوتەندە تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان.

[210] بۇ نۇسخا مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەد تۇردى مىرزا ئەھمەدلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 1 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

[211] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1056 - بەت.

[212] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 348 - بەت.

[213] س. ك. ئىبراھىموپ قاتارلىقلار «XV — XVII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (پارسچە ۋە تۈركچە ئەسەرلەر)، 1969 - يىلى ئالمائاتا نەشرى، 378 - بەت.

[214] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1053 ـ بەت.

[215] قادىر ئەكبەر «موللا مۇھەممەد سېيتنىياز ۋە ‹مەلۇماتى ئافاق›»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانى.

[216] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخ مەجمۇئەسى» ( 元史及北方民族历史研究集刊 ) ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 10 ـ 11 ـ بىرلەشمە سان، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە.

[217] هاجى نۇر هاجى، چېن گوگۇاڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 334 ـ، 344 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

[218] مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، Ⅱ توم، 409 ـ، 410 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

[219] ب. گ. غاپۇروپ «تاجىكلار تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 50 ـ، 204 ـ، 207 ـ بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

[220] گاۋىن هامبىلىي (ئامېرىكا) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تىزىسلىرى»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ جىلد، 4 ـ بەت.

[221] رېنى گروسسارت «يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى»، 87 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى.

[222]، [223] فىلىپ ھىتتى (ئامېرىكا) «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 341 ـ، 342 ـ، 203 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[224] ئەسەت سۇلايمان «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، 218 ـ، 219 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

[225] شىرىن قۇربان «پارس تىللىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان.

[226] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[227] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 12 ـ بەت، 123 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

[228]، [229] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئەھمەد ئىبىن ئەل فەرغانى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 2 ـ سان، 92 ـ بەت.

[230] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 130 ـ بەت.

[231] چۇڭ دېفۇ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» (佟德富《中国少数民族哲学概论》)، 187 — بەت، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، بېيجىڭ 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[232] ئەشرەپ ئابدۇللا «ئەبۇ ناسىر فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى»، «كىتاب مۇنبىرى» 1999 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ بىرلەشمە سان.

[233] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 168 ـ بەت.

[234] «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» (جۇڭگو ئىسلام قامۇسىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن)، 98 ـ بەت، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، چېڭدۇ، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[235] مۇھەممەد سالىھ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› (دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك) نىڭ ‹مۇقەددىمىسى› ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «جۇڭگو ‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىسى»، 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

[236] ۋ.ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، 151 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[237] «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقاتى» (中国民族古文字研究)، 121 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[238] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 919 ـ بەت.

[239] «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›»، «‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› نى نەشرگە تەييارلاش ھەيئىتىنىڭ مۇقەددىمە سۆزى»، 42 ـ بەت، مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[240] ئىبراھىم مۇتئى «‹مەھمۇد قەشقەرى› رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى سانى.

[241] ئا.ب. خالىدوف «‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› ۋە ئۇنىڭ ئەرەبچە ئۆلگىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما چۈشەندۈرۈش»، «سوۋېت تۈركىلوگىيىسى»، 1984 ـ

يىلى 4 ـ سان.

[242] بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان تەرجىمە ــ تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى ئۈچ توم شەكلىدە نەشر قىلىندى.

[243] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1999 ـ يىلى 3 ـ سان، 103 ـ بەت.

[244] «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

[245] ئەھمەد زىيائى «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى»، 129 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى.

[246] نيۇرۇجى «قارا خانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك› شۇناسلىق تەتقىقاتى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، 260 ـ، 261 ـ، 262 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى.

[247] ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 167 ـ بەت.

[248] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 919 ـ بەت.

[249] بۇ مەلۇماتلارنى 1957 ـ يىلى مۇشۇ كىتابنى ئۆزى كۆچۈرۈپ، پايدىلىنىپ، ئىككى يىلغا يېقىن ئىشخانىدا ساقلىغان ئابلىمىت روزى ئەپەندى سۆزلەپ بەرگەن.

[250] لى زىڭشياڭ «‹قۇرئان› نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى»، «جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 2 ـ قىسىم، 118 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[251] مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «قۇرئان» نى قايسى يىلى تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇ يەنە «قۇرئان» تەفسىرىنىمۇ يازغان. ئالىمنىڭ تەرجىمىسىگە دائىر ئۈچۈرنى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇقنىڭ «مۇھەممەد سادىق قەشقەرى» ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ. «تارىم»، 1994 ـ يىلى 4 ـ سان، 129 ـ بەت.

[252] تەجەللى «قۇرئان» تەفسىرىنى ئابدۇقادىر داموللام، شەمشىدىن داموللام، ھۈسەين باي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن يازغان. بۇ ھەقتە

ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ «تەجەللى ـ مۇجەللى» ناملىق كىتابىنىڭ 15 ـ بېتىگە قارالسۇن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

[253] موللا سابىت ھاجى، زىرىپ قارى ھاجىلار 1939 ـ ۋە 1945 ـ يىللىرى تەرجىمە قىلغان. بۇ ھەقتە «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» نىڭ 176 ـ بېتىگە قارالسۇن. سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

[254] مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغان نۇسخا 1986 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

[255] غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 451 ـ بەت، 1996 ـ يىل مىخ مەتبەئە نۇسخا.

[256] «مىڭ بىر كېچە»، 1 ـ قىسىم (ئەرشىدىن تاتلىق تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

[257] رازاق مەتنىياز باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، 257 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[258] زوكوتو (ياپونىيە) «XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 ـ قىسىم، 654 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[259] ئەلىشىر نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

[260] م. جاپپار «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 2 ـ سان، 68 ـ بەت.

[261] جاڭ يۆ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەقرىزلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[262] «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 294 ـ، 295 ـ بەتلەر.

[263] «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى، 604 ـ بەت.

[264]، [265] «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 442 ـ، 443 ـ، 448 ـ، 449 ـ بەتلەر.

[266] «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 23 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ

يىلى يېڭى خەنزۇچە نەشرى، 33 ـ بەت.

[267] مۇھەممەد سالىھ «‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› نىڭ ‹مۇقەددىمە› سى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «جۇڭگو ‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ ماقالىسى، 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، مىخ مەتبەئە نۇسخا.

[268] ئـا. ھاشىم «مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى قەشقەرلىك ھۈسەين ئىبىن خەلەف توغرىسىدا» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 68 ـ بەت.

[269] بۇ كىتاب توغرۇلۇق ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «سوچىنىيە» ناملىق كىتابىدا ئۇچۇر بېرىلگەن («ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 14 ـ بەت، ئالمائاتا پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) .

[270] بۇشيەنگۈي ( 朴现圭 ) (كورىيە) «ئۇيغۇر شى سۈنىڭ ‹يېڭى زىكرىنامە خاتىرىلىرى› نىڭ قېزىلىشى ۋە تەھلىلى» ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

[271] ، [272] ياڭ لىيەن «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، 247 ـ ، 262 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[273] مەھمۇد زەيدى «سەئىددىدىن قەشقەرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى سانى.

[274] ئا. م. مۇگۇنوۋ «ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەققىدە مەلۇماتلار» ، 17 ـ بەت.

[275] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، 412 ـ بەت.

[276] ئـا. ئـالىم «قۇتبىدىن شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، 1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.

[277] م. م. مۇھەممەدى «ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1991 ـ يىلى 4 ـ سان.

[278] تۇرسۇن ئابدۇقادىر «تالانتلىق شائىر سالىھ داموللا ھاجى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان.

[279] ئابدۇشكۈر تۇردى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1983 ـ يىلى 2 ـ سان 92 ـ بەتكە قاراڭ) .

[280] «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىل 5 ـ سان، ئا.

تۇردىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.
[281] ئا. تۇردىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.
[282] ئا. تۇردى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمى بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىل 2 ـ سان 93 ـ بەتكە قاراڭ.
[283] «ئېنگېلسنىڭ ۋ. بورگىئوسقا يازغان خېتى»، «ماركس، ئېنگېلس خەت ـ چەكلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 146 ـ بەت.
[284] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 450 ـ بەت.
[285]، [286] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 86 ـ بەت.
[287] «ئىلئادا» — قەدىمكى گرېكلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى.
[288] «قەلېۋئالا» — فىنلارنىڭ خەلق ئېپوسى.
[289] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 76 ـ، 77 ـ بەتلەر.
[290] «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 128 ـ بەت.
[291] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 88 ـ بەت.
[292] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 143 ـ بەت.
[287] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 344 ـ بەت.
[293] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 79 ـ، 80 ـ، 81 ـ بەتلەر.
[294] ماركس «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر› غا مۇقەددىمە» («ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، سىياسىي ئىقتىساد قىسمى)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ بەت.
[295] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم،

129 ـ بەت.
[296] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 127 ـ بەت.
[297] ، [298] م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1ـ توم، 129 ـ بەت.
[299] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ توم، 43 ـ بەت.

# ئۈچىنچى قىسىم
# فولكلورغا دائىر ئىزدىنىشلەر

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى

ئۈچار قۇشلار ئېتىقادچىلىقى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ توتېملىق نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. [1]

بىر قەدەر كەڭرى تەتقىق قىلىنغان ئامېرىكا ئىندىئان ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇچار قۇشلارنى توتېم قىلىدىغان ئۇرۇقلار كۆپ بولغان. [2]

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان شاڭ خانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىغىچە) زامانىدا «گۈيفاڭ» ( 鬼方 )، دى ( 狄 ) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

«دى» ( 狄 ) خېتى ئۆز دەۋرىدە يەنە «دى» ( 翟 ) دېگەن خەت بىلەنمۇ يېزىلغان. «دى» ( 狄 ) مەزكۇر قوۋمنىڭ ئۆز ئىسمى بولۇپ، ئۇ «تۈرك» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىشى دېگەن قاراشمۇ بار. «گۈي» ( 鬼 ) ئۇلارنىڭ فامىلىسى. « 翟 » توتېم نامى[3]. ئۇ يايلاقلاردا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، بەزىلەر «شۇڭقار» (قارچىغا، توغرول، بۈركۈت، چاغرى، قۇرغۇي، لاچىن، سار) [4] دەپ قارايدۇ. دېمەك، قەدىمكى «دى» قوۋمى «شۇڭقار» (بۈركۈت) نى توتېم قىلغان بولۇپ[5]، خەنزۇچە ( 翟 ) دەپ يېزىلغىنى ئۇلارنىڭ توتېم نامىرى بىلەن ئىپادە قىلغىنى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. [6]

جۇ قوۋملىرىنىڭ ئاقساقىلى جىلى ( 季历 ) شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شاڭ خانىنىڭ قوللىشى بىلەن شىلو دېگەن جايدىكى گۇي، رۇڭلارغا تېگىش قىلىپ، 20 دى خانىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى» دە خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ ئورۇندا ( 翟王 ) دەپ يېزىلغان بولۇپ، كېيىنكى ئالىملار ئەينى چاغدا گۇيفاڭلارنىڭ 20 دى قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى «شۇڭقار» نى توتېم قىلغان دەپ ھېسابلاشتى [7]. خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا يەنە دىلارنىڭ بېشىغا قۇش پەيلىرىنى قادايدىغانلىقى ئېيتىلغان [8]. بۇ يەردە قانداق قۇشنىڭ پەيلىرىنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بايانلاردىن ئۇنى «شۇڭقار» نىڭ پېيى بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. توتېم قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ شەكلىدە ياسىنىش دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىپتىدائىي ئۇرۇق - قوۋملاردا ئورتاق تارقالغان ئادەتلەردىن بىرى. باش كىيىمگە قۇشلارنىڭ پېيىنى قاداش تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئارىسىدىمۇ بولغان. كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن 1979 - يىلى قېزىۋېلىنغان ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقى (بۇنىڭدىن 3800 - 4000 يىل بۇرۇن) دىن قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ئۇستىگە قۇش پەيلىرى قاداپ قويۇلغان، يەنى كرورەن گۈزىلى بېشىغا قۇش پېيى قادالغان ئۇچلۇق بۆك كىيگەن كىگىز تۇماق تېپىلغان [9]. بۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قۇش پەيلىرىنى قاداش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئاقسۇ بايلىق تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى (1836 - 1917) مۇنداق بىر رىۋايەتنى كەلتۈرىدۇ: ياپەسنىڭ ئوغلى چىن ئوغلى ماچىننىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن بىر شەھەر بىنا قىلدى ۋە ئۇنى ماچىننىڭ نامى بىلەن ئاتىدى… ماچىن پەرزەنتلىرىگە بۇركۇت بىلەن ئوۋ قىلىشنى ئۆگەتتى. قۇش - جانىۋارلارنىڭ ئىچىدە ئەنقا دېگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇش بار ئىدى. ئۇ قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا باشلىرىغا قىسىدىغان

بولـدى. ماچىن بۇ قۇش قاناتلـىـرىنى جەڭ كۆڭلـىـرىدە باتۇرلارنىڭ دەسـتـار ـ دوبۇلغا (ئوق ئۆتمەيدىغان تۆمۈر ياكى پولاتتىن ئىشلەنگەن باش كىيىم) لىرىغا بېكىتىپ، ھەيۋەتلىك، باتۇرانە قىياپەتكە كىرىشكە بۇيـرۇق قىلـدى. بۇ ئادەت مەنسەپدارلار ئارىسىدا تا ھازىرقى دەۋرگىچە ساقلانماقتا. [10]

بۇ رىۋايەتتىكى شەخسلەرنى بىرەر تارىخىي شەخسلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، راستلىقىنى دەلىللەشكە ئامالسىز بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تەسۋىرلەردىن قۇش پەيلىرىنى قاداش ئۆزۈن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەللىلقا ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ھۇن دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمگاھلاردىن قۇشلار، بولۇپمۇ قارچىغا ئوبرازىدا ياسالغان بىر مۇنچە سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1972 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىنجۇ ئايمىقى خانگىن قوشۇنى ئارۇسېتىنىڭ جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قۇم دۆۋىسىدىن تېپىلغان قىممەتلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملىرى ئىچىدە قارچىغا شەكلىدە بېزەلگەن تاج تولىمۇ ئوبرازلىق. يەنى ئالتۇن تاجنىڭ تۆپىسىدە قارچىغا دەسسەپ تۇرىدۇ، ئۇ تىرناقلىرىنى كېرىپ قانات قاقىدىغاندەك تۇرغان. ئۇنىڭ تېگىدە بۆرە تېكىنى چىشلەپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى سېرىق ئالتۇندا ياسالغان چېكىلىك بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ھايۋانلار (ئات، قوي، يولۋاس) سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يادىكارلىقنى بەلكىم ھازىرغىچە تېپىلغان «خۇ (ھۇن) لار تاجىسى» نىڭ بىردىنبىر ئەۋرىشكىسى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلاشقان.

ۋاڭ گوۋېي «خۇ (غۇز) لار كىيىم ـ كېچىكى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدە ھونلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جۈملىدىن خان تاجىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، «خۇلارنىڭ ئېگىنى ۋە تاج قالپاقلىرى خەن سۇلالىسى زامانىدا ئەلەمكەشلەر (ھەربىي ئەمەلدارلار) تاجى دېيىلەتتى…، بۆرە، يولۋاس ۋە قارچىغا سۈرەتلىكلىرى ھەقىقىي خۇلار پوسۇنى بويىچە ئىشلەنگىنىدۇر. بۆرە ـ بۇلغۇن ۋە قۇش سۈرەتلىكلىرى جاۋ خۇيۋېن تاجى دېيىلىدۇ. بۈركۈت سۈرەتلىكلىرى بۈركۈت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاج

دېيىلىدۇ» دەپ يازغان.[11]

دېمەك، ھۇنلارنىڭ قارچىغا ـ بۈركۈت ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تاجلارنى كېيىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ قۇشلارنىڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگلار بۇ تاجلارنى ھۇن ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ قالپاق ـ تاجلىرى بولسا كېرەك دەپ قاراشقان ۋە ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلاشقان.[12]

ھۇن دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە دىڭلىڭلارمۇ بار ئىدى. قەدىمكى دىلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى ھۇن دەۋرىدە قويۇق ساقلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇش ئېتىقادچىلىقى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ داۋاملىق ساقلانغان. ياڭ شىڭمىن ئەپەندى بۇ توغرۇلۇق «دىڭلىڭلار ئارىسىدا كۆپ ساندىكى كىشىلەر شۇڭقار ( 翟 ) نى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. تا مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن دىلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) يەنىلا شۇڭقارغا چوقۇنىدىغان چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. بۇ دەل قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ توتېمغا چوقۇنۇشىنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.[13]

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، تۇنجى ئۇيغۇر خاقانى بۆگۈخان سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەڭرى ئۇنىڭغا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ دانە قۇش[14] ئىنئام قىلغان بولۇپ، ئۇ قەيەردە خىزمەتتە بولسا شۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ تەكشۈرۈپ، خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن.[15][16] بۇ مەلۇم بىر خىل قۇش نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ياكى قۇشنى توتېم قىلغان قەبىلە ئاتامانلىرى بولسا كېرەك.

مىلادىيە 788 ـ يىلى ئۇيغۇر خاقانى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئىلتىماس قىلىپ، خېلىدىن بېرى خەنزۇچە يېزىلىپ كېلىۋاتقان «خۇيخې» ( 回纥 — ئۇيغۇر) دېگەن نامى «خۇيخۇ» ( 回鹘 ) دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىپ يېزىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇ «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» ( 回旋轻捷如鹘 ) دېگەن مەنىدە ئىدى.[17] ئۆزگەرتىلگەندىن

كېيىنكى «خۇ، گۇ» ( 鹘 ) بىر خىل يىرتقۇچ قۇش قۇرغۇي ياكى بۇركۇت (شۇڭقار) نى بىلدۈرەتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بۆگۈخان (بۇقۇخان) توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ تەۋەللۇت قىلىشى بىلەن ئاپىرىدە بولغان يەنى ئۇلار ئەڭ بۇرۇن بەش بىر تۇغقان بولۇپ، ئۇلار خاسىيەتلىك دەرەخ كاۋىكىدىن چۈشكەن، ئۇلارنىڭ تۇنجىسى «شۇڭقار تېگىن» دەپ ئاتالغان.[18] دېمەك، ئۇ شۇڭقارنى توتېم قىلغان ئۇرۇق- قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى ئېنىق.

قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلغان ئوغۇزلار 24 ئۇرۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 20 ئۇرۇقنىڭ توتېمى ھەر خىل قارچىغا- قۇرغۇي، شۇڭقارلار بولغان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت ئۇرۇقنىڭ توتېمى ئاق قارچىغا؛ تۆتىنىڭ بۇركۇت؛ تۆتىنىڭ لاچىن؛ تۆتىنىڭ چېقىر قۇش؛ تۆتىنىڭ ئۈچ قۇشتىن ئىبارەت.[19] مانا بۇلار ئۇيغۇرلا، جۈملىدىن قەدىمكى تۈركىي قوۋملاردا قۇش توتېمىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىغا قارىلىدىغان بولسا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەرنىڭ روھى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قۇش ياكى قۇرتقا ئايلىنىپ كېتەرمىش، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇ «ئۇچتى» (ئۇچۇپ كەتتى) دېيىلگەن. ئاكادېمىك ۋ. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ: «كۆپچىلىككە مەلۇمكى، غەرب تەرەپتە تۈركلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ‹ئۇ ئۆلۈپ كەتتى› دېگەن مەنىنى ‹شۇڭقار بولدى› (ياكى ئۇ شۇڭقارغا ئايلىنىپ كەتتى) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. ئېنىقكى، بۇ يەردە جەسەتكە نىسبەتەن ئالاھىدە بىر خىل مەنە يوشۇرۇنغان»[20] دەيدۇ ۋە مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ: ئەينى چاغلار تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇرۇش قىلغان چاغدا تۈركلەرنىڭ سەردارىنىڭ جەسىتى ئەرەبلەرنىڭ قولىدا قالغان. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بەختسىزلىك سەردارنىڭ ئۆلۈمىگە

سىلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان. ۋەھالەنكى، بۇ يەردە دىنىي چۈشەنچە رول ئوينىيالمىغان.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، زۇلقەرنەين ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن.[21] قىرغىز يېرى شۇكى، باش كىيىمنى بۇنداق لايىھىلەش تاشقى موڭغۇلىيىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردىن بايقالغان ئەۋرىشكىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.[22]

ئو. پىرىتساك: «قارا خانىيلار خانلىقىدىكى خانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرى يىرتقۇچ ھايۋان ئاتلىرىنى ئۇنۋان قىلىشتىن ئاۋۋال يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئاتلىرىنى قوللىناتتى. مەسىلەن، ‹چاغرى تېگىن› ۋەھاكازالار»[23] دەيدۇ. بۇنىڭدىن قارا خانىيلار دەۋرىدە شەرەپ ناملىرى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ھايۋانات ناملىرى ئارىسىدا چاغرى (بۈركۈت) نامىمۇ بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا ئېتىقاد قىلىش كۆز قارىشى ھازىرقى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. خەلق داستانلىرىدا قەھرىمانلار شۇڭقارغا ئوخشىتىلىدۇ. مەسىلەن، «سېيىت نوچى» داستانىدا مۇنداق مىسرالار بار:

سېيىت ئاخۇن، سېيىت گاڭگۈڭ،
جېنىدىن جۇدا بولدى.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ،
شۇڭقارى ئادا بولدى.

بۇ يەردە خەلق باتۇرى سېيىت نوچى شۇڭقارغا ئوخشىتىلغان.

كلاسسىك خەلق داستانلىرىدا شۇڭقار ئادەملەر يەنى چىن دىلىدىن سۆيگەن مەھبۇب مىسالىدا تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب ۋە سەنەم» داستانىدا مۇنداق قوشاق بار:

«ئۈچۈردۈم شۇڭقار قۇشۇمنى،
ھېچبىر يەردە دېرىكى يوق.
ھەسرەت بىلەن سەن يارىمنى،
تاپمىغۇچە قارارىم يوق»

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا شۇڭقارنىڭ بىر خىلى قۇرغۇي كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ «يار» ئوبرازىدا تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن:

قۇرغۇيۇم ئۈچۈپ كەتتى،
قەشقەر يولىغا قاراپ.
كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

ئۇنىڭدىن باشقا «قۇرغۇيۇم» دېگەن ئۈچ كۇپلېتلىق يەنە بىر ئۇيغۇر خەلق قوشىقىنىڭ ھەر بىر كۇپلېتى «ئالا - ئالا قۇرغۇيۇم» دېگەن مىسرا بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭدا بىر گۈزەل يارنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. [24]

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان چۆچەكلەردە، مەسىلەن، «ئەقىللىق بۈركۈت» [25]، «تايغان بىلەن بۈركۈت» [26]قاتارلىقلاردا بۈركۈت كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا ياخشى ياردەمچىسى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوۋچىلارنىڭ بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەندە ياردەمدە بولغۇچى، ھەتتا ئادەملەرنىڭ نىجاتكارى، ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن قىساس ئالغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

«تايغان بىلەن بۈركۈت» دېگەن چۆچەكتە، بىر ئوغۇل بالا بىر بۈركۈت بىلەن بىر تايغان باققان بولۇپ، ئۇلار ئوغۇلنى بىر كۆزلۈك يالماۋۇز سىڭلىسىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ چۆچەكتىكى ئاجايىپ بىر كارامەت شۇكى، بۈركۈت بىلەن تايغان ناھايىتى يىراقتا ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئىگىسىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىيالايدۇ، ھەتتا باغلاقنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىگىسىنىڭ يېنىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ چۆچەكتە بۈركۈت قاتارلىقلار ۋاپادار، ئەقىللىق، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، ھەتتا ئۇلاردىكى ئەقىل - پاراسەت

ئادەملەردىمۇ ئۈستۈن ئورۇندا قويۇلۇپ سۈرەتلەنگەن.

«ئەقىللىق بۈركۈت» چۆچىكىدە ئېيتىلىشىچە، ئوسمان ئىسىملىك ئوۋچىنىڭ بىر بۈركۈتى بولۇپ، ئۇنى شۇ ئەلنىڭ پادىشاھى تالىشىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئوۋچى ئوسماننى ئوقيا ئېتىپ يىقىتىۋەتكەندە، بۈركۈت قەيسەرلىك بىلەن پادىشاھنىڭ يۈز - كۆزىگە چاڭگال سېلىپ، بېشىنى يۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ يوقاپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

بۇ چۆچەكتە پۈتۈن ئەل - يۇرتنىڭ قېنىنى شوراپ، ئازاب دېڭىزىدا قاڭغىر قاخشىتىۋاتقان زالىم پادىشاھنىڭ ئەدىپىنى ئەقىللىق بۈركۈت كېلىشتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئوۋچىلىقتىن باشلانغان. ئۇلار يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئوقيا، سالغا، قاپقان قاتارلىقلاردىن باشقا، يىرتقۇچ قۇشلاردىن بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا قاتارلىقلارنى قولغا ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان. بۇ قۇشلارنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان، قولغا كۆندۈرۈشكە ئوڭاي، خاراكتېرى چىۋەر - باتۇر بولغاچقا ئىنسانلار ھەمىشە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋالغان.

دېمەك، شۇڭقارنىڭ باتۇرلۇقى، چاققانلىقى، سەزگۈرلىكى قەدىمكى ئىنسانلارغا تولىمۇ ياققان ۋە ئۇلارنى سۆيۈندۈرگەن. نەتىجىدە تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسبەتەن شۇڭقار بىر خىل تېۋىنىش ئوبيېكتى بولۇپ تونۇلغان؛ كېيىنكى دەۋرلەردە، ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئۆز - ئۆزىگە تولۇق نامايان بولغاندىن كېيىنمۇ باتۇرلۇقنى ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ بىرى دەپ تونۇغان ئىنسانلار شۇڭقارنىڭ باتۇرلۇقىغا ھېرىسمەنلىك قىلىشنى چەتتە قالدۇرمىغان.

## 2. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خىلمۇ خىل ئوبرازلار بار. ئوبرازنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. ئوبراز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يادروسى. ئوبرازلار ئىچىدە ئىجابىي ئوبرازلارمۇ، سەلبىي ئوبرازلارمۇ بار. ھەر ئىككى خىل خاراكتېردىكى ئوبرازلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ۋە تەربىيىلىنىشىدە مۇناسىپ تەسىرىنى ساقلىيالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «كەمەك ھەييار» دېگەن بىر ئوبراز بار. بۇ ئوبرازنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاراكتېرى ۋە تەسىرىنى تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كەمەك ھەييار كەمەك دېگەن نام بىلەنمۇ قەيت قىلىنىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «كەمەك ھەييار» ، «كەمەك» كە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن.

«كەمەك ھەييار، ئىسىم ①، رىۋايەتلەردىكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، ساختىپەز، سېھىرگەر، جاسۇس بىر پېرسوناژ؛ ② كۆچمە مەنىدە ئالدامچى، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، ئىپلاس كىشى».

«كەمەك (سۇپەت) قاڭشىرى يوق، پاناق بۇرۇن» [27].

بۇ باياناتلاردىن كەمەك ھەييارنىڭ سەلبىي ئوبراز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

كەمەك ھەييار خەلق ئاممىسىنىڭ دائىملىق پىكىر ئالماشتۇرۇشلىرىدا سۆزلىنىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىدە بولسا بىر تىپىك ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ نۇقتا «كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» دېگەن چۆچەكتە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ:

«كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» دېگەن چۆچەكتە كەمەك ھەييارنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق «بۇرۇنقى زاماندا، ئىران پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەن ئىكەن» دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن كەمەك ھەييار ئىرانلىق بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچە تۇغۇلىدۇ. لېكىن، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندا «ئىران پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە» دېگەن ئۇقۇمدا «ئىرانلىق» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىللە «ئىران تەۋەسىدە ياشىغان» دېگەن ئۇقۇممۇ بار.

چۆچەكتە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىران پادىشاھلىقى تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەن ئىكەن، تەكلىماكاندا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇختەر دېگەن يەنە بىر ھەييار ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار «كىتابىي جادۇ» (جادۇگەرلىك توغرىسىدىكى كىتاب) دىن بىر ـ بىرىنىڭ ھىيلىگەر، ھەييار ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ـ بىرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، بابلاش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۇچرىشىپتۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلار ئىنسانىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ھىيلىگەرلىك، سېھىرگەرلىك بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قاتتىق ئېلىشىپ، ئاخىر مۇختەر ھەييار كەمەك ھەييارنى يېڭىپ، ئۆزىگە دەسلەپ سۇيىقەست پىلانلىغان پادىشاھ تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىپ، ئۆز يۇرتى تەكلىماكانغا قايتىپ كېتىدۇ. [28]

چۆچەكتە كەمەك ھەييار (جۈملىدىن مۇختەر ھەييار) نىڭ ئوبرازى ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر خىل قىياپەتتە يارىتىلغان. ئۇنىڭغا قىرىق چىلتەن ھەمراھ بولىدۇ. «كىتابىي جادۇ»غا ئاساسەن ئىش قىلىدۇ. ئەپسۇن ۋاسىتىسى بىلەن مۇشكۇلاتلارنىڭ سىرىنى يېشىدۇ. غەيرىي (مەۋھۇم) قىياپەتكە كىرىۋالغان ئادەمنى (جۈملىدىن رەقىبى مۇختەر ھەييارنى) تونۇۋالالايدۇ. ئومۇمەن، كەمەك ھەييار خاراكتېرىدىكى توپ ئالاھىدىلىك ھەييارلىق، سېھىرگەرلىكتىن ئىبارەت. ئۇ مەيلى روھىي جەھەتتە، مەيلى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە، غەيرىي خاراكتېرگە ئىگە.

ئۇنداق بولسا، «كەمەك ھەييار» قاچان، قانداق قىلىپ ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىغا ۋە ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تەپەككۇرىغا بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە كىرىپ كېلىپ، ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان، كەمەك ھەيىيار قاچان ياشىغان؟ بۇ ھەقتە پاكىتلىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت چۆچەكتە پادشاھ جەمشىد زامانىسىدا كەمەك ھەيىيارنىڭ ياشىغانلىقى سۆزلەنگەن. كەمەك ھەيىيارنىڭ قاچان ياشىغانلىقىنى بىلىشتە بۇ بايان مۇھىم بىر يىپ ئۇچىدەك قىلىدۇ. چۈنكى، جەمشىد ئەسلىي بىر تارىخىي شەخس بولۇپ، «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ئىراننىڭ رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى پىشدادىلەر سۇلالىسىنىڭ 4 ـ پادشاھى بولۇپ، مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ياشىغان. ئۇنداق بولسا كەمەك ھەيىيار بىلەن جەمشىد زامانداشمۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ بىر نەرسە دېيىش تەس. چۈنكى، جەمشىد رېئال ئادەم بولسىمۇ، لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەپسانىۋى شەخسكە ئايلىنىپ، ئىران خەلقلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر ئارىسىدا سەيىيارە ۋە دەۋرىي خاراكتېرلىك ئوبرازغا ئايلانغان. شۇڭا، بىز تىلغا ئالغان چۆچەكتىكى جەمشىدنىڭ تارىخىي يىلنامىسىنى بېكىتىش نىسبەتەن قىيىن. يەنە بىرى، كەمەك ھەيىيار بىلەن جەمشىدنىڭ زامانداش قىلىپ تەسۋىرلىنىش خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئوبرازلارنىڭ ئارىلىشىپ، داشقايىناقا ئايلىنىپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

«كەمەك ھەيىيار» ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان بىردىنبىر ئاساس «كەمەك ھەيىيار» دىن ئىبارەت مۇشۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەم ئىستېمال مەنىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشتىن ئىبارەت.

«كەمەك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ قەبىلىنىڭ نامى. دەسلەپ ئەرەب، پارس تارىخشۇناسلىرى ۋە جۇغراپىيەشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ نامنىڭ كىماك، قىماق، كىيماك شەكىللىرى بار. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە بۇ قەبىلىنى «Yemak» دەپ يازغان.

كەمەكلەر مىلادىيە VII ئەسىرلەردە ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى، ئېرتىش

دەرياسى ساھىلىدە ياشىغان ھەم ئەينى چاغدا غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان. مىلادىيە 659 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندا كەمەك قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. مىلادىيە VIII ئەسىرلەردە ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن ساھىلىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەربكە كېڭەيگەن. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ تۆۋەن ساھىلى ۋە ئارال كۆلىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا جەنۇبىي قارلۇقلار بىلەن قوشنا بولۇپ، بالقاش كۆلىنى چېگرا قىلغان.

مىلادىيە 840 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، كەمەكلەر داۋاملىق كۈچەيگەن. ئەسلىدە ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان بىر قىسىم قەبىلىلەر كەمەك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان. XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېرتىش دەرياسىنى مەركەز قىلغان ھالدا كەمەك خانلىقىنى قۇرغان. 982 ـ يىلى پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، كەمەك خانلىقىنىڭ شەرقى قىرغىزلار بىلەن، جەنۇبى ئېرتىش دەرياسى ھەم سىر دەرياسى بىلەن چېگرالىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ غەربىدە بىر قىسىم قىپچاقلار بولغان، ئۇلارنىڭ شىمالى ئادەم ئايىغى باسمىغان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىكەن.[29]

جۇغراپىيەشۇناس ئىدرىس (Edrisi) نىڭ «گېئوگرافىيە» (1153 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، كەمەكلەر تۈرك خانلىقلىرى ئىچىدە چوڭ قوۋملاردىن ئىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن، غەربىي جەنۇبى قارلۇقلار، غەربى قىرغىزلار، شەرقى قارا دېڭىز بىلەن تۇتىشىدىكەن. بۇ ئەلنىڭ ئىچىدە چوڭ دەريا بولۇپ، شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن. ئىلۋارد (Elwardi) بۇ ئەلنى شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلاپ جۇڭگونىڭ شىمالىغا قوشنا دەپ قارىغان.[30]

كەمەكلەر بىر قانچە قەبىلىدىن تەركىب تاپقان، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. تۆمۈر قوراللار، ئالتۇن، مىس

بىزەكلەرنى ئىشلەتكەن. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى ئەل ئىدرىسى XII ئەسىردىكى كەمەك خانلىقىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان. مۇشۇ خەرىتىگە ئاساسلانغاندا، كەمەك خانلىقىدا 16 شەھەر بولغان. كەمەكلەرنىڭ سودا، قاتناش ئىشلىرىمۇ گۈللەنگەن. XI ئەسىرگە كەلگەندە كەمەك خانلىقى پارچىلىنىپ، قىپچاق قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. كېيىنچە، كەمەكلەر قىپچاق قەبىلىلىرىگە[31] ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قېتىلىپ كەتكەن.

كەمەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ خېلى قويۇق بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقى كۈچەيگەن زامانلاردا كەمەكلەر يۇرتى ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە كىرگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (840 ـ 1369) ۋە قارا خانىيلار خانلىقى (? 850 ـ 1212) دە بۇ خانلىقلارنىڭ زېمىن دائىرىسى نۆۋەتتە كەلگەندە دەم ـ دەم كەمەكلەرنىڭ يۇرتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان. مەسىلەن، «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە چىن ئېلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى تىبەتلەرنىڭ بىر قىسمى، قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى، شىمالىي تەرىپىمۇ قىنرغىزلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلاردۇر.[32] بۇ خاتىرە IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېزىلغان خاتىرە بولۇپ، «XI ئەسىردىن ئىلگىرى، قىرغىزلار ئەسلىي بۈگۈنكى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ساھىلىدە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان دائىرىنىڭ سىرتىدا ياشايتتى».[33] دېمەك، كەمەكلەر بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىرغىزلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. يەنە ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇج ـ ئەد ـ داخاب» (ئالتۇن يايلاق) (943 — 947 ـ يىللىرى)، پارس جۇغراپىيەشۇناسى گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» (1048 ـ 1052) ناملىق كىتابلىرىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان توققۇز

ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنىڭ زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى كەمەكلەرنىڭ يۇرتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە ئىجتىمائىي پىكىر - چۈشەنچىلىرىدىكى «كەمەك» دەل قەدىمكى زاماندىكى كەمەك قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى:

بىرىنچى، كەمەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار تارىختا مۇئەييەن ئالاقىدە بولغان. ئۇزۇن يىللار قوشنا بولۇپ ياشىغاندىن باشقا، ئوخشاش تېررىتورىيىدە بىللە ھايات كەچۈرگەن، بىر مۇنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەمەكلەرگە قېتىلىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم كەمەكلەر ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

ئىككىنچى، كەمەكلەر تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە قەبىلە بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىنلىق ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە.

ئۈچىنچى، قەدىمكى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە قەبىلە «كىمەك - Kemak - Kemak» لەرنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئوي - تەسەۋۋۇرلاردىكى «كەمەك» دېگەن ئىسىمنىڭ تەلەپپۇزى ئوخشاش بولۇپ، ئارىلىقتىن مىڭ يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ ئىسىمنىڭ تاۋۇشلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولماي، ئەينەن ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن.

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زامان تىل ئىستېمالىدىكى «كەمەك» ئاتالغۇسىنى ئالاقىدار قىلىپ ئىزاھلايدىغان باشقا يىپ ئۇچى ھازىرچە يوق.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى كەمەكلەرنىڭ قەبىلە- قوۋم نامى قانداق قىلىپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا بىر خىل ھەييار، سېھىرگەرلىك قىلىدىغان بەدئىي ئوبرازنىڭ نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان؟ تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، كەمەكلەر ئارىسىدا يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولغان. بۇ ھەقتە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئەرەب شائىرى ۋە ساياھەتچىسى مىسار (تولۇق نامى

ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلغىنىدا (Abu Dulaf Misar bin Almuhalhil) كەمەك (Kaymak) قەبىلىسى ئارىسىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق «رىسالە» (Risala«» ، 941 ـ 943 ـ يىللىرى يېزىلغان) سىدا سۆزلەپ: «ئۇ يەردە بىر تاش بار بولۇپ، يادا تاش دەپ ئاتىلىدىكەن، ھەر دائىم كىشىلەر يامغۇر سۇيىگە ئېھتىياجلىق بولسا بۇ تاشقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يامغۇر ياغدۇرىدىكەن» دېگەن. [34]

يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان بىر خىل سېھىرگەرلىك پائالىيىتى. ئۇنىڭ ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن يازما تارىخى بار. يادا تاش ئەسلىي كېسەل ئات، ئۆكۈز، بۆرە قاتارلىقلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەيلىرىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە يۇملاق، ياكى يالپاقراق يۇملاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتەك، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس ھاۋا رەڭ، كۈل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ، سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ، ياكى چاپىنالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ قات ـ قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. چۆچۈشنى باسىدۇ. بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ. [35] ئۇنىڭ رەڭگى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگىرىش ھاسىل قىلسا كېرەك. بەزى كىشىلەر بۇ خىل تاش ۋاسىتىسى بىلەن يامغۇر ياغدۇرىدىغان سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم مۇنداق پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر «يادىچى» دەپ ئاتالغان.

يادىچىلارنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇش سېھىرگەرلىكىنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغان. بەزىلەر، يادا تېشىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئەملەپ ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك قىلغان. يەنە بەزىلەر يادا تاشنى قولىدا ھەر خىل شەكىلدە ئايلاندۇرۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا چۆرۈپ، كەينىدىن سەكرەپ تۇتۇپ، يەرنى تاقلاپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغان، ئايرىملار بولسا كىچىك يادا تاشلارنى ئاغزىغا سېلىپ، كۆككە قاراپ

پۈرقۈپ، تاقلاپ تۈتۈپ، ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك قىلغان. يادىچىلارمۇ يامغۇر ياغدۇرۇش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە يامغۇرنى توختىتىدىغان سېھىرگەرلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، ئۇلار قارمۇ ياغدۇرارمىش.

كەمەكلەر ئارىسىدىكى يادا تاش سېھىرگەرلىكى باشقا خەلقلەرنىڭ شۇ خىلدىكى سېھىرگەرلىكىگە قارىغاندا ئۆزگىچىرەك بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇلار دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس يادا تاش سېھىرگەرلىرى قاتلىمى شەكىللىنىپ، ئۆز قەبىلىسى دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قوشنا قەبىلە ـ ئۇلۇسلار ئارىسىدىمۇ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ جان باققان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار ئۆز قوۋملىرى ئارىسىغا كېلىپ يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغان سېھىرگەرلەرنى ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىدىغان ئۆز قوۋمى ئىچىدىكى كىشىلەرنى «كەمەك» ياكى «كەمەك ھەييار» دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان دېسەك، تارىخىي ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلىشىپ كەتمەسمىز.

چۆچەكلەر ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەردە كەمەك ئوبرازىنىڭ سەلبىي ئوبرازغا ئايلىنىپ كېتىشى ۋە يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە ئوخشمايدىغان، كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىدىغان جادۇ قىلىش ۋە يامان سېھىرگەرلىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئوبراز بولۇپ قېلىشىمۇ يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. بۇ ھەم ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئوبرازنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە، ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ئىش قوشقانلىقى ۋە پىششىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

يادا تاش سېھىرگەرلىكىنىڭ خاراكتېرىگە كەلسەك، يادا تاشنىڭ ياردىمى بىلەن يامغۇر، قار ياغدۇرۇش قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق بىر خىل

خۇراپىي ھەرىكەت. قەدىمكى زاماندا (شىنجاڭدا ھازىرغىچە بۇ خىل پائالىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ) بەزى كىشىلەر بۇ خىل سېھىرگەرلىككە ئىشەنگەن بولسىمۇ، بەزىلەر ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بۇ خىل پائالىيەتكە باشقىچە قاراشتا بولغانلىقى ئېنىق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە ئىلمىي قاراشتا بولىدىغان دانىشمەنلەر يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلەرگە مەسخىرىلىك پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى مازاق قىلغان، قاملاشمىغان، كۈلكىلىك، كىنايىلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ھەييار ئادەملەر دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قىسىم نادان ئادەملەرنى كولدۇرلىتىپ، قايمۇقتۇرىدىغان بۇنداق يادا تاش سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوبرازى ئەسلىي ماھىيىتىدىن تېخىمۇ بىر بالداق تەرەققىي قىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ، سىرلىق، جادۇگەرلىك قىلىقلىرىنى قىلىدىغان چۆچەكلەردىكى «كەمەك ھەييار» ئوبرازىغا تەرەققىي قىلىپ، بىر خىل سەلبىي تىپ بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تارىخىدا ئاددىي ئوبرازلارنىڭ تىپىك ئوبرازلارغا، ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ سەلبىي ئوبرازغا، سەلبىي ئوبرازنىڭ ئىجابىي ئوبرازغا، بىر مىللەت خەلقى ئارىسىغا ئالمىشىپ كېلىشى، ساقلىنىپ قېلىنىشى، مىللەت ۋە قوۋم نامىنىڭ شەخس نامىغا، شەخس نامىنىڭ مىللەت نامىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئادەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل ھادىسە. كەمەك ھەييار ئوبرازىمۇ قەبىلە نامىدىن شەخس نامىغا، ئىجابىي ئوبرازدىن زامانىمىزغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە سەلبىي ئوبرازغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بەزىلەر كەمەكلەرنىڭ قەبىلە ـ قوۋم سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە غايىب بولغىنىغا ئاز كەم مىڭ يىلچە بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر چۆچەكلىرى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان؛ بىز بىلەلەيدىغان ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئوبراز تۇرسا، بۇنى قانداق قىلىپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەمەك قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن چېتىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە

بولىدۇ، دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئۇيغۇر چۆچەكلىرى يېـقىنقى زامانغا كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي يېقىنقى زاماننىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. نۇرغۇن چۆچەكلەردىكى ۋەقــە ــ ھادىسىلەر، ئوبراز ۋە پېرسوناژلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بەزىلىرىنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقى، ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزىم جـەمـئـيـەت بـاسقۇچىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى كەمەك ۋە كەمەك ھەيىيار ئوبرازىغا كەلسەك، بۇنىڭ چۆچەكلەردىكى كەمەك ھەيىيار ئوبرازى بىلەن سوغدىشىپ، خەلق ئارىسىدا سەيىيارە ئوبراز بولۇپ كەلگەن دېيىش مۇمكىنچىلىكى بار. دېمەك، ئوتتۇرا ئـاسـىـيـا، جـۇمـلىدىن دۇنيادىكى بىر مۇنچە خەلقلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەمەكلەر ياشىغان ۋاقــىت بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەيىيار ئوبرازىنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئايرىمىسى بولسىمۇ، بۇ ئىككى دەۋردە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن «كەمەك» لەرنىڭ روشەن باغلىنىشى بار بولۇپ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى «كەمەك ھەيىيار» ئوبرازى بىۋاستە كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «كەمەك» لەرگە تۇتىشىدۇ، دەپ ھېسابلاش مۇمكىنچىلىكى چوڭ. لېكىن، ئىككى خىل تارىخىي دەۋردە كۆرۈلگەن «كەمەك» چۈشەنچىسىنىڭ ئارىسىغا تـەڭـلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى «كەمەك ھەيىيار» ئوبرازى پەقەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەبىلە نامى «كەمەك» تىن ئىسىم ئالغان ۋە ئۇنىڭ قىسمەن، ئەمما ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. نەتىجىدە قەبىلە نامى «كەمەك» ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بىر مۇتىفى بولۇش رولىنى ئوينىغان.

نـۆۋەتـتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى، جۇملىدىن چۆچەكلەردىكى كەمەك ھەيىيار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشى، تـەسىرى مەسىلىسى مۇھىم بىر نۇقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ ئوبراز توغرۇلۇق يەنىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» مەسىلىسىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ناھايىتى مۇنتىزىملاشقان ۋە سىستېمىلاشقان «مەدەنىيەت» چۈشەنچىسى ھەم «ئۆرپ - ئادەت» قارىشى بار.

«مەدەنىيەت» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇ «مەدىنە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «مەدىنە» - «ماكانلاشماق»، «ئولتۇراقلاشماق» دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر «شەھەر» نى «مەدىنە» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرەبىستاندىكى بىر شەھەر «مەدىنە» دەپ ئاتالغان. «مەدىنە» ئەرەب تىلىدا «مەدەنىيەت» (مدنيه) شەكلىدىمۇ تۇرلەنگەن.

ئۇيغۇر تىلىغا «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ قاچان كىرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردە بۇ سۆز ئىشلىتىلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە بۇ سۆز كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (XIV ئەسىردىن XIX - XX ئەسىرلەر) دە ئاندا - ساندا كىتابىي سۆز تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. غ. غوپۇر، م. ئىبراھىمى، خ. يۇنۇس قاتارلىقلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» ناملىق لۇغەتنىڭ 640 - بېتىدە

مۇنداق ئىزاھلانغان:

«مەدىنە (مدينە)، ئەرەبچە سۆز، شەھەر، ئەرەبىستاندىكى مەدىنە شەھىرى».

«مەدەنى (مدنى) ئەرەبچە سۆز، شەھەرلىك، پىكرى ئېچىلغان، كۆزى ئېچىلغان، مەدەنىيەتلىك، مەدىنە شەھىرلىك كىشى».

«مەدەنىيەت (مدنيەت) ئەرەبچە سۆز، مەدەنىيەت، تەرەققىيات، شەھەرلىشىش».

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكى، بولۇپمۇ 1930 ـ 1940 ـ يىللىرى شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى يەنى مەكتەپ، كىنو ـ تىياتىر، سەنئەت قاتارلىقلارنى باشقۇرغان ئاممىۋى تەشكىلات ــ شىنجاڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشۋىقى پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە كەڭرەك ئىشلىتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. 1940 ـ 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ھەم سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا دائىر كىتاب ـ ئەسەر، ماقالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (1965 ـ 1975) مەزگىلىدە كەڭ خەلق ئاممىسى نەزىرىدە «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ تەسىرى بەك چوڭقۇر بولدى.

«ئۆرپ ـ ئادەت». بۇ ئەرەبچە ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. 1971 ـ يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «ئوكيانوس» (Okyanos) نىڭ III توم، 2243 ـ بەتتە «Orf»، I توم 19 ـ بەتتە «Adet» دېگەن سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سۆز شەكلىدە ئىزاھلانغان. بۇنىڭدىن تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ تىلىدا بۇ سۆزلەرنىڭ يەككە ھالدا قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان «تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» نىڭ 9 ـ بېتىدە:

«adet. ① ئادەت، ئۆرپ ـ ئادەت، مىجەز؛ ② قائىدە ـ يوسۇن؛ ③ ھەيز، ئادەت كۆرمەك» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، 686 ـ بېتىدە:

«orf – ئۆرپ – ئادەت» دەپ ئىزاھلانغان.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆرپ» سۆزى يەككە ئىشلىتىلمەيدۇ، «ئادەت» سۆزى بولسا يەككە ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «Orf-Adät» (ئۆرپ – ئادەت) دەپ بىرىككەن شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى ۋاقىتتىن بېرى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش تەس. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە بۇ سۆزلەر ئىزاھلانمىغان، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» دە بولسا: «ئادەت (ئادت)، ئەرەبچە سۆز، ئادەت، ئۆرپ، ئۇدۇم، ئەنئەنە» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ «ئۆرپ – ئادەت» ۋە «ئۆرپ» دېگەن شەكىللىرى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن «ئۆرپ – ئادەت» دېگەن بىرىكمە سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ – ئادەت» سۆزلىرى ئىشلىتىلمىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئورنىدا قانداق سۆزلەر قوللىنىلغان؟

«ئەردەم» (ärdam) بۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلگەن بىر سۆز. بۇ ئەسلىي «ئەردىنى» (ärdini) يەنى «چوڭ مەرۋايىت، ئۈنچە – مەرۋايىت» («دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» كە قاراڭ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 – يىلى يېزىلغان) دا «ئەردەم» سۆزى «پەزىلەتلىك» مەنىسىدە كەلگەن بولسا، «مايترى سىمىت» ، «قۇتادغۇ بىلىك» تە «ئەخلاق، پەزىلەت» ، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە «ئەدەب – ئەخلاق» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» دە «ئەردىنلىغ» (ärdinligh) «قىممەتلىك، ئاجايىپ» ، «ئالتۇن يارۇق» تىكى «ئەردىنى» (ärdini) بولسا «گۆھەر، قىممەتلىك نەرسە» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. «ئالتۇن يارۇق» ، «قوچودىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە مانى دىنى يادىكارلىقلىرى» دا تىلغا ئېلىنىدىغان «ئەردەملىك» (ärdamlik) «قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بەرگەن. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە

«مەدەنىيەت، مەدەنىي، مەدەنىيەتلىك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىدا «ئەردەم، ئەردەنى، ئەردەملىگ ـ ئەردەملىك» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. ۋەھالەنكى، «ئەردەم» سۆزىنىڭ تۈپ شەكلى «ئەردەنى» (ärdani) سانسكرت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ «مەرۋايىت، گۆھەر، ئەڭگۈشتەر» دېگەن مەنىسى بولغان. [36]يەنە بىر قاراشتا، «ئەردەم» نىڭ «ئەدرەم» شەكلىمۇ بار دېيىلىدۇ. ئۇ مەنبە جەھەتتە (är) (ئەر) دېگەن ئىسىمغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە däm نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، كۆپىنچە «ئەخلاق، پەزىلەت» مەنىسىدە، بەزىدە «ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك، خاسلىق، ئىقتىدارلىق» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان. [37]

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «مەدەنىيەت، مەدەنىيەتلىك» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «ئەردەم، ئەردەملىك» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك كەڭرى ۋە ئالاھىدە مەنىدە «مەدەنىيەت، مەدەنىيەتلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بەرمەستىن، بەلكى شۇ ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ياكى مەلۇم بىر تەرىپىنى ئىپادە قىلغان.

تۆرۈ ـ تورۇ (Töru-Toru). بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بىر سۆز، يەنى «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىن تارتىپ، «مايتىرى سىمىت»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ.

ئالىملار «تۆرۈ ــ تورۇ» نىڭ تارىخىي دەۋرلەردە ھەر قايسى ئەسىرلەردە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ، ئۇنىڭ مەنە ـ مەزمۇنىنى كۆپ تەرەپلىمە يەشكەن. مەسىلەن، رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ۋ. بارتولد (W.Bartold) كونوۋ (Konow) قاتارلىقلار «قانۇن»، «ئۆرپ ـ ئادەت»، «نىزام» دېگەن مەنىدە يەشكەن. «سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەنگەن تۈركىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، (پېتېربورگ، 1905 ـ يىلى، Ⅲ توم، 1 ـ قىسىم، 1254 ـ بەت) دە «ئادەت»، «قانۇن» ۋە

«ھوقۇق» دەپ ئىزاھلانغان. «قەدىمكى تۈركچە - رۇسچە لۇغەت» تە «تەرتىپ»، «قائىدە»، «تۈزۈم» ۋە «قانۇن» دېگەنلىك بولىدۇ دېيىلگەن. «مەركىزىي تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» (An Turkish (Etymological Dictionary of pere Thirteenth Centuri (11.1.1972) دە «Toru» نىڭ «ئەنئەنە»، «قائىدە - قانۇن»، «قانۇن»، «نىزام»، «پەرمان»، «دائىملىق»، «ئادەت»، «جامائەت ئېتىراپ قىلغان قانۇن - نىزام»، «ئىسلام دىنىدا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغان، قەتئىي ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇن»، «رەسىم - يوسۇن» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلىرىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان ھەمدە موڭغۇل تىلىدا «Dore» ياكى «Tore» دېيىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ VIII ئەسىردىكى تۈركلەر تىلىدا «Türktoru» دېيىلىدىغانلىقى، XII ئەسىردىكى ئۇيغۇر مانى، بۇددا دىنىغا دائىر يازما ھۆججەتلەردە ھەم «Toru» دېيىلىدىغانلىقى، XI ئەسىردىكى خاقانىيە تىلى، XV ئەسىردىكى چاغاتاي تىللىرىدىمۇ «Toru»، «Töru» دېيىلىدىغانلىقى شۇ زاماندا يېزىلغان يازما ھۆججەتلەردىن مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن.

ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان «تۆرۈ» (Töru) لەرگە «نەۋائى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (تاشكەنت نەشرى) دە «قائىدە»، «قانۇن»، «ئىنتىزام» ۋە «ئادەت» دەپ تەبىر بېرىلگەن. (ئۆزبېكىستان س س س ر پەن نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 269 - 270 - بەتلەر). [38]

مەيلى نېملا دېمەيلى، «Toru تۈرك ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىغىندىسى» بولۇپ «تۈركىي تىلىدىكى «قەدىم مەدەنى كەلىمىلەرنىڭ بىرى بولغان ‹Toru› تەبىرىنىڭ ئۆتمۈشكە 1600 يىل بولغان». [39]

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئەردەم» «مەدەنىيەت»، «تۆرۈ» «ئۆرپ - ئادەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» چۈشەنچىسىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە

قىممەتلىك ماتېرىياللىق رولىغا ئىگە.

بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائى چۈشەنچىسىدە «مەدەنىيەت» بىلەن «ئۆرپ ـ ئادەت» ئومۇمىي جەھەتتىن (ماكرو نۇقتىدىن) ئايرىم ـ ئايرىم ئۇقۇمغا ئىگە ئاتالغۇ، لېكىن مەلۇم بىر تەرەپتە بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە قاتلىمىدا بەلگىلىك يېقىنلىق ياكى باغلىنىش بار.

«مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 5 ـ توم، 1996 ـ يىلى نەشرى، 91 ـ بەت) دە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

«‹مەدەنىيەت› (ئەرەبچە سۆز)، ① ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى، ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى يىلدىن ـ يىلغا يۇكسەلمەكتە. بۇ يېڭى ئىقتىسادلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېڭى مەدەنىيەتمۇ بولىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى؛ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى، بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى. ③ ‹ئارخېئولوگىيە› دە ئوخشاش بىر تارىخى دەۋردە، تارقىلىش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن، ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ④ يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي ساۋاق؛ تەلىم ـ تەربىيە ئالغانلىق، زىيالىيلىق، مەرىپەت؛ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماق، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى».

بۇ لۇغەتتە «مەدەنىيەت» كە يۇقىرىقىدەك ئومۇمىي خاراكتېرلىق يەشمە بەرگەندىن باشقا، بۇ سۆزدىن «مەدەنىيەت قاتلىمى»، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «مەدەنىيەتپەرۋەر»، «مەدەنىيەت ـ مائارىپ»، «مەدەنىيەتلىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ ياسىلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

«مەدەنىيەت سۆزى» «مەدەنى» شەكلىدە تۇرلىنىپ «مەدەنىيەتكە ئائىت، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى؛ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلىك، مەدەنىيەتنى ئىگىلىگەن، ئوقۇغان، ئوقۇمۇشلۇق» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 5 ـ توم، 92 ـ، 93 ـ بەت). بۇ سۆز «مەدەنىي ھايات، مەدەنىيلەشتۇرمەك، مەدەنىلىك» قاتارلىق شەكىللەرگە تۇرلىنەلەيدۇ.

«ئۆرپ ـ ئادەت» سۆزىگە شۇ كىتابنىڭ 802 ـ بېتىدە مۇنداق يەشمە بېرىلگەن:

«ئۆرپ ـ ئادەت، ئومۇمەن بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىر قەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يوسۇن، ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن».

«ئادەت» سۆزى شۇ كىتابنىڭ 1 ـ توم، 44 ـ بېتىدە مۇنداق ئىزاھلانغان:

«ئادەت (ئەرەبچە سۆز) ① ئۆگىنىپ قالغان ھەرىكەت، قىلىق، ياخشى ئادەت، يامان ئادەت، ئادەت بولۇپ قالماق، ئادەتنىڭ دورىسى يوق، مەسچىتنىڭ مورىسى يوق (ماقال). ② ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ياكى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ۋە كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن تەرتىپ؛ قائىدە ـ يوسۇن، ئەنئەنە، ئۇدۇم؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بىزنىڭ يۇرتتا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئوغۇللار 17 ياشتا، قىزلار 15 ياشتا توي قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. ③ (فىزىئولوگىيە) دە ئاياللار ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىدىغان باليانقۇدا قان ھاسىل بولۇشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە، ئادەت كۆرمەك».

«ئادەت» سۆزى «ئادەت بولماق ـ ئادەتلەنمەك»، «ئادەتتىن تاشقىرى»، «ئادەت قىلماق»، «ئادەت كۆرمەك» «ئادەت كۈچى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدا ئاساس بولغاندىن باشقا، «ئادەتتە»، «ئادەتتىكى»، «ئادەتلەندۇرمەك»، «ئادەتلەندۇرۇلمەك»، «ئادەتلەنمەك»

دېگەندەك شەكىللەردە تۇرلىنەلەيدۇ.

بۇ بىر خىل سۆز يەشمىلىرى ۋە سۆز ئىستېمالىدىن «مەدەنىيەت» بىلەن «ئۆرپ - ئادەت» نىڭ مەزمۇن دائىرىسىدە پەرقىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئوي- پىكىرلىرى، جۈملىدىن خەلق فولكلور خەزىنىسىگە دىققەت بىلەن چوڭقۇر نەزەر تاشلىغىنىمىزدا «مەدەنىيەت» ھەم ئۇنىڭ سۇپەتلەشكەن شەكلى «مەدەنىي» بىلەن «ئۆرپ - ئادەت» ياكى «ئادەت» سۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئىستېمالىدا ھەم خەلق چۈشەنچىسىدە ناھايىتى يوشۇرۇن يېقىنلىق ھەم باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«15 مىنۇت ۋاقىت دېگەن مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت»، «بىلىملىك ئادەملەرنى ‹بۇ مەدەنىيەتلىك ئادەملەر›، دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، دۇنيادا ‹مەدەنىيەت دېگەندىنمۇ ئارتۇق نېمە يوق ئىكەندە›، دەپ ئويلايتتىم» («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 5 - توم، 92 - بەت).

«بىزنىڭ دىن شەرئىتىمىزنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى جاڭجىساغا ئوبدانراق چۈشەندۈرسىلە بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا» («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 5 - توم، 802 - بەت).

«غەربىي رايونلۇقلارنىڭ ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىرىمۇ ناخشا- ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى. ناخشا- ئۇسسۇل ئومۇم خەلق مەدەنىي ھاياتىدىكى دائىمى ھادىسە ئىدى» («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 5 - توم، 93 - بەت).

«بۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى باشقا ئورۇنلارنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى ئىكەن».

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەردىكى «مەدەنىيەت» بىلەن «ئۆرپ - ئادەت، ئادەت» دېگەن سۆزلەر «ياخشى پەزىلەت»، «گۈزەل ئەخلاق»، «ئېسىل ئەنئەنە»، «ئالىيجاناب خىسلەت»، «ئوبدان

كەيپىيات» دېگەنگە ئوخشاش مەنە يېپى بىلەن باغلىنىپ ئاھاڭداشلىققا ئىگە قىلىغان.

بۇلاردىن باشقا «قۇتلۇقنىڭ يۇرتىدىكىلەر مەدەنىيەتلىك ئىكەن»، «سەن ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن جۈملىلەردىكى «مەدەنىيەت» (مەدەنىيەتلىك) سۆزى بىلەن «ئۆرپ - ئادەت» سۆزىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ئوخشاشلىق بار.

دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتى قويۇق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئېسىل ئۆرپ - ئادەت فولكلورىغا ئىگە مىللەت. ئۇلارنىڭ شەخسىي، ئائىلە، مەھەللە ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشى بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ نوپۇزى ۋە چەكلەش كۈچى ناھايىتى چوڭ. بۇ خىل ھادىسىلەر ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مولىلىشىپ ۋە قويۇقلىشىپ كەلگەن، جەۋھىرى شاكىلىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرغان. يېڭى دەۋرگە كەلگەندە، بۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان «قانۇن - تۈزۈم» تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا خەلقنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنى قېلىپقا سېلىپ، تەڭشەپ تۇرغان. مەجبۇرى يولغا قويۇلىدىغان «قانۇن - تۈزۈم» گە ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ تۇرغان.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «مەدەنىيەت» ئومۇمىي جەھەتتىن چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ «ئۆرپ - ئادەت» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئۆرپ - ئادەت» كەڭ مەنىدىكى «مەدەنىيەت» نىڭ مەلۇم بىر مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، «مەدەنىيەت» چۈشەنچىسىدە ئىستىلىستىك ۋە ئېستېتىك تۈس قويۇقراق، «ئۆرپ - ئادەت» تە بولسا سۇسراق ئىپادىلىنىدۇ. «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا نىسبەتەن شەھەرلىكلەرنىڭ چۈشەنچىسى روشەنرەك، شەھەرلىكلەردىكى تۆۋەن قاتلام ئامىمىدا «ئۆرپ - ئادەت» چۈشەنچىسى قويۇقراق. «ئۆرپ - ئادەت» تارىخىي

ئـەنئەنۋى مەدەنىيەتكە قارىتىلىشى ئىنىقراق بولسا، «مەدەنىيەت» نىڭ زامانىۋىلىككە، يېڭىلىققا بولغان مايىللىقى كۈچلۈكرەك.

شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇيغۇرلار چۈشەنچىسىدىكى «مەدەنىيەت» بىلەن «ئۆرپ - ئادەت» نىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمىگە قويغاندا، ئۇلار ئارىسىدا دىئالېكتىك مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشىمىز لازىم ھەم ئۇلار زامانغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ مەزمۇن - خاراكتېرىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم.

# 4. چىمەنگۈل ۋە چىمەن دوپپا

ئەمەستۇر لاپ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقىنىڭ بىر گۈلى كەچتە.

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا،
قايار ھەر كىم لىۋىنى لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە.
.................

چىمەن دوپپاڭ چىمەنزارى بىرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر ئۇستا.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «كۆكلەم» دىن

1

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، ھەر قايسى يۇرتلاردا پەرقلىق دوپپىلار كىيىلگەندىن باشقا كەسىپ، تەبىقە ۋە دەرىجە پەرقى بويىچىمۇ دوپپا كىيىلىدۇ.

چىمەن دوپپا ــ ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، سىپتىلىقى، ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئىچىدە سەرپ بولىدىغان ئىش ۋاقتىنىڭ ئەڭ كۆپ بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن «ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ شاھى» دېگەن نامغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

## 2

چـىـمـەن دوپپـا بـاشقا دوپپىلارغا ئوخشاش قول بىلەن رەختتىن تىكىلىدۇ. تېشىغا كۆك رەڭلىك تاۋار ـ دۇردۇن ياكى سىپتا رەختلەر، ئىچىگە قىزىل رەڭلىك ياكى گۈللۈك بوز رەختلەر، ئىچ ئەستىرىگە ھەر خىـل رەڭـلـىـك بوز رەختلەر، جىيىكىگە قارا دۇخاۋا ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسلىق يىپلىرى ئاق رەڭلىك، قوشۇمچە قارا ۋە جىگەر رەڭ يىپلار، لـوقـشـۇقـقا پۈتۈنلەي قارا يىپ، پىلتىسىغا ھەر خىل قەغەزلەر كېرەك قىلىنىدۇ. دوپپىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئېگىزلىكى 10 ـ 12 سانتىمېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 13 ـ 14 سانتىمېتىر، تۆپـىـسـىـنـىـڭ ئېـگـىـزلـىـكـى 9 ـ 10 سانتىمېتىر، جىيەكىنىڭ ئېگىزلىكى 1 ـ 1.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. تۆت بۇرجەك قىلىپ تىكىلىدۇ. ئاساسلىق گۈل نۇسخىسىغا بۇغداي باشقى شـەكـلـى چۈشۈرۈلىدۇ. ئومۇمىي بېزەك نۇسخىسىدا كۆادىرات ۋە ئۈچ بـۇرجـەك شەكىل قويۇق ئىپادە قىلىنىدۇ. چىمەن دوپپىنىڭ ئومۇمىي كـۆرـىـنـىشىگە نەزەر سالغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا بىر چىمەنزارلىقنىڭ يـىـغىنچاق كۆرىنىشى روشەن ھالدا نامايان بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىقلاشتۇرۇپ بۇ دوپپىنى «چىمەن دوپپا» ياكى «كۆك چىمەن دوپپا» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە «قەشقەر چىمەن دوپپىسى» دېگەن نامىمۇ بار.

چىمەن دوپپا «قاتلىما چىمەن دوپپا» ۋە «قاتلانمايدىغان چىمەن دوپپا» دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن 1980 ـ يىللار بولۇپمۇ 1990 ـ يىللاردىن كېيىن تېگى كاۋا چېچەكى رەڭلىك، گۈلى قارا، يېشىل، كۆكۈش رەڭلىك يەنە بىر خىل «سېرىق چىمەن دوپپا» ياكى «مەللە رەڭلىك چىمەن دوپپا» كىيىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ دېگەندەك ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى. ھازىر ئومۇميۈزلۈك كىيىلىۋاتقىنى يەنىلا «كۆك چىمەن دوپپا» دىن ئىبارەت. بۇ خىل دوپپىنى ئاساسەن ئەرلەر كىيىدۇ.

ئـىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بۇ يىللاردا

بازارغا ماسلىشىش ئۈچۈن چىمەن دوپپىنى ماشىنىدا تىكىش ئىشىمۇ يولغا قويۇلدى.

3

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىمەن دوپپىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك يوسۇندا نامايان قىلىنغان. بىرى، ئۇنىڭ تېگىنىڭ كۆك بولۇشى. ئۇ يايلاق ۋە بوستانلىقنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى ئەلۋەتتە. تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردا «كۆك» رەڭگە چوقۇنغان. ئاسماننى «كۆك» دېگەندىن باشقا قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە «كۆك تەڭرى» ئۇقۇمى نوپۇزىنى ئۇزۇن ئەسىرلەر ساقلاپ كەلگەن. چىمەن دوپپىنىڭ تېگىنىڭ كۆك رەڭدە بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىللىقنى، بوستانلىقنى ۋە كۆك رەڭنى ياخشى كۆرۈش قارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى، بۇغداي باشقى گۈل نۇسخىسى. بۇغداي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ۋە ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. ئىلگىرىكى چاغلاردا كىشىلەر مېھمانغا داستىخان ئېلىپ بارغاندا، بىر يەرگە سوۋغات قىلغاندا، سالامغا بارغاندا ۋە كېسەل يوقلىغاندا بۇغداي ئۇنى نېنى ئېلىپ بارغان. مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان قويغاندا بۇغداي ئۇنى نېنى قويغان. سەپەرگە چىققاندا نان ئېلىۋېلىشنى زادى ئۇنۇتمىغان. خەلق ئارىسىدا كىشىلەرگە قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى گەپ «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بىلەن ئىپادە قىلىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس. شىنجاڭدا بۇغداي ناھايىتى كۆپ تېرىلغاندىن باشقا، بۇغداي تېرىش تارىخىمۇ ئۇزۇن. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، چىمەن دوپپا ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قامداشتا ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.

## 4

چىمەن دوپپىنىڭ ماكانى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردىن ئىبارەت. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوردا ئالدىدىكى دوپپا بازىرىنىڭ راسا قىزىغان چاغلىرىدا بىرىپ كۆرىدىغان بولسىڭىز ۋە ئۇ يەردىكى دۇكانلارغا رەت ـ رەت تىزىپ قويۇلغان دوپپىلارغا نەزەر سالسىڭىز ئاندىن چىمەن دوپپىنىڭ ماكانى مۇشۇ يەر ئىكەن دىمەسلىككە ھەددىڭىز ئەمەس. دىمىسىمۇ ئۇيغۇر چىمەن دوپپىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئائىلە ئاياللىرى ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى قورغان، شامالباغ، نەزەرباغ، سەمەن، پاختەكلە، بەشكرەم قاتارلىق يېزىلاردىكى ئائىلە ئاياللىرى، دېھقان ئاياللار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا تىكىدۇ. ئۇيغۇر چىمەن دوپپىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەشقەر شەھىرىدىكى دوپپا بازىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ، جۇملىدىن دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارايدۇ.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن تا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقىچە بولغان جەرياندا چىمەن دوپپىنى تىكىش ھازىرقىدەك مۇنداق كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشمىغان. بۇنى پەقەت ئازراق قىز ـ چوكانلار تىككەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ ھەر خىل سەۋەبى بار. يەنى، ئىلگىرى چىمەن دوپپا قىممەت، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش تەس ھەم تىكمەك قىيىن بولغانلىقى ئۇچۇن ھەممە ئادەم بۇ خىل دوپپىنى كىيەلمىگەن. پەقەت شەھەردىكى ئوتتۇرا ياش كاسىپلار، دۇكاندارلار، مۇئامىلە ۋە ھەرىكەتلىرى سىلىق، ئىشچان كىشىلەر كىيىشكەن. بەگ ـ ھاكىملار، قازى، مۇددەرىسلەر، ئىمام، ئاقساقاللار، شاگىيۇ، دورغىلار ۋە تۆۋەن قاتلام خەلق ئومۇمەن مۇنداق دوپپىنى كىيمىگەن. شۇنداق بولغاندا چىمەن دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلام ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى كىيەتتى دېيىلسە، تارىخي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 5

چىمەن دوپپىنى ئىلگىرى ئوتتۇرا قاتلام ئائىلە ئاياللىرى تىكىش ئادەتكە ئايلانغان. «خېنىمنىڭ ئىشى يوق، ئىش بىلەن خوشى يوق» دېگەندەك، باي، پومېشچىك، بەگ، ئەمەلدارلار ئائىلىسىدىكى خانىم - قىزلار دوپپا تىكىشتەك ئىنچىكە، سىجىللىقى يۇقىرى ئىشلارنى نەزەرگە ئىلمىغان. تۆۋەن قاتلام ئائىلىلەردىكى خانىم - قىزلار بىر تەرەپتىن ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئېشىنالماي، يەنە بىر تەرەپتىن دوپپا تىكىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەسمايىگە چىقىش قىلالماي، شۇنداقلا تىجارەت ئېڭى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى قىلىپ ئىچكى ۋە تاشقى ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ كويىنى قىلىشمىغان.

## 6

دوپپا تىكىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئەلمىساقتىن بېرى ئاياللار بېجىرىپ كەلگەن. قەشقەر شەھىرى قاتارلىق شەھەر بازارلاردىكى دوپپا بازىرىدا ئەرلەر دۇكاندا ئولتۇرۇپ دوپپا ساتقاندىن باشقا، قەشقەر شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەردە تىكىلگەن چىمەن دوپپىلارنى (باشقا دوپپىلارمۇ شۇنداق) ئاساسەن ئاياللار بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كەسىپ ئېڭىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەرلەرمۇ توپپا تىكىشنىڭ بەزى ئىشلىرىنى، مەسىلەن، پىلتە بېرىش، قېلىپقا سېلىش، تاختىغا سېلىپ بېسىپ سىلىغايتىش، ناۋات سۈيى پۈركۈش، پەردازلاش، بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىش، لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بولغان.

چىمەن دوپپىنى قولى گۈل ئاياللار تىككەن، ئەرلەر كىيىشكەن. بۇ ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت. خانىم - قىزلار دوپپىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل مەقسەتتە تىككەن. بىرى، ئائىلىدىكى

ۋە تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئەركەكلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان؛ ئىككىنچى، قىزلار يىگىتلەرگە سوۋغات قىلىپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن دوپپا تىككەن؛ ئۈچىنچى، بازار ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي كىرىم قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە باش كىيىم، جۈملىدىن دوپپىنى قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ھەدىيە قىلىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىراۋغا سوۋغات قىلىش پەرھىز قىلىنغان. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ باشقىلارغا (قىز - چوكانلارغا، مېھمانلارغا، دوستلىرىغا، ئاتا - ئانا، تۇغقانلىرىغا) سوۋغات قىلىش تۈرمۇش ئادىتىدە بولمىغان. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل. بىر سەۋەب شۇكى، دوپپا پۈتۈنلەي ئاياللار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، دوپپا پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەرلەر قولىغا زادى ئېلىپ باقمايدۇ. مۇنداق قويۇق ئاياللار مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان دوپپىنى ئەرلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقىلارغا سوۋغات قىلىپ بېرىشى مەنتىقىگە ماسلىشالمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ؛ بۇنىڭدىن باشقا ئاساسلىق سەۋەب مۇنداق: ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى بىر خىل «ئىرىملىق» نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بويىچە، باش كىيىمنى ئورۇن راسلاپ ياتقاندا ئاياغ تەرەپتە قويۇشقا، دەسسەشكە، ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا، تەكىيە - ياستۇقلارنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇشقا، كۆيدۈرۈۋېتىشكە، سۇغا - ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىشكە، تۆكۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇنداق قىلسا يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بېشىغا بۆك كىيمەي ھاجەتخانىغا كىرىش، يۇلتۇز، كۈن، ئايلارغا كۆرۈنۈش، تاماق يېيىش، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم مەرىكىلىرىگە قاتنىشىش، قەبرىستانلىققا بېرىش، مەسچىتكە كىرىش گۇناھ بولىدۇ دېگەن قاراش بولغان. بۇ خىل قاراشلار چوڭ شەھەرلەردە بارا - بارا سۇسلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئاھالە رايونلىرىدا ئاجىزلاشمىغان. مۇشۇنداق بىر خىل ئەنئەنىۋى مىللىي چۈشەنچىلەر قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن «باش كىيىم» نى باشقىلارغا سوۋغات قىلىش ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيى ۋە رىزقىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەن بىلەن باراۋەر دېگەن قاراشنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، يېڭى دەۋردە

ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى يېڭىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ «سوۋغات» بېرىش چۈشەنچىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئەزىز مېھمانلارغا ئەرلەرمۇ «چىمەن دوپپا» تەقدىم قىلىپ، يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىزھار قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكتە. بۇنى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىدىكى «ئىسلاھات» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

7

ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا دوپپىلىرىغا ئوخشاش چىمەن دوپپىنىڭ تارىخىمۇ خېلىلا ئۇزۇن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆرىنىشىدە ئىپادىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قاراشلار ۋە ئۇدۇملۇق ئادەت ئۇنىڭ تارىخىنى بىر ياندىن قىياس قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرسە، خەلق ئارىسىدا تارقالغان «چىمەنگۈل ۋە چىمەن دوپپا» دېگەن بىر رىۋايەتنى يەنە بىر ياقتىن ۋاستىلىك يوسۇندا ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ رىۋايەت مۇنداق:

## چىمەنگۈل ۋە چىمەن دوپپا

قەدىمكى زاماندا قەشقەردە قارا خان دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئاي دېسە ئايدىن چىرايلىق، كۈن دېسە كۈندىن چىرايلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قولى ئەپچىل، ئىشچان قىز ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ، ھال ـ ئەھۋالى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ شاھزادىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا باشلاپتۇ. قىز دەل توققۇز ياشقا كىرگەن كۈنى يەتتە پادىشاھلىقنىڭ شاھزادىسىدىن ئەلچى كەپتۇ. تەڭقىسلىقتا قالغان پادىشاھ، قىزنىڭ جاۋاب بېرىشىنى شەرت قىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئەلچىلەرگە 40 كۈن كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە 40 كۈن ئىچىدە يەتتە دانە دوپپا تىكىپ، يەتتە دۆلەتنىڭ ئەلچىسىگە بېرىدىن بېرىپ، دەپتۇكى، سىلەر بۇنى شاھزادىلىرىڭلارغا بېرىڭلار، كىمدە ـ كىم بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رەڭگى نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەسلەپ ماڭا ئۇچۇر يەتكۈزەلىسە شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن. شەرتىم، بىرى توغرا، يەنە بىرى تېز بولسۇن دەپتۇ.

ئەلچىلەر دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ، دوپپىنى بەلباغلىرىغا چىگىپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپتۇ. دوپپىنى ۋە مەلىكىنىڭ شەرتلىرىنى شاھ ۋە شاھزادىلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادىلەرنىڭ بېشى تاشتەك قېتىپتۇ. ئەقلى چېچىلىپ، تىللىرى لال، دىللىرى گاللىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياركەند پادشاھىنىڭ ئوغلى پاقلانباي چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ، دەرھال «نامە» تەييارلاپ، ئەلچىدىن قەشقەرگە يوللاپتۇ.

شەرتنى ئېغىر قويۇپ، تاقىتى تاق بولغان مەلىكە دەل يەتتىنچى كۈنى ياركەند شاھزادىسىنىڭ مۇبارەك مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. خەتتە:

دوپپىنىڭ ئىسمى «چىمەن» (دوپپا)، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى بىلەن بىر؛ دوپپىنىڭ شەكلى مەلىكە تۇرىدىغان چاھار باغدىكى چىمەنلىككە ئوخشىتىلىپ، مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان بۇغداي باشىقىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن؛ دوپپىنى يىگىتلەر بېشىغا كىيىدۇ، بۇ مۇبادا مەلىكە ياتلىق بولۇپ كەتسە، ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرىشىغا ياردىمى بولىدۇ، دېگەن ئۈچ سىر يېشىپ بېرىلگەن.

مەلىكە پاقلانباينىڭ ئەقلىگە تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئەمما، باشقا ئەل شاھزادىلىرىنىڭ جاۋابلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ياركەند ئەلچىسىنى 40 كۈنگىچە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. 40 كۈنگىچە ھېچقانداق يەردىن جاۋاب كەلمەپتۇ.

مەلىكە چىمەنگۈل پاقلانبايغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ھۈنىرىنى قىز ـ چوكانلار بارا ـ بارا ئۆگىنىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىمەن دوپپا ئەل ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلاپتۇ.

بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دوپپىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشتە ۋاستىلىك رولغا ئىگە. يەنى بۇ رىۋايەتتىن بىز بىر تەرەپتىن دوپپىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلالىساق، يەنە بىر تەرەپتىن دوپپىدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىنى ئاڭقىرالايمىز.

## 8

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، كېيىنىش ئادىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە، چىمەن دوپپا قەشقەر شەھىرى دائىرىسىدىن بىۋاستە ئىستېمال قىلىنىشتىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ھاللىق كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سالاپەت ۋە مەرتىۋە ئورنىنى نامايان قىلىدىغان مىللىي بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ رەھبەرلەرگە، قىممەتلىك ۋە ئەزىز دوستلارغا سوۋغات قىلىدىغان ئالىي مىللىي بۇيۇم سۈپىتىدە مۆتىۋەر ئورۇنغا چىقتى. بۇ تارىخنىڭ توغرا تاللىشى، ئۇيغۇرلاردا يېڭى دەۋر مىللەت چۈشەنچىسىنىڭ روشەنلىشىشى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە گۈزەللىك قارىشىنىڭ يۈكسىلىشى. قولى گۈل، چېۋەر ۋە ئەقىللىق خانىم ـ قىزلارنىڭ ئۇيغۇرلار جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىگە قوشقان بۇ قىممەتلىك ھەسسىسىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالدىمىزدىكى مۇھىم بىر خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

## 5. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بوۋا - موملارنىڭ نەۋرە تەربىيىلەشتىكى رولى

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بوۋا - موملار نەۋرە تەربىيىسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى تەربىيە ئادىتى ھەم ئەنئەنىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانلار تەربىيىسىدىكى ئۇنۇملۇك پائالىيىتى — بوۋا - موملار تەربىيىسىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرىۋالالايمىز.

1. قىز - يىگىتلەرنىڭ تۇنجى توي يېشى كىچىكرەك ۋاقىتتا بولۇش. ئادەتتە يىگىتلەر 17 - 18 ياش، قىزلار 16 - 17 يېشىدا توي قىلىشىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى «نىكاھ قانۇنى» بويىچە تويلىشىش ئومۇملاشماقتا. ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە توينىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئاتا - ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. توينىڭ پۈتۈشۈش جەريانىدىمۇ ئاتا - ئانا ۋە بوۋا - موملار يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا يىگىت - قىزلارنىڭ ئائىلىدىكى مۇستەقىللىقى ئاجىزراق بولىدۇ. بۇ ھال بىر ئائىلىنىڭ باشلىنىشىدىلا بوۋا - موملارنىڭ نوپۇزىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

2. يىگىت - قىزلار توي قىلىپلا مەيلى ئاتا - ئانىسى بولسۇن، مەيلى ئۆزلىرى بولسۇن بالدۇرراق پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە يىگىت قىزلار توي قىلىپلا 1 - 2 يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت - قىزلار ياشتا كىچىكرەك، تەجرىبىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىرىنى ئۆزلىرى مۇستەقىل بېقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز كۆز يورۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ 40 كۈنلۈك بولغاندا ئەرنىڭ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغقىچە قىز ئاساسەن

يېتىپ ئارام ئالىدۇ، بالىسىنى قىزنىڭ ئانىسى باقىدۇ. يىگىتنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بالىنى قېيىنئانا بىر مەزگىل باقىدۇ. يىگىت ياكى ئەر تەرەپ بالا يېشىغا يېتىپ ماڭغۇچە بولغان ئارىلىقتا قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ باقمايدۇ.

3. يىگىت ـ قىزلار ئالدىراپ ئۆي ئايرىمايدۇ. كۆپچىلىك ئائىلىلەر بـوۋا ـ موما، ئاتا ـ ئانا، بالا ئۈچ ئەۋلاد بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بالىلىرى كۆپرەك ئائىلىلەردە چوڭ ئوغلى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئائىلە كـەنجـى ئـوغلى بىلەن بىرگە ئولتۇرىدۇ. مەيلى چوڭ ئائىلىدە بىرگە ئولتۇرسۇن، مەيلى بۆلەك بولۇپ ئايرىم ئۆي تۇتقان ئائىلىلەردە بولسۇن بوۋا ـ مومىلارنىڭ تېنى ساغلام، ھال كۈنى ئوبدان بولسىلا نەۋرىلىرىنى 3 ـ 4 ياشقا كىرگۈچە ئۆزى بېقىپ بېرىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ئاساسەن تۇنجى بالىنى بوۋا ـ مومىلارغا باققۇزىدۇ. ئائىلىدە بالا باققۇچى تەكلىپ قـىـلـىـپ بالىغا قارىتىش، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەرلەردە ئازراق ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياشايدىغان يېزىلار، شەھەر ئەتراپى رايونلىرى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ۋە ئىشلەمچىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشمىغان. جۈملىدىن يەسلىدە بالا تـەربـىـيـىـلـەشـمـۇ شەھەرلەردە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، كارخانىلار ۋە شــىـركـەتلەردە ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر قەدەر ئـومۇملاشقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەركىزي شەھەرلەردە بولسا خېلى ئومۇملاشقان. بۈگۈنگىچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بالىلارنى مەكتەپ يېشىغا يەتكىچە ئائىلىدە، بوۋا ـ مومىلار قولىدا تەربىيىلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

4. يىگىت ـ قىزلار توي قىلىپ بالا ـ چاقىلىق بولغاندىن كېيىن، نىكاھنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆزلىرىمۇ ھەم ئاتا ـ ئانىلار (بوۋا ـ مومىلار) مۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەممە بىردەك بالىنى يېتىم قىلماسلىق لازىم دەپ قارايدۇ. خېلى ئېغىر مەسىلىلەر يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ بالىنى يېتىم قـىـلـماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ ئائىلىنى ساقلاپ قالىدۇ. مۇبادا، پەقەت كېلىشەلمىگەن ئەھۋالدا يىگىت ـ قىزلار ئاجرىشىپ كەتكىنىدە، بالىنى

يـەنىـلا ئـاتـا ـ ئانا ياكى بوۋا ـ مومىلار باقىدۇ. يىگىت باشقا بىرىگە ئۆيلەنگەن، قىزمۇ باشقا بىرىگە ياتلىق بولغان تەقدىردە، يېتىم بالا ئۆگەي ئاتا، ئـۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن ئۈچۈن، بەزى ئائىلىلەردە بالا پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانا ياكى بوۋا ـ مومىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، بەزى ئائىلىلەردە مەلۇم ياشقا كىرگۈچە ئاتا ـ ئانا ياكى بوۋا ـ مومىلارنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانا ياكى بوۋا ـ مومىلار نەۋرىسىگە خۇددى ئۆز بالىسىدەكلا قارايدۇ، ھەرگىز ئازار بەرمەيدۇ.

5. بوۋا ـ مومىلار ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقىرىپ نەۋرىلىك بولغاندىن كېيىن ئۆز ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم بۇرىلىش ياسايدۇ. ئۇلار ئەمدى بىز يـەنـىمۇ چوڭ بولدۇق دەپ ھېسابلاپ، تېـخـىمـۇ سالاپـەتلىك يۈرىـدۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، قىلىق ـ ھەرىكەتلەردە ئېغىر ـ بېسىق بـولـىـدۇ. بـالـىلىرى، نەۋرىلىرى بار يەردە ھاراق ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغان، قىلىقسىز ھەرىكەتلەردە بولىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئايالىغا ئـورۇنسىز چېچىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. نەۋرىلىرى، بالىلىرى بار يـەردە ئۇرۇش ـ تالاش قىلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقـىـرىـمـايدۇ. ياكـى ئامـال بار بۇ خىل ھەرىكـەتـلـەردىن ساقلىـنـىـدۇ. بۇ ھال نەۋرىـلـەرنىڭ قـەلـبـىدە بوۋا ـ مومىلارنىڭ ئوبرازى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

6. بـوۋا ـ مومىلار ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا بەكلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى مەنبەسى بولغان ئەمگەك، ھۈنەر ـ كـەسـىپنى بىر كۈنمۇ سۇسلاشتۇرۇپ قويمايدۇ، تېنى ساغلاملا بولسا، ئـۈششاق ـ چۈششەك كىسەللەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچ كىرگىچە تەرتىپلىك ھالدا ئەمگەك پائالىيەتلىرى بـىـلـەن مـەشـغۇل بـولـىـدۇ. ئۇلار ئىقتىسادى ئەھۋالىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن، ئائىلىنىڭ نامراتلىشىپ، جەمەتىنىڭ خارابلىشىپ كېتىشىدىن بـەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قىلچە ھورۇنلۇق قـىـلـماي، تېنىم تاپماي ئىشلەيدۇ. بۇ ھال نەۋرىلەردە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاشلا بوۋا ـ مومىلارنىڭ ئەمگەكنى سۆيىدىغان، مۇشەققەتتىن

قورقمايدىغان، ئىشچان ۋە تىرىشچان قىياپىتىگە نىسبەتەن بىر خىل سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلاردا كىچىككىدىن ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىدىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

7. بوۋا- مومىلار ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، ھەمكارلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىشىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ئاساسەن دادىسىنىڭ (ياكى بوۋىسىنىڭ) قولىدا بولىدۇ. كىرىم- چىقىمنى پىلانلىق تەڭشەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى قۇرامىغا يەتكەنلەر كوللېكتىپ قىلىدۇ. ئەرلەر سىرتتىكى ئىشلارنى، ئاياللار ئۆي- ھويلىدىكى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئائىلە ئەمگىكى ۋە ئىشلىرى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۆزئارا بەس سېلىشمايدۇ. ئەمگەك ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا ۋاقىتقىمۇ دىققەت قىلىنىدۇ. ھەممەيلەن دېگۈدەك بىر ۋاقىتتا ئارام ئېلىپ، بىر ۋاقىتتا ئىشلەپ، تاماقنى داستىخاننى تەييارلاپ، تەڭ غىزالىنىدۇ. تاماقتىن كېيىن بوۋىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۇئا قىلىنىدۇ. بۇلار بالىلاردا كوللېكتىپچانلىق ئېڭىنى ۋە ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ.

8. بوۋا- مومىلار كۆپ ۋاقىتنى ئائىلىدە ئۆتكۈزىدۇ. سىرتلارغا چىقىپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالىدىغان، ئائىلىگە كەچ قايتىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، كۆپ ۋاقىتىنى نەۋرىلىرى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار كۈندۈزدىكى ئەمگەك مەشغۇلاتىدىن كېيىن، دەم ئېلىش كۈنلىرى، قاتتىق سوغۇق بولغان، شامال چىققان، قار ياغقان، ياكى ئۇزۇن قىش كۈنلىرى نەۋرىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوچاق ئەتراپىدا، كاڭدا بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ھېكايە- چۆچەك سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاتا- بوۋىلىرى، ئەجدادىنىڭ تارىخىنى، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى، تۇغقانلىرى ۋە جەمەتىنىڭ ئەھۋالى، يۇرتىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيلىرىنى چوڭ، كەڭ سالىدۇ. كۆپ چاغلاردا، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى بالىلار بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا چوڭلار بىلەن بالىلار بىر ئۆيدە ئۇخلايدۇ. تۈننىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىرىدا چوڭلار ياكى بوۋا- مومىلار پەرزەنتلىرىگە كەچمىش- كەچۈرمىشلىرىنى تەسىرلىك

قىلىپ سۆزلەپ، سەبىي قەلبلەرگە تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭ تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقى ۋە باشقىلار توغرىسىدا ياخشى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بوۋا - مومىلار خۇددى ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاشلا نەۋرىلىرىنىڭ دۈمبىلىرى، باشلىرىنى سىلايدۇ، نەۋرىلەرمۇ بوۋا - مومىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى سىلايدۇ، دۈمبىلىرىنى ئۇۋۇلايدۇ. بۇلار بالىلارغا چوڭقۇر تەربىيە بولىدۇ. ئوقۇغان بوۋا - مومىلار بولسا نەۋرىلىرىگە ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. بەزىلىرى ھۈنەر ئۆگىتىدۇ.

9. بوۋا - مومىلار نەۋرىلىرى يەتتە ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئۇلارنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئىشقا سالىدۇ. ئۆي سۈپۈرۈش، ئاياغ مايلاش، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئائىلە ھايۋانلىرىغا دان، يەم - بوغۇز بېرىش، ئېرىق - كۆلدىن سۇ ئېلىپ كىرىش ۋە قوشنىلارغا بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ بېرىش، ئوت - چۆپ يىغىش، مېۋە - چېۋە يىغىش، باشاق تېرىش، كۆكتات ئېلىپ كېلىش، قوي ۋە باشقا چارۋىلارنى بېقىش قاتارلىق ئىشلارغا سالىدۇ. ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەر ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈزىدۇ. بۇ ئىشلارنى بالىلار چوڭلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزلۈكىدىن قىلىپ كۆنىدۇ. بۇ ھال بالىلاردا ئەمگەكچانلىق روھىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ.

10. بوۋا - مومىلار نەۋرىلىرىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىدە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇرىدۇ. كۆك سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى، ئۈزۈم سەيلىسى دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل سەيلىلەر مەزگىلىدە تۇغقانلارنىڭ، دوستلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش، بىر قانچە كۈن تۇرۇش ئارقىلىق بالىلاردا بىر خىل خۇشاللىق، كەڭتاشالىق، كۆڭۈل ئازادىلىك تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ.

11. بوۋا - مومىلار پەرزەنتلىرىگە ياردەملىشىپ بالىلار يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىش ياكى ھۈنەر ئۆگىتىشكە ئالاھىدە باش قاتۇرىدۇ. ئۇلار ئامال بار نەۋرىلىرىنى ئوقۇتىدۇ ياكى بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «بالىغا ئالتۇن قالدۇرغۇچە بىلىم - ھۈنەر قالدۇر» دەيدىغان ھېكمەت بار.

12. بوۋا ـ مومىلار نەۋرىلىرىنى ئالدىراپ ئۇرۇپ ـ تىللىمايدۇ، سىلكىمەيدۇ ياكى قاتتىق ئەيىبلىمەيدۇ. نەۋرىلىرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ئالدى بىلەن سىلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ. بەزىدە بولمىغۇر ئىشلىرىنى كۆرمەسكە، غەيرىي سۆزلىرىنى ئاڭلىماسقا سالىدۇ. ياشتا ئۆزلىرىدىن چوڭراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى نەسىھەت قىلىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان ئىش بار. ئالدىراپ باللىرى ياكى نەۋرىلىرىگە قاتتىق گەپ قىلىپ قويسا، باللارنىڭ يۈزى قېلىنلىشىپ قالىدۇ، كېيىن گەپ ـ نەسىھەت تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. نەسىھەت قىلغاندىمۇ ئورۇنلۇق، دەل جايىدا گەپ قىلىش، ئارتۇق كايىماسلىق كېرەك، پەقەت گەپ ئاڭلىمىغاندا ئاندىن سەل قاتتىقراق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش لازىم، دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش بار.

13. بوۋا ـ مومىلار نەۋرىلىرىگە كۆيۈنۈش بىلەن تەلەپچان بولۇشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلار نەۋرىلىرىنىڭ سالامەتلىكى، كىيىم ـ كېچىكى، يېمەك ـ ئىچمىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بارلىقىنى بالا ـ نەۋرىلىرىگە سەرپ قىلىدۇ. لېكىن، نەۋرىلىرىگە ھەددى ـ ھېسابسىز يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلمايدۇ. نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىدىغان، ئورۇنسىز تەلىپىنى ھە دېگەندىلا ئورۇنلاپ بېرىدىغان ئىشلارنى ئامال بار قىلمايدۇ. باللارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشىدە، قار، بوران، يامغۇرلارنىڭ كاشىلا قىلىشىغا قارىتا ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە مۇستەقىل قاتنىشىشنى قوللايدۇ.

14. بوۋا ـ مومىلار نەۋرىلىرى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. مەكتەپنىڭ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەش، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. ئائىلىدە نەۋرىلىرىگە ئاڭلىتىپ مەكتەپ ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدۇ. باللارغا مەكتەپتە ئوقۇشقا قىزىقىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ.

15. بالىلارنىڭ ھويلا ۋە مەھەللىلەردە قانغۇدەك ئوينىشىغا يول قويۇلىدۇ. بالىلار مەكتەپ يېشىغا تولغۇچە ھەم مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن كەچتە، دەم ئېلىش كۈنلىرى، ھېيت - بايراملاردا دوستلىرى بىلەن ئەركىن — ئازادە ۋە قانغۇدەك ئوينايدۇ. كىيىم - كېچەك، پۇت - قوللىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنمايدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قويسىمۇ، سىرتتىكى يەل - يېمىشلەرنى يەپ قويسىمۇ، دوستلىرىنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى ياكى دوستلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى بەرگەن نەرسىلەرنى يەپ قويسىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىلمەيدۇ. ئائىلىگە دائىم بەند قىلىۋېلىش، دوستلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرماسلىق بالىلارنى جىمغۇر، ياۋاش قىلىپ قويىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۆگىنىش، ئائىلە ئىشى ۋە ئەركىن ئويناش مۇۋاپىق ماسلاشتۇرىلىدۇ.

16. بالىلارنىڭ بەك قاتتىق ئۆگىنىشىگە بېسىم قىلىنمايدۇ. ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساس، مەجبۇرلاش قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ ئىستىقبالى پۈتۈنلەي ياخشى ئوقۇشقا باغلىق، ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولالمىسا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسە ئۆيگە كىرگۈزمەسلىك، قاتتىق ئۇرۇپ - تىللاش، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ياخشى تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. بالىلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق چىقىش يولى تېپىپ بېرىلىدۇ. ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ، ياكى مەكتەپ تەرەپتىن ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈلگەن بولسىمۇ، بالا - نەۋرىلىرىنى ھەرگىز قاتتىق ئەيىبلىمەي، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، توينى قىلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىدۇ، بالىلىرىنى بېقىپ بېرىدۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن ياكى ئالىي مەكتەپتىن ئايرىلغان بالىلار ئىچىدە ئائىلىسىگە قايتماي، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ قايتىدىن ئويلىنىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى يېڭىۋاشتىن تېپىشقا تىرىشىدۇ. بوۋا - موما، ئاتا - ئانىلىرىغا پۈتۈنلەي يۆلىنىۋالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق

چوڭلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

17. ئائىلىدە ئادەتتە ئەر ـ ئايالالر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسى بوۋا ـ مومىلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالمايدۇ (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركىزىي شەھەرلەردە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بار). «باللارنىڭ ئانىسى، بالىلارنىڭ ئاپىسى، دادا، ئانا، ئاتا، ئاپا، چوڭ دادا، چوڭ ئانا، بوۋا، موما، دادىكا (چوڭ دادا)، ئانىكا (چوڭ ئانا)» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشىدۇ. بۇ خىل ئاتاش بالىلاردا تەبىئىي يوسۇندا بوۋا ـ موما، ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت ياكى ھېيىقىش، ئەيمىنىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. چوڭلار سىرلىق، جەزبىلىك قىياپەتتە كۆرىنىدۇ. ئۇلاردىن سۆيىنىدۇ ھەم ئەيمىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى خۇددى ھېكمەتلىك گەپلەردەك بالىلارغا بەك تەسىر قىلىدۇ. ئائىلىدە چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ پەرقى روشەن ھالدا نامايان بولىدۇ. بالىلارنىڭ قەلبىدە چوڭلارنىڭ ئوبرازى مۇقەددەس دېگەن تۇيغۇ بىسىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

18. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە «ئائىلە» نىڭ تۇتقان ئورنى بەك مۇھىم. يېشى بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق يىگىت ـ قىز چوڭ كېسەل (ئاجىز، ساراڭ) بولمىسىلا توي قىلىشى شەرت. توي قىلغاندا ئىقتىساد ھالقىلىق رول ئوينايدۇ، لېكىن مۇتلەق زۆرۈر شەرت ئەمەس. يىگىت ـ قىزلارنىڭ يېشى چوڭىيىپ توي قىلىشقا تۇتۇناسلىق بەك ئەيىبلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. يۇرت ـ مەھەللىلەردە ئىناق، بالىلىرى كۆپ، ئۇچ، تۆت ئەۋلاد ئائىلىلەر، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، بالىلارنى ئىززەتلەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە بوۋا ـ مومىلار بەك قەدىرلىنىدۇ. ھەممە بىردەك ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، بوۋا ـ مومىلار نەۋرىلەر ئالدىدا ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئۇلاردىن ئەيمىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئالاھىدە قۇلاق سالىدۇ. ئۇلار بار يەردە قىلىقسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، يات جىنسلىق دوستلىرى بىلەن بىرگە تۇرمايدۇ. قاتتىق كۈلىدىغان، چاقچاق قىلىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

مۇقىم، چوڭ ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلار بىلەن باشقىلار تويلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئالاقىلىشىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، بوۋا ـ موملىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆي ئايرىپ كەتكەن، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلمىغان، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغان، مىراس تالاشقان بالىلار يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدە دېگەندەك ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشەلمەيدۇ.

19. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە «ئائىلە» دە بىر خىل گەنئەنىۋى ئېتىكىلىق قاراش ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ. چوڭ ئائىلىدە، بوۋا ـ موما، دادا ـ ئانا، بالا ـ نەۋرىلەر بىر يەردە بولغان چېغىدا ھاراق ئىچىلمەيدۇ، تاماكا چېكىلمەيدۇ. كالتا ئىشتان ۋە ئىچ كۆڭلەك بىلەن ھۇجرىدىن سىرتقا چىقمايدۇ. بەدەننى يۇيۇش، تاھارەت ئېلىش يوشۇرۇن تۇتۇلىدۇ. ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىك ھەققىدىكى شېرىن سۆزلەرنى قىلمايدۇ، سۆيۈشمەيدۇ، قولىنى تۇتمايدۇ، ئەر ـ ئاياللار قول ئېلىشىپ ياكى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ. بىر تۆشەكتە ياتقىنىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيدۇ. بالىلىرى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغۇچە چوڭلار چوقۇم ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇش كېرەك. تاماق يېگەندە باشتا چوڭ دادىغا تاماق كەلتۈرۈلىدۇ، داستىخانغا چوڭ دادا ئاۋۋال قول ئۇزىتىدۇ، دۇئا قىلغاندا چوڭ دادا باشتا دۇئا قىلىدۇ. تاماقلارنى قاچىغا ئۇسۇشنى چوڭ ئانا قىلىدۇ. ئۆي ئىشلىرى، ياماقچىلىق ئىشلىرى، بالا بېقىش، كىر يۇيۇش، ئۆي سۈپۈرۈش، تۆشەك سېلىپ ـ يىغىش قاتارلىقلارنى ئاياللار قىلىدۇ. بالىلار چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدۇ، گەپ قىلىۋاتقاندا لوقما سالمايدۇ، كېرىلمەيدۇ، خەپرۇك چىقارمايدۇ، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇسۇرمايدۇ، ، بىر يەرلىرىنى قاشلىمايدۇ، چۈشكۈرسە ئاغزىنى توسۇپ چۈشكۈرىدۇ. تاماقنى بەك تېز يېيىشكە، چېچىۋېتىشكە، ئاشۇرۇپ قويۇشقا، نان، تاماق ئۇۋاقلىرىغا دەسسەشكە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. باشقىلارنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ، چوڭلارنىڭ كەينىدىن يامان گەپ قىلىش گۇناھ دېيىلىدۇ. قوشنىلارغا ئۆيدە بار نەرسىنى يوق دەپ بەرمىسە شۇ نەرسە يوق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇرۇق ـ

تۇغقانلار، قوشنىلار، مەھەللە- يۇرتتىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئاداۋەت ساقلىماسلىق، يالغان گەپ قىلماسلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ساختىپەزلىك قىلماسلىق قاتارلىق بىر قاتار ئادەتلەر گۈزەل ئەخلاق دەپ قارىلىدۇ. بۇلار بالىلارنى تەربىيىلەشتە رولىنى بەك ياخشى جارىي قىلدۇرىدۇ.

20. بوۋا- موماملار ۋە ئاتا- ئانىلار پەرزەنت- نەۋرە كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ. تۇغماسلىق، بالىسى يوق بولۇش پۈتۈن ئائىلىنىڭ بەختسىزلىكى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز، مەيلى ساغلام، مەيلى ئەيىبناق (ئاجىز) تۇغۇلسۇن بۇ بالا بىزنىڭ بالىمىز، «ئاللا» بەرگەن دەپ قارايدۇ. ئوغۇل بالىنى ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئىزىمىزنى باسقۇچى، چىرىقىمىزنى ئۆچۈرۈپ قويمىغۇچى دەپ ئەتىۋارلىسا، قىز بالىنى «ئاجىز، ئۆينىڭ پەرىشتىسى، ئۆينىڭ گۈلى» دەپ، ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە خارلىنىپ، ياتلىق بولغاندا ئەرنىڭ قولىدا ئازار يەپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى ئالاھىدە تەربىيىلەيدۇ، تۇرمۇشنى ئوبدان غەملەيدۇ. ئاجىز بالىلار تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلارنىمۇ چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ باقىدۇ. ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، خارلىمايدۇ، تاشلىۋەتسە، خارلىسا گۇناھ بولىدۇ، قىيامەت كۈنى سورىقى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «بالا ئۆينىڭ گۈلى»، «بالا يوق ئۆي خۇددى مازارغا ئوخشايدۇ، بالىلىق ئۆي بازارغا ئوخشايدۇ» ياكى «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەج قىلىپ كېلىشنى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ بىلسىمۇ، لېكىن «بالىلىرىنى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلماي تۇرۇپ ھەجگە بارسا ئىبادىتى قوبۇل بولمايدۇ» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشقا رىئايە قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت بالا تەربىيىسىگە نىسبەتەن زور دەرىجىدە ئىجابىي تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بالىلاردا چوڭلار بىزگە مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلگەن يەردە بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئوبدان ئادەم بولۇشىمىز لازىم دېگەن قاراشقا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مېھرى- مۇھەببەت ساقلاپ قېلىنىدۇ. بالىلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەھمىيەتلىك تەسىر قىلىدۇ.

21. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشلار ئادەتتە ئاتا- ئانىلىرى بىلەن بىر

ئورۇندا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىر قورۇدا ئولتۇراقلىشىشنى خالايدۇ (ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چوڭ شەھەرلەردە ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدە مۇستەقىل ياشاش خاھىشى كۆچىيىپ بېرىۋاتىدۇ) . ھېچبولمىدى دېگەندە بىر يېزا، بىر رايون، بىر ناھىيە، بىر شەھەر، بىر ۋىلايەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. دەسلەپكى مۆلچەر ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر دائىرىسىدە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكە- ئاپتونوم رايونلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى خېلىلا تۆۋەن. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى چوڭلارغا تارتىنىش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يېقىن ياشاش ئادىتى نەۋرىلەر - بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن سىرتقى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ياش ئەر - ئاياللار بولسا بالىلىرىنى پات - پات ئېلىپ ئاتا - ئانا، بوۋا - مومىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئاتا- ئانا، بوۋا- مومىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بالىلىرى بىلەن بىرگە تۇرغۇزىدۇ؛ دەم ئېلىش، تەتىل مەزگىللىرىدە، ھېيت- بايراملاردا ياشلار بالىلىرىنى ئاتا - ئانا، بوۋا - موملىرىنىڭ ئۆيىگە بىرگە ئېلىپ بارىدۇ؛ ئۆزلىرى بارالمىسا، بالىلىرىنى مەخسۇس ئەۋەتىدۇ. ياشلار سەپەرگە ياكى سىرتقا خىزمەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن چىقىپ كەتكىنىدە ياكى ئاغرىپ قالغان، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە بالىلىرىنى ئومۇمەن ئاتا - ئانا، بوۋا - موملىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ تۇرغۇزىدۇ. بۇ چاغدا چوڭلار رازىلىق بىلەن نەۋرىلىرىنى باقىدۇ.

22. مۇتلەق كۆپ ياشلارنىڭ بىر ياكى بىر قانچە بالىسىنى ئاتا - ئانىسى بېقىپ بېرىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە چوڭ بالىسى ياكى خالىغان بىر بالىسىنى چوڭلارغا ھەمراھ قىلىپ، ياكى بالا قىلىپ بېرىۋېتىدىغان ئادەتمۇ بار. «شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكىلىق يىلنامىسى 2000» ( 新疆统计年鉴 2000 ) ناملىق كىتابتا 1994 - يىلى 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىكىسىدا

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 345 مىڭ 620 ئىكەنلىكى، بۇنىڭ شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %47.1 نى ئىگىلەيدىغانلىقى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئىچىدە 1995 - يىللىق ئىستاتىستىكىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى ئىچىدە %61.3 ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.[40] مانا مۇشۇ يېزىلاردا ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە ئۈچ ئەۋلاد بىرگە ياشاش ئادىتى ساقلانغان. بۇنداق ئائىلىلەردە ياشلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانسا، چوڭلار يېشىغا توشمىغان بالىلارغا قارايدۇ. شەھەر، بازارلاردا ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىللىرى خىزمەت قىلمىغان بولسا، ياكى چوڭلار پېنسىيىگە چىققان بولسا نەۋرىلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىدە بېقىپ بېرىدۇ.

چوڭلار نەۋرىلەرنى بېقىپ بەرگەندە ياشلار بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى ھېساب يۈز تۇرانە قىلىنمايدۇ، يەنى ياشلار ئاتا - ئانىسىغا سىلەر بالامنى بېقىپ بەرسەڭلار بىر ئايدا سىلەرگە مۇنچە ھەق بېرىمەن، ياكى چوڭلار بالىلىرىغا نەۋرىنى بېقىپ بەرسەم قانچە ھەق بېرىسەن، مۇنچە پۇل بەر، دېگەن شەرتنى قويمايدۇ. چوڭلار خۇددى ئۆز بالىسىغا ئوخشاشلا رازى — رىزالىق بىلەن نەۋرىلىرىنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىدۇ ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ. ياشلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئەجرىگە بىۋاسىتە ھەق ھېسابلاپ پۇل بەرمەي، يوشۇرۇن ياكى ۋاستىلىك يوسۇندا باشقا بىر ئىشلارغا باھانە قىلىپ ھەق بېرىدۇ. يەنى «بالىنى بېقىپ بەرگەن ھەققىڭلار» دەپ ئەمەس، بەلكى بۇ پۇلنى ئازراق بولسىمۇ يېنىڭلارغا سېلىپ قويۇڭلار، سەپەر قىلدىڭلار، ئۆي كۆچتۈڭلار، كېسەلدىن ساقىيىپ چىقتىڭلار، ئائىلىدە مەرىكە ئۆتكۈزدىڭلار، دېگەنگە ئوخشاش سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئاندىن بېرىدۇ ياكى كىيىم - كېچەك تەييارلاپ بېرىدۇ.

23. چوڭلار بالىلار - نەۋرىلەرگە ھېيت - بايراملىق بېرىدىغان ئادەت بار. يەنى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، نورۇز بايرىمى كۈنلىرى چوڭلار بالىلىرى، نەۋرىلىرى، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى، دوستلىرى،

قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغا ھېيت ـ بايراملىق بېرىدۇ، بۇ ئادەتتە «ھېيتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بالىلار ھېيت ـ بايرام بولۇشنى، ھېيتلىق ئېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. ھېيتنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە ھېيتلىق ئېلىش بىلەن بالىلار بەك خۇشال بولىدۇ. ھېيتلىقنى چوڭ دادىمۇ بېرىدىغان بولغاچقا، بالىلار چوڭ دادىلىرىنىڭ ئايەم كۈنلىرى ئۆز ئۆيلىرىگە بۇرۇنراق كېلىشى ياكى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ دادىلىرىنىڭ ئۆيىگە ھەم تېزراق بېرىشىغا تەقەززا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بالىلار چوڭلارنى دائىم سېغىنىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بار بولغان بولىدۇ. بەزى چوڭلار ھېيتلىق بەرگەندىن باشقا نەۋرىلىرىگە كىيىم ـ كېچەك، ئويۇنچۇق، يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاپ بېرىدۇ.

24. كىشىلەر ئارىسىدا بالىلىرىغا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ، چوڭ دادا ـ چوڭ ئانىلىرىنىڭ ۋە باشقا يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەپ ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەتلەر بار. بىر قانچە ئون يىل ئىلگىرى بۇ نىسبەتەن ئومۇمىي بىر خىل ئەھۋال ئىدى. ھازىر سەل ئازىيىپ قالدى. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە چوڭ دادا، چوڭ ئانىلار ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەۋرىلىرىگە رازىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەپ قويىدىغان، يەنە بالىنىڭ ئاتىسىنى بالا ئانىنىڭ قورسىقىدا، ياكى يېشى توشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى بالىسىغا يۆتكەپ قويىدىغان ئادەت ھەم ساقلانغان. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە چوڭلارنىڭ ئىسمىنى قويغان بالا، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان بالا «ئارزۇلۇق بالا» دەپ قارىلىپ، بۇنداق بالىلار ئۆزىنىڭ بىر تۇغقانلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، قارىلىدۇ. بۇنداق بالىلارنى تىللىسا، ئۇرسا، كۆڭلىگە ئازار بەرسە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھى قورىنىدۇ، كۆڭلى ئازابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

25. چوڭ ئاتا ـ چوڭ دادىلار بېقىپ بەرگەن بالىلارمۇ «تەۋەررۇك بالا» دەپ قارىلىدىغان ئەھۋال بار. شۇڭا، بۇنداق بالىلارمۇ ئارزۇلۇق ۋە ئىززەتلىك بالىلار دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر بۇنداق بالىلارنى «ئاتا ـ ئانام بېقىپ بەرگەن»، «ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرى ئىسىم قويۇپ بەرگەن»،

«ئاتا - ئانامنىڭ تۇز تامىقىنى يېگەن»، «ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان»، «بۇنداق باللارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتسەك، ئازار بەرسەك، ئاتا - ئانىمىز گۆردە خاتىرجەم ياتالمايدۇ، روھى ئازابلىنىدۇ، بىزدىن ئاغرىنىدۇ» دېگەن قاراشلارغا رىئايە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت باللار - ياشلاردا «چوڭلار، ئاتا - ئانىلار بېقىپ بەرگەن بالا ئوبدان، ئىززەتلىك بالا بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

26. كىشىلەر ئارىسىدا ئەرلەر ئائىلىدىن ئاجراشماقچى بولسا، بۇ ئايالنى ماڭا ئاتا - ئانام ئېلىپ بەرگەن، ئاتا - ئانام كۆرگەن، ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، ئاتا - ئانامنىڭ تۇز - تامىقىنى يېگەن ياكى ئاتا - ئانام ئايالىمنىڭ قولىدا تۇز - تاماق يېگەن دېگەندەك بانا - سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ ئۆيىنى بۇزماي، نىكاھنى ساقلاپ قالىدىغان ئادەتمۇ ساقلانغان. بۇ خىل ئىشلارنىڭ باللارغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرى تۆۋەن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

27. چوڭلار ياكى بوۋا، موماىلار كېسەل بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان چاغلىرىدا ئۆز ئۆيىدە كۆز يۇمۇشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. قىسمەن ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭلارنى دوختۇرخانىدىن كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتسە ئائىلىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. مۇبادا دوختۇرخانىدا قازا قىلىپ كەتكەن ئەھۋالدا دەرھال ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئاخىرەتلىكى ئۆز ئۆيىدە قىلىنىدۇ، ئۆلۈممۇ شۇ ئۆيدە ئۇزىتىلىدۇ. دوختۇرخانىدىن ئۇزىتىش ئادىتى يوق. ئائىلىدە ئۆلۈم ئۇزىتىلغاندا، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقان، مەھەللە - قوشنىلار، تونۇش - دوستلارغا خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ. باللار، نەۋرىلەر، تۇغقانلار ئاق رەختتە بەل باغلاپ، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ، يىغا - زارە قىلىنىدۇ. نەۋرىلەردىن يەتتە ياشتىن ئاشقانلىرىنىڭ ھەممىسى بەل باغلاپ، قارىلىق تۇتۇپ، يىغلايدۇ. مېيىتنى ئۆيدە قويغاندا ئاياللار، باللار چۆرىسىنى ئايلىنىپ، قۇچاقلاپ، يۈزىنى - يۈزىگە يېقىپ، قوشاق قوشۇپ يىغلاش ئادىتىمۇ بار. مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بارىدىغان چاغدا چوڭلارنىڭ يەتتە ياشتىن يۇقىرى بالىلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرى،

نارەسىدە قىز باللار بەل باغلاپ، قاتتىق يىغا ـ زارە بىلەن قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۆلۈمنىڭ يەتتە نەزىرە، 20 نەزىرە، 40 نەزىرە ۋە يىل نەزىرىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يىغا ـ زارە بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ئۆلۈمنى مۇنداق يىغا ـ زارە، چوڭقۇر مۇسىبەت ۋە داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىش باللارغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار چوڭلار ھەققەتەن ئۇلۇغ، ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى داغدۇغىلىق ئۇزىتىلىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىلدى، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىش تەبىئىي ئىش، ئەلۋەتتە.

28. ئائىلىلەردە چوڭلار، بوۋا ـ مومىلار، ئەجدادلار، جۈملىدىن مەرھۇملارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىسا يامان بولىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھى ئازاپ چېكىدۇ، ئۇلار تىرىكلەرگە مەدەت قىلمايدۇ، دېگەن ئەنئەنىۋى ئادەت بار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىدە، باللار بار يەردە، چوڭلار، مەرھۇملارنىڭ غەيۋىتى قىلىنمايدۇ، ياخشى گېپى قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى سۆزلىنىدۇ. مۇبادا مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلىرى توغرۇلۇق سۆز قىلىنماقچى بولۇنسا بۇ سۆز مەيلى ئىجابىي، مەيلى سەلبىي سۆز بولۇشتىن قەتئىينەزەر «مەرھۇم ياكى رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانامنىڭ روھى ئۇۋۋاتمىغاي (قورۇنۇپ قالمىغاي، ئازابلانمىغاي)» دېگەن سۆزنى دېيىشىپ ئاندىن گەپ باشلايدۇ. بۇلار باللار قەلبىدە چوڭلار، بوۋا ـ مومىلار ئېسىل ئادەملەر، ئۇلۇغ كىشىلەر بولسا كېرەك، دېگەن كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

29. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلىلىرى ئارىسىدا پەيشەنبە كۈنى كىر يۇيسا يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بىر خىل ئادەت بار. سەۋەب شۇ كۈنى چوڭلار، ئاتا ـ ئانىلىرى ياكى ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىنىڭ روھى ئۆز ئۆيلىرى، بالا ـ چاقا، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ يوقلاپ كېتەرمىش. ئۇلارنىڭ روھى پەيشەنبە كۈنى ئۆيدە بولىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇبادا كىر يۇيىلىپ، يۇندا چېچىلىپ قالسا، مەرھۇملارغا چاچراپ كېتىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ روھلىرى ئازار يەپ قالارمىش؛ نۇرغۇن ئائىلىلەردە پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن ياكى كەچتە ياغ پۇرىتىپ، مەرھۇم

ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ياد ئېتىشىدۇ. بۇلارنى باللارغا ئۇقتۇرۇپ قىلىدۇ.

30. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە مازارغا چوقۇنۇش ئادىتى قويۇق ساقلانغان. پەيشەنبە كۈنى سەھەردە، كۆپچىلىك ئائىلىلەردە ھېيت كۈنى باللارنى ئېلىپ، قەبرىستانلىققا بېرىپ، مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلىرى، چوڭلار، بوۋا ـ مومىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشىدۇ، ئاياللار يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ. قەبرىگە بۇغداي ياكى باشقا دانلىق زىرائەتلەرنى سېپىدۇ. چوڭلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيدۇ. مېيت ۋە قەبرىستانلىقلار «مۇقەددەس»، «سىرلىق» بىلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ روھى ئەۋلادلارغا ياخشى ـ يامانلىق تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ، چوڭلارنى ھايات چېغىدا رازى قىلغان بولسا بەختى كېلىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىق ئۆزلىرىنىڭ باللىرىدىن يانىدۇ، چوڭلار ھايات چېغىدا رازى بولمىغان بولسا، ئائىلىسى روناق تاپمايدۇ، باللىرى ئىلگىرى باسمايدۇ، پالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، چوڭلار ئۆلۈپ كەتكىچە ئامال بار ئۇلارنى رازى قىلىش پەرز، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆلۈم رەسمىيەتلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى قەرزلەردىن ئادا ـ جۇدا قىلىپ، داغدۇغا بىلەن يەرلىكىدە چىرايلىق قويۇپ، پات ـ پات بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش باللار قەلبىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئومۇمەن، بوۋا ـ مومىلارنىڭ قەلبىدە باللارغا ـ نەۋرىلەرگە، باللار ـ نەۋرىلەر ئارقىلىق خەلققە تۇتاش، ئۇلار نەۋرىلىرى ئارقىلىق ئەۋرىلىرىنىڭ تەقدىرىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى بولغانلىقتىن پەخىرلىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ نەۋرىلەرمۇ بوۋا ـ مومىلار ئارقىلىق جەمەتى ئەجدادلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىنى بىلەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەر تاپالايدۇ، ھاياتنى قانداق قىلغاندا مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، كەلگۈسىگە سالماق نەزەر تاشلىيالايدۇ، پەرزەنتلىرىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالايدۇ.

بوۋا ـ موما ـ نەۋرىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ھۆجەيرىلىرىنى

تۈتاشتۇرىدىغان ئۆزۈلمەس رىشتە بىلەن مەڭگۈ باغلانغۇسى.

## چۈشۈنۈك ۋە مەنبە كۆرسەتكۈچ

[1] خې شىڭلياڭ «توتېم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى شىركىتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 135 ـ بەت.

[2] مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم، 3 ـ باب، 173 ـ، 175 ـ، 176 ـ، 178 ـ بەتلەر.

[3] «翟» توغرۇلۇق ئىزاھاتلار ھەر خىل، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 25 ـ 220 ـ يىللار) دىكى شۈجېن «خەتلەر ئىزاھاتى» «说文解字» دا ئۇنى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق قىرغاۋۇل دەپ چۈشەندۈرگەن. چىن خانلىقى (265 ـ 420) دەۋرىدىكى گوپۇ «تاغ ـ دېڭىزلار قامۇسى» نى ئىزاھلىغاندا «翟» نى مۇنداق ئىزاھلىغان: «قىرغاۋۇلغا قارىغاندا چوڭراق، قۇيرۇقى ئۇزۇن... بۈركۈت ئائىلىسىگە مەنسۇپ.» دېمەك، دۇەن لىيەنچىن ئەپەندى «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» (خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت) دە گوپۇنىڭ ئىزاھاتى توغرا دەپ قارىغان ھەم «翟» نى «بۈركۈت» (شۇڭقار) دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭدىن باشقىلارمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ.

[4] قارچىغا، بۈركۈت (چاغىرى)، قۇرغۇي، سار، لاچىنلارنىڭ ھەممىسى زوئولوگىيە ئىلمىدە لاچىنسىمانلار ئەترىتى، بۈركۈتسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، تۈرقى ۋە ھەرىكەتلىنىشى ئاساسەن ئوخشاش. بۇ ھەقتە ئابلىمىت ئابدۇقادىرنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرى» دېگەن كىتابى (1990 ـ يىل نەشرى) نىڭ 116 ـ، 129 ـ، 135 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. دېمەك، «翟» شۇڭقار (بۈركۈت) دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، ئۇنداقتا، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «شۇڭقار» ـ قارچىغا، توغرول، بۈركۈت (چاغىرى)، قۇرغۇي، لاچىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

[5] ياڭ شېڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى» («回纥史»)، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

[6]، [7] دۇەن لىيەنچىن «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» (北狄与中山国)، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى،

3 ـ، 4 ـ بەتلەر.
[8] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 22 ـ بەتكە قارالسۇن.
[9] چەرچەندىكى زاغۇنلۇق.قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان كانايسىمان كىگىز قالپاقلارغا يەتتە ياكى توققۇز تالدىن قۇش پېيى قادالغان.
[10] «تارىخي ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.
[11] ۋاڭ گوۋېي «گۇەنتاڭ توپلىمى» ( 观堂集林 ) خەنزۇچە.
[12] تيەن گۋاڭجىن، گو سۇشىن «ئىچكى موڭغۇلدىكى ئارۇسپتتىن تېپىلغان ھۇن يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.
[13] ياڭ شېڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى»، 7 ـ بەت.
[14] جۇۋەينى بۇ قۇشنى «زاغ» دېگەن. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «توڭ قاغا» دېگەن مەنىدە.
[15] جۇۋەينى (پېرسىيە) «تارىخي جاھان كۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 64 ـ بەت.
[16] دوساڭ «موڭغۇل تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ جىلد، 173 ـ بەت.
[17] ئۇۋياڭشۇ «يېڭى تاڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» خەنزۇچە.
[18] جۇۋەينى «تارىخي جاھان كۇشاي»، 1 ـ قىسىم، 63 ـ بەت، خەنزۇچە.
[19] راشىدىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ»، بېيجىڭ، شاڭۋۇ (سودا) نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ كىتاب، 1 ـ قىسىم، 142 ـ، 143 ـ، 144 ـ بەتلەر.
[20] ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ بەت.
[21] مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I ـ توم، 151 ـ بەت.
[22] «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قوشۇ چايدام رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خىزمىتى»، « 考古 » (ئارخېئولوگىيە) ژۇرنىلى، 1959 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان.
[23] ئو. پىرىتساك «مەھمۇد قەشقەرى كىم»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[24] «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى» ، 290 ـ بەت.
[25] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 4 ـ توپلام، 216 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى.
[26] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 3 ـ توپلام، 111 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى.
[27] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، (ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن) 4 ـ توم، 553 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
[28] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ، 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.
[29] «ھۇدۇدۇل ئالەم» ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەنزۇچە مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان، 1983 ـ يىلى نەشرى، 66 ـ بەت.
[30] جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو — غەربنىڭ قاتناش ئالاقە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1977 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 93 ـ ، 94 ـ ، 95 ـ بەتلەر.
[31] «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 93 ـ ، 94 ـ ، 5 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
[32] «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قامۇسى» ، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 131 ـ بەت.
[33] «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ سان، 38 ـ بەت، ئۈرۈمچى.
[34] گىبرىئىل فىرراند (GabrülFirrand ، فرانسىيىلىك) تۈزۈپ ئىزاھلىغان: «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر ھۆججەتلىرىگە شەرھى» ، جۇڭخۇا نەشرياتى، بېيجىڭ 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 233 ـ بەت.
[35] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ، ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 1370 ـ بەت.
[36] ئا. خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان «مايتىرى سىمىت» ، 132 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

[37] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان، 81 ـ بەت.
[38] يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە قانۇن» ، 23 ـ، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
[39] تۈركىيىلىك سەدرى مەخسۇدى سۆزى: «چەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تۈزگەن، 1989 ـ يىلى نەشرى.
[40] بۇ كىتاب جۇڭگو ئىستاتىستىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، شۇ كىتابنىڭ 1 ـ نەشرى 46 ـ بېتىگە قارالسۇن.

# پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار


## *I يېتەكچى ماتېرىياللار*

ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»،

«تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»

«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»

## *II قوللانمىلىق ماتېرىياللار*

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن) I ، II ، III توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» («جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن) خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 - يىل نەشرى.

«جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «مىللەت»، «ئارخېئولوگىيە»، «تىل - يېزىق»، «جۇڭگو ئەدەبىياتى»، «دىن»، «پەلسەپە» توملىرى، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي، 1980 - يىللار خەنزۇچە نەشرى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

«جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى» (گاۋ ۋېندى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، بېيجىڭ.

«شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، (ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، ليۇ ۋېيشى باش مۇھەررىر بولغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»

«ئوغۇزنامە»

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتبەتۇل ھەقايىق»
«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن)
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (ت. ئىلىيوپ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)
مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى»
مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان»
موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»
مۇجىزى «تەۋارىخ مۇسىقىيۇن»
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى سىستېمىسى»، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
«بۇلاق» ژۇرنىلى 1 ـ 65 ـ سانغىچە (1980 ـ 2000 ـ يىللار)

*III. ئاساسىي ماتېرىياللار*

سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى.
بەنگۇ «خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى.
سىماگۇاڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» (زىجىز تۇڭجيەن)، «تۈركلەر، ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما».
لىن گەن «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى.
لىن گەن «تۈرك تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى.
لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلاردىن تاللانما» خەنزۇچە.
دۇەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلار، تېلېلەر ۋە قاڭقىلىقلار».
ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى».
مىگوۋىن (ئامېرىكا) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر»، خەنزۇچە.
خانىدا تورو (يۇتىيەنخېڭ) «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى».
ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە.
ئابىئو تاكىئو (ئەنبۇ جيەنفۇ) «غەربىي ئۇيغۇرىيە خانلىقلىرى تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى.
ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى».
ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە».
ئىبراھىم مۇتىئى «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى».
ئابدۇكېرىم راخمان «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»

يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە.

يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە.

لىن مېيسۈن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە.

فىڭ جياشىڭ، چېڭ سولۇ، موگۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، خەنزۇچە.

شاڭ يەنبىن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە.

«ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن)، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى».

«جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، خاربىن، خەنزۇچە نەشرى.

شۆ زۇڭجېڭ «تۈرك خانلىقى»، خەنزۇچە.

لىن گەن، گاۋزىخاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە.

ياڭ شىڭمىن «ئۇيغۇر تارىخى».

ليۇ يوڭنېڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە.

گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئوچېرىكى»، خەنزۇچە.

ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە».

ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».

ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئا. راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە)، خەنزۇچە.

ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى».

ئا. م. ئىمىن «شىنجاڭ تاش كېمىر سەنئىتى».

شياڭ دا «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە.

چېڭ سولۇ «تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە.

ئا. گابائىن «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، خەنزۇچە.

خۇا تو «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە.

«ئۇيغۇر تارىخى يىلنامىسى» (فىڭ جىۋىن، ۋۇ يىڭفەن تۈزگەن)، خەنزۇچە.

ر. گەنجى «قارا خانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى».

ۋاڭ بىڭخۇا «شىنجاڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە.

سۇڭ تيەن شۈنەن (ياپونىيە) «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە.

مىڭ چىڭبى «يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانلار تارىخى»، خەنزۇچە.

شىن فۇۋېي «جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، خەنزۇچە.

ئەلى مەزھەرى (فرانسىيە) «يىپەك يولى - جۇڭگو - پارس مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، خەنزۇچە.

«جۇڭگو مىللەتلەر تارىخىدىكى تارىخىي شەخسلەر قامۇسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

«جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى ۋە دىنلىرى قامۇسى»، بېيجىڭ شۆيۈەن (ئىلىم گۈلزارى) نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشھۇر كىشىلىرى قامۇسى»، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى»، 1 -، 2 - قىسىم، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 -، 1985 - يىلى نەشرى.

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى»، 1 -، 2 - توم، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

«غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

جى شيەنلىن قاتارلىقلار: «شەرق مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

لۇشۈن، لى گېنپىن: «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخ تەتقىقاتى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

مىگوۋېن (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1958 - يىل نەشرى.

جۇكۇشىڭ: «ئىنسانىيەت مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل نەشرى.

سەي ميېبياۋ قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئومۇمي تارىخى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 ـ يىل نەشرى، 7 ـ توم.

ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.

فاڭ يىڭجيې: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

لوفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو ـ ئىران توغرىسىدا»، سودا نەشرىياتى، 1964 ـ يىل نەشر.

ئا. ستەين: «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

«شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

ب. ۋ. ماسوڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي ئورنى»، «ئارخېئولوگىيىلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، 3 ـ 4 ـ بىرلەشمە سان، ۋېنۋۇ نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل نەشرى.

چېن لاڭۋېي: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

# قوشۇمچە:
# ئاپتورنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچى

## I . نەشر قىلىنغان كىتابلار

### بىرىنچى، شەخسىي نامىدا ئېلان قىلىنغان كىتابلار:


1. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تىزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

2. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1992 ـيىلى باستۇرغان.

3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1993 ـ يىلى باستۇرغان.

4. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1996 ـ يىلى باستۇرغان.

5. «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 ـ قىسىم)، توپلاپ ـ رەتلەپ تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

6. «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

7. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

8. «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

9. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككى قىسىم، (ئاپتورنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

10. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئەشرەپ ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

## ئىككىنچى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان ۋە تۈزگەن ئەسەرلەر

1. «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى؛ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

2. «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ئوقۇتۇش تىزىسلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1987 ـ يىلى باستۇرغان.

3. «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ مىفلىرى ۋە دىنلىرى قامۇسى»، بۇ قامۇسقا ئاپتور يازغان 28 ماددا كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى (شۆيۈەن) نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان.

4. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

5. «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلىرى شەجەرىسى»، تۆت توملۇق، بۇنىڭغا ئاپتور تەييارلىغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، «نىم شېھىت»، «قاسىمجان قەمبىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

6. «ئۇلۇغ شائىر نەۋائى»، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ توپلاپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ماقالىلار توپلىمى.

# Ⅱ . تاماملىغان تەتقىقات تېمىلىرى

## بىرىنچى، شەخسى تاماملىغان تېمىلار

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ، تەستىقلاپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1993 ـ يىلى تاماملانغان.

2. «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ، تەستىقلاپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1993 — 1995 ـ يىللىرى تاماملانغان.

3. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ

مەبلەغ ئاجراتقان. 1997 — 1998 - يىللىرى ئاپتورنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوللېكتىپ تاماملانغان.

### ئىككىنچى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تاماملىغان تېمىلار

1. «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1995 — 1997 - يىللىرى تاماملانغان.

2. «ئۇيغۇرشۇناسلىق»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان. 1995 — 1997 - يىللىرى تاماملانغان.

3. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتەكچىلىك قىلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەشكىللىگەن، 1997 — 2002 - يىللىرى ئىشلەنگەن.

4. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1996 — 1998 - يىلى تاماملانغان.

## Ⅲ. ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى

### بىرىنچى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا:

1. «ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى»، 1983 -يىللىق 2 - ساندا.

2. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، 1986 - يىللىق 4 - ساندا.

3. «‹ئوغۇزنامە› نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا»، 1986 - يىللىق 4 - سان.

4. «قەدىمكى شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار»، 1987 -يىللىق 3 - سان.

5. «جامال قارشى ۋە ‹سۇراخ لۇغىتى› گە ئىلاۋە»، 1988- يىللىق 4- ساندا.

6. «تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە»، 1989 - يىللىق 2 - ساندا.

7. «يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى شىنجاڭ»، ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان، 1990 - يىللىق 3 - ساندا.

8. «ئېلخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، 1991 - يىللىق 4 - ساندا.

9. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئايال ئاپتورلار»، 1993 - يىللىق 3 - ساندا (بۇ ئايشەم ئەھمەد تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خانىم ـ قىزلار دەستۇرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن).

10. «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى»، 1994 ـ يىلى 4 ـ ساندا.

11. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى نەۋائىي»، خەنزۇچە، 1995 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

12. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.

13. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرى ھەققىدە»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

14. «ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى توغرىسىدا»، 1995 ـ يىللىق قوشۇمچە سان.

15. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى»، خەنزۇچە، 1998 ـ يىللىق 1 ـ ساندا؛ بۇ ماقالە جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى، يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 1998 ـ يىللىق 6 ـ توپلىمىغا تاللاپ قايتا ئېلان قىلىنغان.

16. «ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرى»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

17. «نامە ژانىرىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، 2002 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

18. «شېئىرىي رومان ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، 2003 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

**ئىككىنچى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»دا:**

19. «‹ئوغۇزنامە› دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي، ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا نەزەر»، 1985 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

20. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى (مۇقەددىمە)»، 1985 ـ يىللىق 3 ـ ساندا.

21. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ جۇڭشەن بەگلىكى ھەققىدە»، 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 3 ـ ساندا.

22. «‹ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى›نى يېزىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 11 ـ ساندا.

23. «ئۇيغۇرلارنىڭ ھارۋىچىلىقى ھەققىدە»، 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 12 ـ ساندا.

24. «دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، 1987 ـ يىللىق قوشۇمچە 2 ـ ساندا.

25. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى توغرىسىدا»، 1988 ـ

يىللىق 1 ـ سانىدا.
26. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.
27. «ئۇيغۇرلارنىڭ يادا تاش چۈشەنچىسى ھەققىدە»، 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.
28. «شىنجاڭنىڭ قاش تېشى ھەققىدە بىرقانچە ئېنىقلىما»، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.
29. «مەھزۇن ۋە ‹دىۋانى مەھزۇن› ھەققىدە»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.
30. «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.
31. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر»، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.
32. «1680 — 1760 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.
33. «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى»، ئاپتور ئانىسى ياقۇتخان بىلەن بىرلىكتە يازغان، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.
34. «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.
35. «شىنجاڭنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى»، 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.
36. «يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ‹مىفتاھۇل ئۇلۇم› ناملىق ئەسىرىدىكى تىل ۋە سۆز سەنئىتىگە دائىر باياىلىرى ھەققىدە»، 1999 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.
37. «غەربىي يۇرت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي ۋارىسچانلىق مەسىلىسى»، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.
38. «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى ئىلگىيلەر»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.
39. «غەربىي يۇرتنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

**ئۈچىنچى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»دە:**

40. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.
41. «ئارسلان، بۇغرا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى»، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

42. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى»، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

43. «ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

44. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

45. «ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

46. «شىنجاڭدىكى قەدىمكى دىنلار»، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

47. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ ‹ئوغۇزنامە› دىكى ئىزلىرى»، خەنزۇچە، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

48. «شان ـ شەرەپ ئەجىر ـ مېھنەتتىن كېلىدۇ»، مۇھەممەد تۇرسۇن ئېلى بىلەن بىرلىكتە يازغان، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

49. «ئۇيغۇرلار ۋە يەركەن»، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

50. «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىك سۆھبەت »

1) ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تارىخىي ئورنى ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا؛

2) نەۋائىينى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىش مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا؛

3) نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتىكى بىرىنچى ئۆلچەم مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا؛

4) نەۋائى تەتقىقاتىنىڭ مەملىكەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەر ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا؛

5) نەۋائىنى ئۆزبېك شائىرى دېيىش مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا؛

6) نەۋائى بارلاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان دېگەن مەسىلە ۋە باشقىلار، 2002 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا؛

7) نەۋائىينىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مەسىلىسى، 2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا؛

8) نەۋائىينى ئۇيغۇر شائىرى دەپ ھېسابلايدىغانلارنىڭ بارلىقى مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان؛

9) نەۋائىينىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا.

**تۆتىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دا:**

51. «شىنجاڭنىڭ ئوۋچىلىق تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1991 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

52. «شىنجاڭنىڭ تۆمۈرچىلىك تارىخىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

53. «شىنجاڭنىڭ قىغىزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

54. «‹شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى› نى تۈزلەرگە بۆلۈش ھەققىدە»، 1993 ـ يىللىق 3 — 4 ـ بىرلەشمە ساندا.

55. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1995 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە ساندا.

56. «شىنجاڭنىڭ ئالتۇنى ۋە ئالتۇنچىلىقى»، 1997 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە ساندا.

**بەشىنچى، «مىراس» ژۇرنىلىدا:**

57. «‹ئوغۇزنامە› توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 1984 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

58. «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى بىرقىسىم ئۆلچەملىك سانلار توغرىسىدا»، «مىراس» نىڭ قوشۇمچىسى — «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

59. «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىنىڭ پەرقى توغرىسىدا»، 1986 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

60. «ئۇدۇن رىۋايەتلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

61. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىكى توتېملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

62. «ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى ‹مەدەنىيەت› ۋە ‹ئۆرۈپ ـ ئادەت› توغرىسىدا»، 1999 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

63. «خاسىيەتلىك سان ‹9› ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 1999 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

64. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەيىيار ئوبرازى ھەققىدە»، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان.

65. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاق مۇقەددەسلىك قارىشى ھەققىدە»، 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان.

66. «مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مەرىپەت پېشىۋاسى نىم شېھىت»، 2001 ـ يىللىق

1 ـ سان.

**ئالتىنچى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا:**

67. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىر سەيدۇللا»، 1984 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا.

68. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتوڭا»، 1984 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا.

69. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سالى»، 1985 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا.

70. «مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى نەيشەن»، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا.

71. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى — شۆئاڭفۇ»، 1985 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا.

72. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا»، 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

73. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى قارا سۆك مەدەنىيىتى»، 1986 ـ يىللىق 6 ـ سان.

74. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باش ۋەزىر — ليەن شىشەن»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

75. «تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ۋە ئورنى»، 1987 ـ يىللىق 5 ـ سان.

76. «مەشھۇر ئۇيغۇر فىلولوگى چوسكىخۇدزىر»، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

77. «جامال قارشى»، 1988 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا.

78. «ئۇيغۇر ئەدەب شەۋنچ قىيار (گۇەنيۈنشى) ئەسەرلىرى ئامېرىكىدا»، 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا.

79. «يۈەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بوز يەر ئاچقۇچى ئۇيغۇرلار»، 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا.

80. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر گېنېرال چاغان تۆمۈر»، 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

81. «ئۇيغۇرلار ۋە ئالتۇن»، 1995 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا.

82. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدىكى ماددىي مەئىشەت توغرىسىدا»، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

83. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا.

84. «لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئايال سياسىئونى شۇلۈيۈلىدۇ»، 1997 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا.

85. «تارىخىمىزدىكى ئۇستىقۇرۇلما ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر مۆجىزىلىرىمىز ۋە مەشھۇر شەخسلىرىمىز»، 1998 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

86. «ئېتىكا ۋە ئەجدادلار ئېتىكىسىنىڭ جەۋھىرى»، 1998 ـ يىللىق 7 ـ ساندا.

87. «خەمسە ۋە خەمسەچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 1999 ـ يىللىق 11 ـ ساندا.

88. «پاراڭلىشىش ئادىتىمىزگە نېمە بولدى»، 2000 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

89. «قۇرىغار خانئانا قوشاقلىرى»، 2000 ـ يىللىق 10 ـ ساندا.

90. «ئۇستازلار روھىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز»، 2001 ـ يىللىق 3 ـ ساندا.

**يەتتىنچى، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» (شىنجاڭ مەدەنىيىتى) ژۇرنىلىدا:**

91. «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى بەزىبىر ئادەم ئىسىملىرى توغرىسىدا»، 1984 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

92. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كوللېكتىۋىزملىق روھ توغرىسىدا»، 1985 ـ يىللىق 5 ـ ساندا.

**سەككىزىنچى، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» (كىتاب مۇنبىرى)دا ئېلان قىلىنغانلىرى:**

93. «ياخشى يېزىلغان شېئىرلار»، 1981 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە سان.

94. «ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

95. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلىرى»، 1999 ـ يىللىق 3 — 4 ـ ساندا.

96. «سەككاكىلارنى تونۇش ۋە ئۇ ھەقتىكى مەنبە ماتېرىياللار»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

**توققۇزىنچى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»دە:**

97. «سېرىس بىلەن سۇلېنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە قارىشىم»، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

98. «ساكلارنىڭ قەشقەردە قالدۇرغان ئىزلىرى»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

99. «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىگە دائىر قاراشلارغا تولۇقلىما»، 1992 ـ يىللىق 3 ـ ساندا.

100. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى بىلەنمۇ

ئاتالغانلىقى ھەققىدە»، 1993 - يىللىق 2 - سان.

101. «ياۋۇلۇق نامى ھەققىدە»، 1994 - يىللىق 1 - سان.

102. «يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى»، 1994 - يىللىق 2 - سان.

103. «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى»، 1994 - يىللىق 3 - سان.

104. «قازىرىقنىڭ تۇماقچىلىقى ۋە تۇماقچى ئۇستاملار»، ھەمكارلىشىپ يازغان، 1995 - يىللىق 1 - سان.

105. «‹باغراش› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، 2000 - يىللىق 4 - ساندا.

106. «ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن»، 2002 - يىللىق 2 - ساندا.

**ئونىنچى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا:**

107. «ئەرگىنە قۇن رىۋايىتى ھەققىدە»، 1989 - يىللىق 2 - سان.

108. «بۇتۇرمىش تارقان ۋە خۇئاستۇئانىت»، 1990 - يىللىق 4 - سان.

109. «تەھرىر بۆلۈمىگە بىر پارچە خەت»، 1992 - يىللىق 2 - سان.

**ئون بىرىنچى، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»دە:**

110. «قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر ھۆججەتلەر»، 1991 - يىللىق 3 - سان.

111. «يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، 1992 - يىللىق 2 - سان.

112. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك»، 1993 - يىللىق 2 - سان.

**ئون ئىككىنچى، «تارىم»دا:**

113. «رىئاللىقتىكى ھايات كومېدىيىسى»، 1992 - يىللىق 3 - سان.

114. «باللادا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، 2003 - يىللىق 6 - سان.

**ئون ئۈچىنچى، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا:**

115. «مەزلۇملار ئاھى» (دىلبەر دورغا ئەسىرى)، نەشرگە تەييارلانغان، 1982 - يىللىق 2 - سان.

116. «غەربىي تەخەللۇسلۇق شائىرلار»، 2001 - يىللىق 1 - سان.

**ئون تۆتىنچى، «شىنجاڭ سەنئىتى» دە:**

117. «شىنجاڭنىڭ گىلەمچىلىك تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

118. «ناقىس لىرىكىلىرىدا ئون ئىككى مۇقام تەسۋىرى»، 1993 ـ يىللىق 6 ـ سان.

119. «قازرىق سەنئەت كۆرۈزىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

**ئون بەشىنچى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىدا:**

120. «ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى»، 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان.

**ئون ئالتىنچى، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» دا:**

121. «ئېپوس ۋە 〈ئوغۇزنامە〉 نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، 1985 ـ يىللىق تۇنجى سان.

122. «ئوغۇزخان ھەققىدە تەھسىل»، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان، خەنزۇچە.

**ئون يەتتىنچى، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» (لەنجۇ، خەنزۇچە) دا:**

123. «شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان.

124. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

**ئون سەككىزىنچى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (بېيجىڭ، خەنزۇچە) دا:**

125. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدىكى شېئىرلار ھەققىدە ئىزدىنىش»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

126. «ئېلىمىزدىكى نەۋائىي تەتقىقاتىغا دائىر ئەھۋاللار»، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.

**ئون توققۇزىنچى، «مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر» (بېيجىڭ، خەنزۇچە) دا:**

127. «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى

قېزىش ۋە تەتقىقلەش ئەھۋالى»، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.

**يىگىرمىنچى، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (ئۈرۈمچى، خەنزۇچە) دا:**

128. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان.

129. «‹ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلەرگە مۇقەددىمە› ھەققىدە»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان.

**يىگىرمە بىرىنچى، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» دە:**

130. «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مائارىپچىلىرى»، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان.

131. «ئوپالنىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئىشلىرى ھەققىدە» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان.

132. «مەملىكىتىمىزدە موللا موسا سايرامى تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى»، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.

133. «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مەھمۇد قەشقەرى»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

**يىگىرمە ئىككىنچى، «تۇرپانشۇناسلىق» تا:**

134. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتى»، 2000 ـ يىللىق تۇنجى ساندا.

**يىگىرمە ئۈچىنچى، «ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە) دا:**

135. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا دائىر ئۈچ مەسىلە»، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان.

**يىگىرمە تۆتىنچى، «پەن ۋە تۇرمۇش» تا:**

136. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناس قۇسقۇي»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

**يىگىرمە بەشىنچى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە:**

137. «‹موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە› نى ئوقۇغاندىن كېيىن»، 1982 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.
138. «‹ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆچېركلار› نى ئوقۇپ ···»، 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانى.
139. «‹دېڭىزلار، گاۋچىلار ۋە تېپلار» دېگەن كىتاب نەشردىن چىقتى»، 1989 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانى.
140. «شىنجاڭنىڭ كۆمۈرچىلىك ۋە تۆمۈرچىلىكى»، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانى.
141. «دېڭىزلارنىڭ قەدىمكى قاراسۆك (سۇ) مەدەنىيىتى»، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانى.
142. «مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر ‹بەشنامە›»، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.
143. «شەنشى ئۆلكىسىدىكى كۈسەن ناھىيىسى ۋە ۋېنسۇ (ئونسۇ) چوققىسى دېگەن نامىلارنىڭ قويۇلۇشى توغرىسىدا»، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سانى.
144. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى»، 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى سانى.
145. «ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە»، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى سانى.
146. «ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ئىزدىنىش»، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانى.

**يىگىرمە ئالتىنچى، «ئاسىيا كىندىكى» دە:**

147. «‹يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەر سەمەرقەند› دېگەن ماقالىغا قىسقىچە تولۇقلىما»، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.
148. «مەملىكىتىمىزدىكى نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشى»، 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى سانى.

**يىگىرمە يەتتىنچى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» دە:**

149. «‹بىر جۈپ پەرىشتە› ناملىق ئوپېرا ھەققىدە — دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە»، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى.
150. «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى قېزىش يولىدا»؛ «ئاسىيا كىندىكى» 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.

يىگىرمە سەككىزىنچى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە:
151. «تارىخىي رەشىدى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي»، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى سانى.
152. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا»، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سانى.
153. «يۇەن دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر سەيدۇللا»، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.
154. «قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچور تېگىن»، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.
155. «يۇەن دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر مازۇچاڭ»، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى سانى.
156. «تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ يۇرتى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلار ھەققىدە — ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە»، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى سانى.
157. «شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانى.
158. «ئۇيغۇر يازغۇچىسى سەۋۋنچ قىيا ئەسەرلىرى ئامېرىكىدا»، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى سانى.
159. «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى ھەققىدە»، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى سانى.
160. «دىڭىلىڭلار، ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە تېلېلەر» ناملىق كىتاب ھەققىدە، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.
161. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جۇڭشەن بەگلىكى توغرىسىدا»، 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى سانى.
162. «‹جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە مىفلىرى قامۇسى› ھەققىدە»، 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.
163. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە»، 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانى.
164. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى يېڭى قاراش»، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.
165. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر»، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.
166. «ئۇيغۇرلارنىڭ قاپاق ۋە نوگاي بۇيۇملىرى»، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ

3 ـ كۆندىكى سانى.

167. «‹ئوغۇزنامە› نىڭ نۇسخىلىرى توغرىسىدا» ، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۆندىكى سانى.

168. «بالىلارغا ھېيتلىق بېرىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ، 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۆندىكى سانى.

**يىگىرمە توققۇزىنچى، «يېڭى ھايات گېزىتى» (قازاقىستان) دا:**

169. «خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۆندىكى سانى.

**ئوتتۇزىنچى، «كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالە سەھىپىسى» دە ئېلان قىلىنغانلار:**

170. «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈكى» (ھەمكارلىشىپ يازغان) ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 36 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

171. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ شېئىرىي خۇسۇسىيىتى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

172. «ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى نەۋائى» .

173. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش» (بۇ ئىككى ماقالە «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان. )

174. «قازىرىقتا مائارىپ ۋە سەنئەت» (ھەمكارلىشىپ يېزىلغان) ، بۇ ماقالە «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» ناملىق توپلامنىڭ 4 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بېسىلغان.

175. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھەمكارلىشىپ يازغان) ، بۇ ماقالە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 20 يىلى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە بېسىلغان.

176. «نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ، بۇ ماقالە «ئۇلۇغ شائىر نەۋائى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

177. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەلىشىر نەۋائى» ، بۇ ماقالە «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ

يىلى نەشر قىلىنغان.

178. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات — ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

179. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭدا ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، بۇ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

180. «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى قېزىش يولىدىكى تىنىم تاپماس ئەزىمەت»، بۇ «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 11 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

## Ⅳ. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تاللىنىپ ئوقۇلغان، توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلار

181. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى ئىزلىرى»، بۇ 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

182. «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىنىڭ پەرقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، بۇ 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

183. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى»، بۇ 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

184. «شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ‹بۆگۈخان› رىۋايىتى»، بۇ 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ خەيلار شەھرىدە ئېچىلغان «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى» نامىدىكى مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇشقا تاللانغان.

185. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› كە بولغان

تەسىرى» ، بۇ 1993 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان «خەلقئارا ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى «‹قۇتادغۇبىلىك› خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ، 1993 - يىلى خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدا بېسىلغان.

186. «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ، بۇ 1993 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇلدا چاقىرىلغان «شىنجاڭ قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

187. «دولانلار ۋە دولانلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» ، بۇ 1994 - يىلى 10 - ئايدا مەكىتتە چاقىرىلغان «شىنجاڭ دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

188. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 1680 — 1758 - يىللار ئارىلىقىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە» ، بۇ 1994 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

189. «‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك›تىكى ‹قۇش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى› گە دائىر داستان ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋىيلىكى ھەققىدە» ، بۇ 1996 - يىلى 11 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىدا ئوقۇلغان.

190. «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە» ، بۇ 1997 - يىلى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى جەمئىيەت خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان ھەم ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يىغىنىنىڭ «ماقالىلار قىسقىچە توپلىمى» دا خەنزۇچە بېسىلىپ چىققان.

191. «شىنجاڭدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، بۇ ماقالا 1997 - يىلى 6 - ئايدا لەنجۇدا چاقىرىلماقچى بولغان «دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى زاڭزۇشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇشقا تاللىنىپ، «دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى زاڭزۇشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق ماقالىلىرى توپلىمى» تەركىبىدە «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1997 - يىللىق 2 - سانى ھېسابىدا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

192. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مەنسۇبىيىتى ھەققىدە» ، بۇ 1998 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەردە چاقىرىلغان «مەملىكەتلىك ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

193. «ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ

تەتقىق قىلىنىشى»، بۇ 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

194. «ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بوۋا ـ مومىلارنىڭ نەۋرە تەربىيىلەشتىكى رولى»، بۇ 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپونىيىنىڭ فوكۇكۇۋا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان «ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مائارىپ مەدەنىيىتى ساھەسى بويىچە تۆتىنچى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، «ئۇيغۇرلار بىلەن ياپون بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات»ناملىق مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلۈپ، ياپونىيە فۇكۇكۇۋا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى ياپونچە بېسىلغان.

195. «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى ۋە مەھمۇد قەشقىرى»، بۇ 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «جۇڭگو ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

196. «جۇڭگودا موللا بىلال ھەققىدىكى مەلۇماتلار»، بۇ 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالمۇتىدا چاقىرىلغان «شەرق شائىرى موللا بىلال تۇغۇلغانلىقىنىڭ 175 يىللىقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇشقا تاللىنىپ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا كىرگۈزۈلۈپ، بېسىلىپ چىققان.

197. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى»، بۇ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مائارىپ مەدەنىيىتى مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇشقا تاللانغان.

198. «مەملىكىتىمىزدىكى نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، بۇ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ «يىغىن ئىلمىي ماقالىلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

199. «ناقىس لىرىكىلىرىدىكى ئون ئىككى مۇقام تەسۋىرى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش»، بۇ 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

## قوشۇمچە:

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاپ، نەشرگە توپلاش جەھەتلەردە

1. «ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز» «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ( 民间文学 ) ژۇرنىلى (خەنزۇچە، بېيجىڭ) ، 1985 ـ يىلى 9 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان، «مىراس» 1990 ـ يىلى 2 ـ سان.

2. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» (تۆت پارچە) ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـساندا ئېلان قىلىنغان.

3. «رىۋايەتلەر» ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

4. «قەدىمكى رىۋايەتلەر» (ئۈچ پارچە) ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

5. «ئۇدۇن ئىلىنىڭ بىنا قىلىنىشى» ، «مىراس» 1993 ـ يىلى 2 ـ سان.

6. «توختى مۇھەممەد خەلپە» (تارىخىي رىۋايەت) ، «شايار خەلق چۆچەكلىرى» گە كىرگۈزۈلۈپ، 1992 ـ يىلى بېسىلغان.

7. «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى» (ئون بىر پارچە) ، «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

8. «ئافراسىياپ» ، «تارىم غۇنچىلىرى»نىڭ 1996 ـ يىلى 10 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

9. «قىرىق تال چاچ» (رىۋايەت) ، «مىراس» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) ، 1999 ـ يىللىق 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرەم

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە

ئاپتورى: غەيرەتجان ئوسمان

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1168×850مم، 32 فورمات، 13.5 باسما تاۋاق
2003 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 2000
ISBN7 — 228 — 08166 — 8
باھاسى: 16.80 يۈەن